# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى

4

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ
# تارىخ ماتېرىياللىرى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى
ش ئۇ ئا ر كومىتېتى تارىخ
ماتېرىياللار تەتقىقات ھەيئىتى

4

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


شىنجاڭنىڭ 25 - سېنتەبىر تىنچ ھەققەتكە ئۆتۈش جەريانى
......... چېن فاڭيو، بەي ۋېيۇ، لىيۇ يۈكشياڭ (1)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

جۇجۇڭنىڭ ھەققەتكە ئۆتۈش جەريانى
......... پېڭ مىگدىڭ (44)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەققەتكە ئۆتۈش
خاتىرىلىرى ......... لى تاڭمىڭ (63)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

قەشقەر رايونىنىڭ تىنچ ئازات بولۇشىغا دائىر بەزەن
ئەسلىمىلەر ......... ماپىڭلىڭ (83)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

شىنجاڭ تىنچ ھەققەتكە ئۆتۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە
كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم ......... دۇشۈيزىڭ (98)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

شىنجاڭنىڭ ھەققەتكە ئۆتۈش ۋاقتىدىكى بىر نەچچە
ۋەقەلەر ......... چېن شىمىڭ (118)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)


# شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى
## (4)


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ 7220 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1981 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
1981 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098·85
باھاسى: 0·59 يۈەن
(ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ)

خېيشىنىڭ ئىچ ئازات بولۇشى ۋە يۇيمىن نېفىت كانىنى
ساقلاپ قېلىشقا دائىر ئەسلىمىلەر
.................................. تاڭ زۇتەن (134)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

ئىچ ئازات بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۈرۈمچى
.................................. زەن يۈيلىن (146)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

جۇبيەن بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇشتىن
ئىلگىرى ۋە كېيىن شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىش-
لىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى .................. جى لو (166)
(كې فېيلىن تەرجىمىسى)

ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ترانسپورت باش ئىدارىسىنىڭ
قۇرۇلۇش جەريانى ...................... پەن جۇيى (187)
(كې فېيلىن تەرجىمىسى)

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭدا بولغان
ئاغرىق - سالاق ۋە شۇ چاغدىكى تىبابەتچىلىك -
دورىگەرلىك ھەم سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى
.................................. جى لو (193)
(كې فېيلىن تەرجىمىسى)

شىنجاڭ - سوۋېت شىركىتىنى ئەسلەش
.................................. گوڭ بىچىڭ (215)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

1932 - 1933 - يىللار جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىدىن
ئەسلىمە .............................. خېۋىر تۆمۈر (234)
ئوسمان تۇغرۇلىق ئازغىنە ئەھۋاللار
.................................. خەن يۇۋېن (274)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

ۋۇجىڭبىڭ بىلەن خېجىڭغا بېرىپ ھال سوراش جەريانى
.................................. سەي جىڭسىڭ (281)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

ۋاڭ گاۋشېڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوت قويغانلىقى توغرىسىدىكى
كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم .............. پەن زۇخۇەن (295)
(ئابلىمىت تەرجىمىسى)

«شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە چەتئەل
تەۋەلىكىدىكى دىنىي جەمئىيەتلەر توغرىسىدا
.................................. جى ليو (304)
(ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى)

# شىنجاڭنىڭ 25 - سېنتەبىر تىنچ ھەققەتكە ئۆتۈش جەريانى

## چېن فاڭبو، بەي ۋېنيۇ، ليۇ يۇڭشياڭ

**(1)**

لياۋنىڭ - شېنياڭ جەڭنىسى (جېڭى) غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى غەلىبىسىرى ئالغا بېسىپ، ئارقا - ئارقىدىن بېيپىڭ، تيەنجىن - ئىككى مۇھىم ئورۇننى ئازات قىلدى بولۇپمۇ خۇەيخەي جەڭنىسىدە گومىنداڭنىڭ ئاتالمىش خىللانغان قىسىملىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يۈزلەنگەن ھالاكەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى يوقلۇقىغا كۆزى يەتتى. ئەمما ھاردۇق ئېلىۋېلىش پۇرسىتى ئىزلەپ، قايتىدىن ئەسكىرىي كۈچىنى توپلاپ ئۇرۇش قوزغاش مەقسىتىدە 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، جاڭ جىجۇڭ باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن تىنچلىق سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بېيجىڭغا ئەۋەتتى. يېرىم ئايدەك سۆھبەتلىشىش - كېڭەشىش ئارقىسىدا تىنچلىق كېلىشىمنامىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، 15 - ئاپرېل كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر

ئۈمىدىگە تاپشۇردى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بۇ كېلىشىمنى رەت قىلدى. سۆھبەت ئاخىرىدا مەغلۇپ بولدى. جاڭ جىجۇڭ بىلەن بېيجىڭگە بېرىپ سۆھبەتكە قاتناشقان ۋەكىل چۈي ۋۇ (ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى) نەنجىڭگە قايتىپ كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىپى ليۇ مىڭچۈن بىلەن ئايروپىلاندا شىنجاڭغا قايتتى. بۇلار شىنجاڭغا كېلىپ تاۋ سىيۇ، بۇرھان شەھىدى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك خادىملار بىلەن شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش ھەرىكىتىگە كىرىشتى.

شۇ يىلى 5 - ئاي ئىچىدە ليۇ مىڭچۈننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۈرۈمچى خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ليۇ يۇڭشياڭ خەنزۇ ئۇيۇشمىسىنىڭ نامىدا ھەرقايسى ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما باشلىقلىرىنى ئۈرۈمچىگە چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. تەكلىپ بويىچە چۈي ۋۇ تەنپەنگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە دوكلات بەردى، ليۇ مىڭچۈنمۇ ئىچكى ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزى شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇش يولىغا ماڭىدىغانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئىدىيىدە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىنىڭ لازىملىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ليۇ يۇڭشياڭ يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلەرگە قايتقاندىن كېيىن كۆپرەك جامائەت پىكرى تەييارلاش خىزمىتىنى ئىشلەپ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقان ھالدا، قوراللىق توقۇنۇشقا قارشى تۇرۇپ بالدۇرراق شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ئازات بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەتلەندۈردى. بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، تىنچ يول بىلەن ئازات بولۇشنىڭ سادالىرى، تىيانشاننىڭ



جەنۇبى ۋە شىمالىدا كەڭ تارقىلىپ، كېيىنكى ھەقىقەتكە ئۆتۈش ھەرىكىتى ئۈچۈن پىكىر ئاساسى ياراتتى.

جاڭ جىجۇڭ بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن، ليۇ مىڭچۈن، چۈي ۋۇلار شۇ چاغدىكى قورچاق شىنجاڭ پوچتا تېلېگراف باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جاكچۈەندىن ئامال قىلىپ بېيجىڭ بىلەن تېلېگرامما مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى. ۋاڭ جاكچۈەن ۋە تېلېگرامما خادىملىرى بېيجىڭ ئىستانسىسىنى تاپالماي، ئاخىرى سوۋېت ئىستانسىسى بىلەن ئالاقە باغلىدى (ئۇ ۋاقىتتا سوۋېتتە دۆڭ چىۋۇ قوشۇنىنى باشلاپ ھەقىقەتكە ئۆتكەن ئىدى) ئاندىن سوۋېت ئارقىلىق بېيجىڭ بىلەن ئالاقە باغلىدى.

1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرى، جاڭ جىجۇڭ بېيجىڭدىن باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈنگە تېلېگرامما ئەۋەتتى، مەزمۇنى: «...سىلەردىن تىرىشىپ شىنجاڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىنى ساقلىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ۋاقتىمىز ئانچە ئۇزاققا بارمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. تېلېگراممىنى ليۇ مىڭچۈن ئايرىم ھالدا بىزگە كۆرسەتتى ھەمدە جاڭنىڭ غەرىزىنى چۈشەندۈرۈپ: رېئاللىقنى كۆرمەي بولمايدۇ. گومىنداڭ بولمايدۇ، دىمۇقمۇ بولمايدۇ، يېڭەلمەيدۇ، دىمۇقمۇ يېڭەلمەيدۇ. ئۇتتۇرۇپ قويغاننى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇ. بىز تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە تۇراقلىقنى ساقلاپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈش تەييارلىقىنى كۆرۈپ، تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك" دېدى. شۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ

ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ، تېز ئازات بولۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما، شىنجاڭنى تېز يول بىلەن ئازات قىلىش مەقسىدىگە يېتىش ئۇنداق ئاسانغا توختايدىغان ئىش بولماستىن مەلۇم تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلەتتى. زور كۈچ بىلەن پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، گومىنداڭ تەركىۋىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە باشقا ساھە خادىملىرىنى ئازدۇر - كۆپتۇر سىياسەتتىن خەۋەردار قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشكە بولىدىغان بارلىق كىشىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا بولىدىغان كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بىلەن بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈشنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىنى ياخشى ئىشلەپ، تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن شىنجاڭنى ئازات قىلىپ، پارلاق يولغا قاراپ مېڭىش لازىم ئىدى.

(2)

ھەقىقەتكە ئۆتۈش مەسىلىسىگە مەيلى ئارمىيە ياكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىچىدە بولسۇن، ھەر خىل كۆز قاراشلار بولۇپ، ھەر قايسىسى ئۆز كۆز قاراشلىرى بويىچە ئوخشىمىغان پوزىتسىيىدە بولدى.

ۋەتەننى سۆيىدىغان، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى بىر قەدەر چۈشىنىدىغان بىر قىسىم كىشىلەر، بولۇپمۇ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى باش ئىشتابىنىڭ 1947 - يىلى ئوكتەبىردە ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ خىتابنامىسى»دا جاكالانغان: «باش جىنايەتچىلەرنى جەزمەن جازالاش، مەجبۇرى



ئەگەشكۈچىلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش» سىياسىتىنى، شۇنىڭدەك 1949 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ماۋجۇشىنىڭ: «نەنجىڭ ھۆكۈمىتى نەگە بارىدۇ؟» دېگەن شانلىق ئەسىرىدە كۆرسەتكەن: «ۋاقىت بۈگۈنكى كۈنگە يەتتى، ئەمدى قۇرۇق گەپلەرنى قويۇڭلار، بىرەر ئەمەلىي ئىش قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىپ، جىنايىتىڭلارنى يۇيۇڭلار، ياخشى» دېگەن ئاگاھلاندۇرۇشنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە ئۆتۈش جەريانىدا، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، خەلققە، پارتىيىگە ئاكتىپ يېقىنلىشىپ خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇپ، خەلقنىڭ كەچۈرۈشىنى ۋە ئەپۇ قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى خالايتتى. ئەمما يەنە بىر قىسىم گومىنداڭچىلار، يەرلىك فېئودال كۈچلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى جاھىل ئۇنسۇرلار، ئەكسىيەتچىل مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى تۇرۇش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولاتتى. لېكىن ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئىشى ئاللىقاچان تارىخنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغان ئىدى. خەلقنىڭ بۇ ئارزۇسىنى توساپ قالغىلى بولمايتتى. ھەقىقەتەنمۇ پارتىيە سىياسىتىنىڭ نۇرى چېگرا رايوننى يورۇتۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىنى خۇشال قىلغان ئىدى. كۆپچىلىك بۇ پارلاق كۈنلەرنىڭ پاتراق كېلىشىنى كۈتەتتى.

ھەقىقەتكە ئۆتۈشنىڭ ئۇتۇقلۇق ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى، پارتىيە سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرغاندىن تاشقىرى يەنە غايەت زور دەرىجىدە ئار-

مېيىگە باغلىق ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنى ئاتاقتا يۈز مىڭ كىشى ئىدى. گەرچە بۇ قوشۇن گومىنداڭنى مەغلۇپ بولۇشتەك پاجىئەلىك ئاقىۋەتتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتىشىدا، مەلۇم بۇزغۇنچىلىق رولىنى ئوينىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ چاغدا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملاردىكى باشلىقلار ئىچىدە، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى تاۋ شىيۆ، مائاۋىن باش قوماندان جاۋشىڭگۇاڭ، سەنمۇجاڭ تاۋجىنچۇ، غەربىي شىمال ئەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مىشۇجاڭى ليۇ مىڭچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئامانلىق قوغداش مۇئاۋىن باش قوماندانى جاڭ فىڭيى، ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ شىجاڭى خەن يۇۋېن قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە قايتىپ شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلار ئىدى. ئۇلار شىنجاڭدىكى قوشۇنلارنىڭ ئالىي رەھبىرى، شۇنداقلا ھەربىي جەھەتتىكى ھەقىقەتكە قايتقۇچىلارنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ئىدى. ھالبۇكى ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ كوماندىرى ما چىڭشياڭ، 78 - دىۋىزىيە كوماندىرى يې چېڭ، 179 - بىرىگادا كوماندىرى لوشۇرېن قاتارلىقلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى تۇرۇش كۈچىنىمۇ تۆۋەن چاغلىغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇدەك قوراللىق كۈچ بار ئىدى. مۇبادا مۇۋاپىق ئىستراتېگىيە قوللىنىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنمايدىغان بولسا، ھەقىقەتكە قايتىشتا، ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان بۇزغۇنچىلىقلار كېلىپ چىقاتتى.



بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەن قاتلامدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقۇرى قاتلامدىكى جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى تازىلاش ۋە يىتىم قالدۇرۇش ئاساسىي ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ قالغان ئىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، گەرچە ھەربىي قوشۇن ھەقىقەتكە ئۆتۈشتە ئاساسىي كۈچ بولسىمۇ، ئەمما مەمۇرىي جەھەتتىكى ماسلىشىش بولمىسا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بولمىسا، ھەربىي بىلەن ھوكۇمەت ھەمكارلىشالمايدىغان بولسا، ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئىشى مۇشكۇللىشەتتى. مەيلى قايسى تەرەپتىن مەسىلە سادىر بولمىسۇن، ھەممىسى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر قىلاتتى. شۇ ۋاقىتتا قورچاق ئۆلكىلىك ھوكۇمەتتە ھەقىقەتكە ئۆتۈش ۋە ئۆتمەسلىك كۈرەشلىرى ناھايىتى كەسكىن بولدى.

ئۆلكىلىك ھوكۇمەت ھەيئەتلىرى ئىچىدە، تامامەن ئوخشاش بولمىغان ئىككى سەپ بار ئىدى. ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدى، باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھوكۇمەت باشلىقى چۇي ۋۇ، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى پەي ۋېنيۇ، تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ليۇدېئېن، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى چېن فاكيو، جەمئىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ليۇيۇڭشياڭ، مۇئاۋىن باشلىقى ئېردەنى، تىل مەكتىۋىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جوڭ دىخوا، ھەيئەت ليۇشاۋلى قاتارلىقلار ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى قوللايدىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتكە قايتىش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بۇرھان شەھىدى، ليۇ مىڭچۈن، چۇي ۋۇ

قاتارلىقلار بولسا ھەقىقەتكە ئوتتۇشتا رەھبەرلىك يادروسى ئىدى. تەمىرات نازىرى مۇھەممەت ئىمىن، خەلق ئىشلار نازىرى ۋاڭزېڭشەن، مالىيە نازىرى جانىمقان قاتارلىق 3 كىشى ھەقىقەتكە ئوتتۇشكە قارشى تۇرغۇچى جاھىللار ئىدى. ئۇلار ھەقىقەتكە ئوتتۇشكە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئاخىرىغىچە تىرىشىپ كورەشچى بولۇشتى. ئەمما ئومۇمى ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى ئاستىدا مۇھەممەت ئىمىن، ۋاڭزېڭشەنلەر چەتئەلگە، جانىمقان ئۈرۈمچى نەنسەنگە قېچىپ كەتتى. جانىمقان ئۇلانبايغا بارغاندا بۇرھان شەھىدى بەيۋېنيۇنى ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلدى. ئەھۋالنىڭ ئوتتۇشى مۇنداق ئىدى: 1949 - يىلى مايدىن كېيىن قورچاق مالىيە نازىرى جانىمقان پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئۇلانبايغا كوچۇپ چىقىۋېلىپ نازارەتكە ئىشقا كەلمەيتتى. نازىرىدىن سورۇلىدىغان يوليورۇق، ئەستىق سالىدىغان خەت - ئالاقىلارنى نازارەتنىڭ مۇئاۋىن كاتىۋى نىغمەن (قازاق) ئارقىلىق ھەر 2 - 3 كۈندە بىر قېتىم بېرىپ، يوليورۇق سوراپ كېلەتتى. ئاۋغۇستنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە باش كاتىپ ليۇمىڭچۇنلەر بەيۋېنيۇنى رەئىس ئىشخانىسىغا چاقىرىپ: «جانىمقان ئۇلانبايغا كوچۇپ چىقىۋالغىلى بىر نەچچە ئاي بولدى. نازارەتكە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خىزمەتكە تەسىر يېتىۋاتىدۇ. سىز ئۇلانبايغا چىقىپ بىزگە ۋاكالىتەن ئۇنىڭدىن ھال - ئەھۋال سورىغاچ، گېپى كەلگەندە ئۇنىڭ شەھەرگە قايتىپ كېلىشىگە نەسىھەت قىلىپ كورۇڭ! ئۇ كىشى قايتىپ كەلسە ھەقىقەتكە ئوتتۇش قاتارلىق ئىشلارنى مەسلىھەتلىشىشكە



ئوڭاي بولاتتى» دېدى. بەيۋېنيۇ 2 - كۈنى ئەتىگەندە ئۇلانبايغا بېرىپ جانىمقان بىلەن كورۇشتى. بۇرھان شەھىدى ۋە ليۇمىڭچۇنلەرنىڭ سالىمىنى ۋە پىكىرلىرىنى يەتكۈزدى. جانىمقاننىڭ كاتىۋى قابى موللا تەرجىمانلىق قىلدى. جانىمقان ئاڭلاپلا ناھايىتى ئاچچىقلاندى ۋە ئارقىدىن بەيگە: «مەن بۇرھاننىڭ سوزىگە ئىشەنمەيمەن، سىلەر كوممۇنىستلارغا تەسلىم بولماقچى، مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. مەن بولسام مۇسۇلمان، مەن كوممۇنىزىمغا ئىشەنمەيمەن، مەن سىلەرنىڭ ھەركىتىڭلەرگە قوشۇلمايمەن. مەن بۇ يەردە ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن، شەھەرگە قايتىپ بارمايمەن. ئۇلارنىمۇ كورمەيمەن، سىلەرنىڭ ئالدام خالتاڭلارغا ئەندى چۈشمەيمەن. سەن مېنىڭ سوزلىرىمنى ئۇلارغا يەتكۈزۈپ قوي، مەن ھەرگىز شەھەرگە قايتىپ بارمايمەن» دېدى. گەرچە بەي قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى جاھىل بولۇپ، قىلچىمۇ گەپ ئاڭلىمىغان. بەي ئاخىرى شەھەرگە قايتىپ ئەھۋالنى بۇرھان شەھىدى، ليۇلارغا دوكلات قىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بۇرھان شەھىدى كېيىن جانىمقاننىڭ ئوغلى دەلىلقاننى ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلدۇرغان بولسىمۇ يەنىلا ئۈنۈم بەرمىگەن. بىر نەچچە كۈن ئوتكەندىن كېيىن جانىمقان نەنسەندىكى جايىغا كوچۇپ كەتكەن. 25 - سېنتەبىر شىنجاڭ ھەقىقەتكە ئوتكەنلىكىنى جاكالىغاننىڭ 3 - كۈنى جانىمقان نەنسەندىكى بىر توركۇم قازاق چارۋىچىلارنى مەجبۇرى بىللە ئېلىپ ماڭغان ۋە ھوكۇمەتنىڭ نەنسەندىكى چارۋا مەيدانىدىن

3 مىڭ دانە قوينىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ ماڭغان. ئۇلكىلىك
ھوكۇمەت خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ قوغلىغان
بولسىمۇ، قوغلاپ يېتەلمىگەن. جانىمقانىنى كېيىنچە ئۇسمان
تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن دەپ ئاڭلىدۇق.

شىنجاڭدا ھەقىقەتكە قايتىش تەييارلىقىنى كورۇش جەريانىدا،
خەلقنىڭ كۈچىمۇ تولۇق نامايەن قىلىندى. بولۇپمۇ مەدىنى-ما-
ئارىپ ساھەسىدىكى ئىپادە تېخىمۇ كۆزۈنەرلىك بولدى. ياش
ئوقۇغۇچىلار ۋە زىيالىلار سەزگۈر، ئىنقىلاۋىي ئىدى. ئۇلارنىڭ
ئىچىدىكى مۇتلەق كوپ ساندىكى كىشىلەر، بالدۇرراق ئازاتلىق-
قا ئېرىشىش، يەلكىنى بېسىپ تۇرغان 3 چوڭ تاغنى بالدۇرراق
ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەقەززا ئىدى. ئۇلاردا جۇڭگو كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە نىسبەتەن چوڭقۇر مۇھەببەت بار ئىدى. بۇ مۇھەب-
بەت شىڭ شىسەي شىنجاڭدا ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە
شىنجاڭدا خىزمەت قىلغان مۇنەۋۋەر جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ
تەسىرىدىن قالغان مۇھەببەت ئىدى. ئۇلار ماركسىزىم، لېنىنىزىم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تارقىتىپ، ياشلارغا ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىلەر-
نى ئۆگىتىپ، تەربىيىلەش جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى
ئىشلەپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1949 - يىلى
ئىيولدا دېڭ لىچۈننى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈش
خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. دېمەك پارتىيە رەھبەرلى-
كى قولغا ئېلىنغاندىن، ھەقىقەتكە ئۆتۈش سۈرئىتى تېزلەشتى. بۇ قۇر-
قىنىشلەۋەپلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشتىن



ئاۋال مەخپى ھالدا ئىنقىلاۋىي ئىلغار تەشكىلاتلار ئارقىمۇ-
ئارقا بارلىققا كەلدى. مەسىلەن: «كۆرەش جەمئىيىتى»، «ئاۋان-
گارتلار جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى»
قاتارلىقلار. بۇ ئىلغار تەشكىلاتلار پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى تەش-
ۋىق قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مەلۇم رول
ئوينىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭدىكى تىنچ يول بىلەن ھەقىقەت-
كە ئۆتۈشنى پارتىيە بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ شانلىق غەلىبى-
سى دەيمىز.

(3)

تەدبىرلەرنىڭ مۇۋاپىق، تەييارلىقلارنىڭ مۇكەممەل بو-
لۇشى، ھەقىقەتكە ئۆتۈش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنىڭ
ئىشەنچلىك كاپالىتى. ھەقىقەتكە ئۆتۈش تەييارلىقى جەريانىدا
قورچاق ئولكىلىك ھوكۇمەت بىر نەچچە خىل كۈچلۈك تەدبىر
قوللىنىپ، ئوبدان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ تەدبىرلەر
ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتا
مۇۋەپپەقىيەتلىك رول ئوينىدى.

1. ئىقتىسادىي تەرەپتىن قورچاق مەركىزىي ھوكۇمەت
بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەغەز پۇلنىڭ پا-
خاللىشىش ئازاۋىنى چەكمەسلىكى ئۈچۈن، قورچاق مەركەزنىڭ
«دوللار»ىنى رەت قىلدى. 1949 - يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ
كۈمۈش پۇل تارقىتىش تەييارلىقىنى كورۇپ، 20 - مايدا رەس-
مى كۈمۈش پۇل تارقاتتى. بۇ تەدبىر «دوللار» نىڭ بازارغا ئېقىپ
كىرىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىگە تەسىر كورسىتىشىدىن ساقلى-

دى. شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ مال باھاسىنى مۇستەقىل ھالدا ئۆز ئالدىغا ھەل قىلىپ، مال باھاسىنىڭ تۇراقلىق بولۇشىنى قوغدىدى. بۇ چارە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىدى.

1949 - يىلى مايىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قورچاق مەركىزىي بانكا شىنجاڭ شۆبە بانكىسىغا ھاۋا يولى ئارقىلىق مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغان بىر تۈركۈم «دوللار» نى يۆتكەپ كەلدى. بۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەر قايسى مەركىزىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرى ۋە ھەربى خىراجىتى ئىدى. ئايروپىلان قونۇلغا كەلگەن ۋاقىتتا باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈن مۇئاۋىن نازىربەي ۋېنيۇغا مالىيە نازارىتىنىڭ نامىدا: «شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ ‹كۈمۈش دوللار› خەجلىنىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا قەغەز ‹دوللار› شىنجاڭدا ئۆتمەيدۇ» دەپ بايانات ئېلان قىلىشنى ئۇقتۇردى.

مەركەزگە قاراشلىق ھەرقايسى ئورگانلارنىڭ ھەربى-مەمۇرى خىراجىتىگە كۈمۈش تەڭگە پۇل ئىشلەيتتى. بۇنى تېلېگىرامما ئارقىلىق قورچاق مەركىزىي بانكىنىڭ بىجىرىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەدبىر قورچاق مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچى شۆبە بانكا مەسئۇلىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئاخىرى قورچاق مەركەزنىڭ شىنجاڭغا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئامال قىلالمىدى. نەتىجىدە ئايروپىلاندا ئېلىپ كەلگەن بۇ «دوللار» نىڭ ھەممىسىنىڭ پېچىتىنى بۇزماستىن قايتۇرۇپ كەتتى. دېمەك بۇ چارە شىنجاڭنىڭ مالىيە-ئىقتىسادىنى مۇقىملاشتۇردى.



2. ماناسقا بېرىپ 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزدى. 1949 - يىلى ئىيۇل ئايلىرىدا ماناس، قۇتۇبى، سانجى 3 ناھىيىسىدىكى كىشىلەر بەس - بەس بىلەن: «3 ۋىلايەت تەرەپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇرۇش يەنە پارتلايدىكەن.» دەپ ئۇرۇش ئاۋازىدىن توۋۇپ كەتكەن خەلق تەشۋىشكە چۈشۈپ، قېچىشقا تەييارلاندى. پەقەتلا ماناستا تۇرۇۋاتقان ئەسكەرلەر يەرلىك ھارۋىدىن 150 نەچچىنى توپلاپ، چېكىنىش ۋاقتىدا ئىشلىتىدىغان قاتناش قورالى قىلماقچى بولدى. قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ مەسىلىنى ئېنىقلاپ، ئويلىمىغان يەردىن ۋەقە چىقىشتىن ساقلىنىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلدى. رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە باش كاتىپ ليۇ مىڭچۈنلەر مۇزاكىرىلىشىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ماناسقا ئەۋەتىپ، 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن رەسمىي سوھبەتلىشىشنى قارار قىلدى. 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرگىز يېنىكلىك بىلەن ئەسكەر ئەۋەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى: «25 - فېۋرال» ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەيئىتى ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇكېرىم ئابباسوپ، سەيپىدىن، رەھىمجان سابىر ھاجىيوپ قاتارلىق 4 كىشى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن چېكىنىپ چىقىپ، ئىلىغا كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇش گىرداۋىغا يېقىنلىشىپ، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە تىركىشىشتىن ئىبارەت جىددى ۋەزىيەت پەيدا بولغان

ئىدى. ئىككى تەرەپ قاتتىق ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەسكەرلەرنى دەريانىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇراتتى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى جاكالىغىچە 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ ھەيئەتلىرى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلمىدى. مەملىكەتنىڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتى تېز ئۆزگىرىش ياساۋاتقان، ئازاتلىق ئۇرۇش ئومۇميۈزلۈك غەلىبىگە يېقىنلاشقان مەزگىلدە 3 ۋىلايەتنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغاپ، يىغىشتۇرۇۋالالمىغىدەك ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىپ، شىنجاڭ خەلقىغە بالايى - قازا ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەشلەر بولدى. شۇڭلاشقا ئىككى تەرەپ بىۋاستە سوھبەتلىشىپ، گۇماننى چىقىرىپ تاشلاش مۇھىم تەدبىر بوپقالغان ئىدى.

8 - ئاۋغۇست ئەتىگەن سائەت ٩ دىن ئاشقاندا، قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىن تېلېفوندا جېن فاڭبۇنى رەئىس ئىشخانىسىغا چاقىردى. جېن فاڭبۇ بارغاندىن كېيىن رەئىس بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭغا: «بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ماناس، قۇتۇبى، سانجى خەلقلىرى ئىچىدە «3 ۋىلايەت تەرەپ ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن» دېيىدىغان سۆزلەر پەيدا بولۇپ خەلقنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولماي قېچىشقا تەييارلانماقتا. ئەھۋالنى ئېنىقلاش ھەمدە ۋەقە چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سىزنى، نۇسرەت شەھىدىنى ھەمدە شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشتابىنىڭ بولۇم باشلىقى ۋاڭ × × قاتارلىق 3 كىشىنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن ماناسقا بېرىپ 3 ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئىككى تەرەپنىڭ



ۋەقە چىقارماسلىقى توغرىسىدا سوھبەتلىشىش ئۈچۈن ۋەكىللەر ئۆمىكىگە **سىزنى** مەسئۇل قىلىپ، ئەتە يولغا چىقىشىڭلارنى قارار قىلدۇق.» دەپ تۇرۇشىغا نۇسرەت بىلەن ۋاڭ ئىككىسى كىرىپ كەلدى. بۇ ئىككىسى ماناسقا بېرىش ۋەزىپىسىدىن خەۋەر تاپقان ئىكەن. شۇڭا باش كاتىپ ليۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «سىلەر ئالدى بىلەن قۇتۇبى 78 - دىۋىزىيە ئىشتابىغا بېرىپ، يې چىڭ بىلەن كۆرۈشۈڭلار، مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ماناستا تۇرۇشلۇق 27 - بىرىگادىدا باشلىقى جۇمىڭگاڭغا خەۋەر قىلىشنى، سىلەرنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ، 3 ۋىلايەت ئارمىيىسى بىلەن ئۇچرىشىشىڭ پۈتۈن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىڭلارغا ياردەم قىلىشنى ھاۋالە قىلىمەن» دېدى، رەئىس ماناس ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھۇشۇر ھاجى (قازاق) غا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ دەرھال تاققا چىقىپ، چارۋىچىلارغا: «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى دەريادىن ئۆتۈپ 3 ۋىلايەت تەرەپ بىلەن سوھبەتلىشىۋاتىدۇ، ئۇرۇش بولمايدۇ، كۆپچىلىك خاتىرجەم ئوقەتلىرىنى قىلىۋېرىڭلار، قاچماڭلار» دەپ جاكالىشىنى تاپىلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا باش كاتىپ ليۇ: «مۇخبىر گۇڭجۇيىڭ سىلەر بىلەن بىللە بارىدۇ، ئۇنى مۇخبىر دەپ ئاتىماڭلار، ئۆزىمىزنىڭ ئادىمى دېسەڭلار، ئىشىڭلارغا قولايلىق بولىدۇ» دېدى.

٩ - ئاۋغۇست ئەتىگەن سائەت ٩ لاردىن كېيىن ۋەكىللەر ئۆمىكى ماشىنا بىلەن يولغا چىقتى. 2 سائەتتەك مېڭىپ، قۇتۇبى 78 - دىۋىزىيە ئىشتابىغا يېتىپ كەلدى. جېن فاڭبۇقاتارلىقلار دې-

ۋىزىيە كوماندىرى يېچىك بىلەن كورۇشۇپ، ئالدى بىلەن باش
كاتىپ ليۇنىڭ خېتىنى تاپشۇردى ھەمدە يېغا: «بىزنىڭ 3 ۋى-
لايەت تەرەپ بىلەن سوھبەت ئۆتكۈزۈشىمىز، بىزدە دەريانىڭ
غەربىگە ھۇجۇم قىلىش غەرىزىمىز يوقلۇغىنى، مۇبادا 3 ۋىلايەت
تەرەپ ھۇجۇم قوزغايدىغان بولسا، تاقابىل تۇرالايدىغان تولۇق
تەييارلىق ۋە تولۇق كۈچىمىز بارلىغىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلار-
نىڭ يېنىپكىلىك قىلىپ ھۇجۇم قوزغاپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ئۈچۈن بارىمىز» دىدى. يې ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ بۇ قارا-
رىنى ئىنتايىن قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئۇ: «بىزنىڭ ئۇلارنى
تارمار قىلالىشىمىزدا گەپ يوق. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز 4 يىلدىن
ئاۋۋالقى ھالەتتىن ئۆزگەرگەن» دىدى. ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا بىرى-
گادا باشلىغى جۇغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ ئوبدان ھەمكارلى-
شىپ دەريادىن ئوتۇش تەييارلىغىنى ياخشى ئىشلەشكە تاپشۇر-
دى. چېن فاڭبو بىلەن يې چىك كونا تونۇش بولغاچقا چېن
قاتارلىقلارنى چۈشلۈك تاماق يېيىشكە ئېلىپ قالدى. پاراڭ
جەريانىدا، ئازاتلىق ئورۇشىنىڭ تېز ئىلگىرىلەپ گومىنداڭ ئار-
مىيىسىنىڭ تارمار قىلىنىۋاتقانلىغىنى، شىنجاڭنىڭ ئاقىۋىتى
ئىنتايىن قىيىن بولىدىغانلىغىنى سوزلىگەندە يې چىك ئىنتايىن
ئاچچىقى بىلەن «كارغا كەلمەيدۇ، كارغا كەلمەيدۇ!» دەپ
ھەسرەت چېكىپ: "تۈگىدۇق، تۈگىدۇق!" دەپ قاي-
غۇرۇپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى تو-
لۇق ئاشكارىلاپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قەغەز يولۋاس-
لىق ئەسلى قىياپىتىنى ئوچۇق كورسىتىپ قويغان.



ۋەكىللەر ئومىگى قۇتۇبىدىن چىقىپ، چۈشتىن كېيىن سا-
ئەت 3 تىن ئاشقاندا ماناسقا يېتىپ بېرىپ، ناھىيىلىك ھوكۇ-
مەتتە بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن بىرىگادا ئىشتاۋىغا بېرىپ
جۇ بىلەن كورۇشتى. بىرىگادىر جۇ كورۇشۇپلا: «سىلەر دەكلار،
قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ مەن ھەممىسىگە تەييار!» دىدى. چېن
فاڭبو 3 ۋىلايەتكە قارىتىپ يېزىلغان خەتنى ئېلىپ كورسىتىپ،
ئۇنىڭ دەرھال ئادەم چىقىرىپ، دەريانىڭ غەرب تەرىپىگە يەت-
كۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. خەتتە ئۇچرۇ-
شۇش ۋاقتى ھەمدە چېن فاڭبو باشچىلىغىدىكى ۋەكىللەرنىڭ
سانى ۋە ئىسىم فامىلىسى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. شۇ كۈنى
كەچتە جاۋاپ كەلدى. جاۋاپتا 10 - چىسلا ئەتىگەن سائەت 10
دا دەريا بويىدىكى ۋاقىتلىق چېدىر ئىچىدە ئۇچرۇشۇش كور-
سىتىلگەن ئىدى. بۇ ئايلاردا دەريا سۈيى راسا ئۇلغايغان پەي-
تى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كوۋرۈك 45 - يىلدىكى ئورۇشتا پارتلىتى-
ۋېتىلگەنلىكتىن چوڭقۇر سۇدىن ئاپتوموبىل ئوتۇشكە ئامالسىز
بولغاچقا، ھارۋا بىلەن ئوتتۇق. دەريادىن ئوتكەندىن كېيىن
3 ۋىلايەت ۋەكىلى بىزنى چېدىر ئىچىگە تەكلىپ قىلدى.
چېدىر ئىچى ئاددى، پەقەتلا ئۇزۇن ئۈستەل قويۇلغان، ئۈستەل
ئۈستىگە چاي راسلانغان ئىدى. 3 ۋىلايەتتىن ۋەكىللەرگە باش-
لىق بولۇپ مىللى ئارمىيە مۇئاۋىن قوماندانى مەرغۇپ، ئەزا-
لاردىن ئارمىيە پولك كوماندىرى ئىمىنوپ ۋە نوگوشوۋ ئىككى-
سى بار ئىدى. ئىككى تەرەپ ئوز ئارا ئوزلىرىنى تونۇشتۇرغان-
دىن كېيىن، چېن فاڭبو قاتارلىقلار ئالدى بىلەن پىكىر قىلىپ:

«تەشۋىقلەرگە قارىغاندا، سىلەردە ھەربىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالامەتلىرى بولسا كېرەك. شۇڭا ماناس، قۇتۇبى، سانجى ناھىيىلىرىدىكى خەلقلەر خاتىرجەمسىزلىنىپ قېچىش تەييارلىقى كۆرمەكتە. ۋەقە يۈز بېرىپ قېلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ماناس ناھىيىسىدىكى خەلقلەردىن 150 دىن ئارتۇق ئات - ھارۋا يىغىۋالغاچقا، پەسىلنىڭ تازا ئالدىراش پەيتىدە ئىشلەپچىقىرىشقا چوڭ تەسىر يەتمەكتە. خەلقنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن، ئۈمىدىمىز ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تاپشۇرۇغىغا بىنائەن، رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە باش قوماندان تاۋسىيۇغا ۋاكالىتەن، قوراللىق كۈچ ئىشلەتمەسلىككە، دەريا بويىدىكى ئەسكەرلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، قەستەن چاتاق چىقارماسلىققا كاپالەتلىك قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىلەر تەرەپنىڭمۇ ئوخشاش ھەركەتتە بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى. ئارقىدىن مەرغۇپ پىكىر قىلىپ، ئۈچ نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىرىنچى، «بىز قەتئىي ھۇجۇم قوزغىماسلىققا كاپالەتلىك قىلىمىز. سىلەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلققە ئۇقتۇرۇپ، خەلقنىڭ خاتىرجەم ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھودۇقۇپ سىرتقا قاچماسلىقىغا دەۋەت قىلىڭلار. ئىككىنچى، توپلىۋالغان ھارۋا قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنى خەلققە قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئۈچىنچى، بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز دەرياغا چۈشۈپ ئات سۇغارغان ياكى سۇ ئالغان ۋاقىتتا، سىلەرنىڭ ئەسكەرلەر تەھدىت سالمىسۇن. ئوق چىقىرىپ ئادەم يارىدار قىلىشتىن قاتتىق ساقلانسۇن». چېن فاڭبو قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى



بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئاغزاكى كېلىشىم تۈزۈشتى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتىدە نۇسرەت شەھىدى تەرجىمانلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ماناس ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قايتقاندىن كېيىن، ناھىيە باشلىقى شى بىڭجى، گومىنداڭ ماناس ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ باشلىقى جاڭ يۈلىيە قاتارلىقلارنى چاقىرىپ، يىغىن ئېچىپ سۆھبەت نەتىجىسىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئۇلارغا بازار ئاھالىسىنى دەرھال ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە يىغىپ، ئۆمەك باشلىقى چېن فاڭبونىڭ سۆھبەت نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدىغانلىقىنى بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇنلار يىغىۋالغان ھارۋىلارنى تېزدىن قايتۇرۇپ بەردى. ئامما خاتىرجەم بولدى. قۇتۇبى، سانجىلاردىن ئۆتكەندە يۇقۇرىغا ئوخشاشلا يىغىن ئېچىپ، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەمسىزلىك بارا - بارا پەسەيدى.

3. شىنجاڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشتىن ئاۋال، نۇرغۇنلىغان ئىلغار مەخپىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. بۇ ئىلغار تەشكىلات ئەزالىرى ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تارقالغان. ئۇلار مەكتەپلەرنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ۋە ئازات بولغاندىن كېيىن مەكتەپلەرنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ ئىشەنچلىك كۈچلىرى ئىدى. گومىنداڭ ئىچىدىكى جاھىللار گۇرۇھى، ئۇلاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىپ، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە ئىشپىيون كىرگۈزۈپ، مەكتەپلەردىكى ئەھۋاللارنى كۆزەتتى. 1949 - يىلى ئىيون ئايلىرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، بىرىنچى ئوتتۇرىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى جاڭ ياشياۋ، مائارىپ نازىرى چېن فاڭبوغا: «ھەرقايسى ئوتتۇرا مەكتەپ

ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچى ۋەكىللىرى 12 - چىسلا «مەدەنىيەتچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى يېزىپ بېرىڭ، ئۇلارنى قولغا ئالىمىز»
زالى»دا يىغىن ئېچىپ، قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ماۋاشنى ئۇنداق قىلمىساق ئەتە ئۇلار مەيدانغا توپلىنىپ دەرس تاشـ
ئوستۇرۇشنى تەلەپ قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلماقچى»لايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى» دېدى. چېن جاۋاپ قايتۇرۇپ: «مۇمـ
بولغانلىقىنى دوكلات قىلدى. سوزلەرگە قارىغاندا، مۇبادا ئىكىن ئەمەس! مۇنداق ئىش يوق، چۈنكى تونۇگۈن مەن ھەرقايـ
ماۋاش ئوستۇرۇلمىسە، دەرس تاشلاش ھەركىتىنى ئېلىپ بارىسى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئاچقان يىغىنغا قاتـ
ماقچى. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، تېپ - تېچ تۇرۇۋىچىدە ۋەقەناشتىم. دەرس تاشلاشنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى يوق. تولۇق
كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. چېن فاڭبۇ ئەھۋالنى ھەقىقى پاكىت بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قولغا ئالىدىغان بولساق
ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۆزى «مەدەنىيەت زالى»غا بېرىپ، مەجە ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز باش ئاغرىقى تېپىۋالىمىز، ھەرگىزمۇ قارامـ
لىسىكە قاتنىشىپ، ھەرقايسى مەكتەپ ۋەكىللىرىگە ماۋارىپ نالىق قىلىپ قارغۇلارچە قولغا ئالماسلىقىمىز كېرەك. ئەگەر ئەـ
زارىتىنىڭ پوزىتسىيىسىنى چۈشەندۈرۈپ، كۆپچىلىك بىلەن تىنچلىقتا راستىنلا دەرس تاشلايدىكەن، مەن بارلىق مەسـ
بىرلىكتە مەسىلىنىڭ ھەل بولۇشىنى ئىزلەيدىغانلىقىنى قارار ئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالىمەن» دېدى.
قىلدى. چېن فاڭبۇ يىغىنغا بارغاندا يىغىن تېخى باشلانمىغان ئىدى. چېننىڭ قاتتىق تۇرۇشى بىلەن، چېن دېفا، ليۇخەندۇڭلار قايتـ
يىغىن ئىشتىراكچىلىرى چېن نىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولغانلىقىنى ماقچى بولدى. چېن ئۇلارنى ئۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، سىنـ
كورۇپ ھەيران بولدى. چېن ئۆزىنىڭ كېلىش مەقسىدىنى ئېيتىپ، غەن ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرلىرىنى چاقىرىپ: «راستىنلا دەرس
مەسىلە بولسا ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى تەلەپ تاشلاش بولامدۇ يوق؟» دىگەندە كۆپچىلىك بىردەك: «توھمەت
قىلىش،توغرى پىكىرلەرنى ھەرگىز باشقىچە نىيەتتە دەپ قاراپ ئويدۇرما، بۇ توھمەت-ئېغىۋالارنى ئىشپىيونلار غەرەزلىك ھالدا
بېسىۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللانمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، يىغىن پەيدا قىلغان بۇ ھەقىقەتكە قايتىشقا بۇزغۇنچىلىق سېلىشنى قەستـ
ئىشتىراكچىلىرى ھېچقانداق مۇشكۇل مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا لىغەن بىر زەھەرخەندىلىك، ئەكسىلئىنقىلابچى جاھىللار، ئىشپىـ
قويمىدى. ئەمما ئىككىنچى كۈنى كەچ سائەت بىرلەردە ئاماللىق يون ئۇنسۇرلارنىڭ ئولۇم ئالدىدىكى مۇقەررەر ئىپادىسى» دېـ
قوغداش ئىشتاۋىنىڭ قوماندانى چېن دېفا، ئۇرۇمچى شەھەرلىك يىشتى. بۇ ئىشنىڭ راست- يالغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن يىغىنـ
ساقچى ئىدارە باشلىقى ليۇخەندۇڭ ئىككىسى مۇئاۋىن نازىر دىن كېيىن 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىمى ليۇمىڭفېنىڭ بىلەن
چېن فاڭبۇغا «يوقۇرىنىڭ بۇيرۇغىغا بىنائەن، سىز دەرھال ھەرقايسى سوھبەتلەشتى. چۈنكى ليۇ شۇچاغدا ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە مۇھىم
مەكتەپلەردىكى باشلامچىلىق قىلىپ جىدەل چىقارغان ئوقۇتقۇ- رەھبەرلەردىن بىرى ئىدى. ليۇ بۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى تەـ

كېتىلدى. چۈنكى بۇ ئەھۋالنى باش كاتىپ ليۇمىڭچۇەنگە دوكلات قىلدى. ھېچقانداق ۋەقە پەيدا بولمىدى.

4. مۇھىم پەيت غەلىبىنىڭ ھالقىسىدۇر. ھەقىقەتكە قايتىش ھەرىكىتى پائال يۈرگۈزۈلۈۋاتقاندا، ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى جاھىل ئۇنسۇرلاردىن ئاتلىق 5 - كورپۇس باشلىقى ماچىڭشياڭ، 78 - دىۋىزىيە باشلىقى يې چېڭ، 179 - بىرىگادا باشلىقى لۇشۇرېن قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەي، سۇيىقەست پىلانلاپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى قالايمىقانچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار 21 - سېنتەبىر ئۈرۈمچىدە توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ما، يې، لو لار بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەقىقەتكە ئۆتۈش ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان مۇھىم كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، ئاندىن بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزۈپ، قوشۇننى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى قوشۇنلار بىلەن بىرلىشىپ، ئاندىن مەسلىھەتلەشمەكچى بولۇشقان. كېيىنرەك بىلدۇقكى: ئۇلارنىڭ قولغا ئالماقچى بولغان قارا ئىسىملىكىدىكى جەمئىي 40 تىن ئارتۇق كىشى بار ئىكەن. باش كاتىپ ليۇمىڭچۇەن، گارنىزون قوماندانى تاۋسىيۇ، ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى قاتارلىقلار بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ليۇمىڭچۇەن ئۆز ئۆيىگە 21 - سېنتەبىر كەچتە ما، يې، لو قاتارلىقلارنى زىياپەتكە چاقىردى. زىياپەتكە جاڭ فىڭيى، چېن دېفا، چۇي ۋۇ، بەي ۋېنيۈلارنىمۇ قاتناشتۇرۇپ، تاماقتىن كېيىن بىلىيارت ئويناش قاتارلىق



شەكىللەر بىلەن ئۇلارنى بەنت قىلىپ، تاڭ ئاتقىچە تارقىلىشماي، ئۇلارنى ئۆز قوشۇنىدىن ئايرىپ قوماندانلىقنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى.

قوشۇنلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ليۇمىڭچۇەننىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ھەر مىللەت مەدەنىيەت ئۇيۇشمىلىرى سودا-سانائەت ئۇيۇشمىلىرى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئاما ئارىسىدا كەڭ دائىرىدە جامائەت پىكرى تەييارلىدى ھەمدە ليۇيۇڭشياڭ، ئۈرۈمچىدىكى ياشانغانلاردىن مياۋفېيرەن قاتارلىق كىشىلەرنى باشلاپ، باش قوماندان تاۋسىيۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، خەلقنىڭ رايىغا بېقىپ، بالدۇرراق ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى جاكالاپ، بۇنىڭدىن ما، يې، لو قاتارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىشنى مۇراجىئەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چۇي ۋۇنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ليۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار نامىدىن ماچىڭشياڭ، يې چېڭ، لۇشۇرېنلارغا ئوردېن تەقدىم قىلدى. بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى ئاممىنىڭ ئىرادىسىغا بويسۇندۇرۇپ، بالدۇرراق شىنجاڭدىن ئايرىلىشنى ئىلگىرىلەتتى.

5. ما، يې، لو قاتارلىق جاھىللار ئۆزلىرىنىڭ «21-سېنتەبىر» سۇيىقەستى ۋەيران بولغاندىن كېيىن، خەلق ئازاتلىق ئارمىيەسىنىڭ غەربىي شىمالغا يۈرۈش قىلغان ۋەزىيىتىنىڭ شىددەت بىلەن ئۇركەشلىگەن دولقۇندەك تەڭداشسىز ئىكەنلىكىنى كوردى. لەنجۇنى ئازات قىلغان چوڭ ئارمىيە داۋاملىق خېشى كارىدورىغا يۈرۈش قىلدى. شىنجاڭ تەنھا قالدى. ئۈرۈمچى يەككە - يېگانە شەھەر بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتكە

قايتىشنى تەشەببۇس قىلىدىغانلاردىن تاۋسىيۇ، جاۋشىگۇاڭ، تاۋجىنچۇ، خەن يۇۋېن، جاڭ فىڭيى قاتارلىقلار قىسىملار ئىچىدە كۆپ خىزمەت ئىشلەپ، بىر مەزگىل تەۋرەنگەن بەزى قولىدا ئەسكىرى بار گېنېرال ئوفىتسېرلەرمۇ تىنچ ھەقىقەتكە ئوتۇشكە مايىل بولدى. بۇنىڭ بىلەن ما، يې، لولار ئىنتايىن يىتىم ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، نىمە قىلىشىنى بىلمەيدىغان ئامالسىز قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي كەيپىياتى كۆتىرىلىپ، «شىنجاڭنى تىنچ يول بىلەن ئازات قىلىش» دولقۇن سادالىرى ئۆركەشلىدى. قۇدرەتلىك خەلق كۈچى ئالدىدا، چۇمولىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتىپ ياچىۋەكنىڭ ھارۋىنى توسىمەن دىيىشى ئۆز ھالاكىتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ما، يې لولار ھەربى ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ، چەتئەلگە كېتىدىغانلىغىنى، بارلىق شەخسى مال - مۈلۈكلىرىنى ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئۆزلىرىگە ئالتۇن بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئولكىلىك ھۆكۈمەت ئۇلارنىڭ شەرتىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ قورو - جايى، ماشىنىسى، ئۆي جابدۇقلىرىدىن تارتىپ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە، ھۆكۈمەتنىڭ، شەخسىنىڭ دەپ ئايرىماستىن بىردەك پۇل تۆلىدى.

22 - سىنتەبىر چۈشتىن كېيىن رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە باش كاتىپ لىيۇ مىڭچۇن لەر بەي ۋېنيۈگە، «ما چىڭشياڭ، يې چىڭ قاتارلىقلار شىنجاڭدىن كەتمەكچى، ئۇلار ئۆزلىرى ئولتۇرغان پىكاپ ۋە شەخسى قورو - جايلىرىنى ھۆكۈمەتكە سېت-



ىپ بېرىپ، ئالتۇن ئالىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىگى، مال - مۈلۈكلەرىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىغى، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە پايدىلىق بولۇشى، باشقىچە ۋەقەلەرنىڭ سادىر بولماسلىغى ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدۇق. ماشىنا گەرچە ھوكۇمەتنىڭ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭدىن كېتىشى ئۈچۈن، ھوكۇمەتنىڭ بىر ئاز ئالتۇن خەجلەپ سېتىۋېلىشىنى لايىق تاپتۇق. بۇنداق قىلىش شىنجاڭنىڭ ئومۇمى ۋەزىيىتى ۋە تىنچلىقىغا پايدىسى بار. مالىيە نازارىتى نەرسە - كېرەكلەرنى تەخمىنەن باھالاپ، ئالتۇن بەرسۇن! ئىشنى مۇۋاپىق بېجىرىپ، نەتىجىسىنى دەرھال مەلۇم قىلىنسۇن!» دىدى. بەي ۋېنيۈ يوليورۇقنى ئاڭلاپ كەلسە، ما، يېلارنىڭ ئەۋەتكەن كىشىلىرى مالىيە نازارىتىدە ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، بەي دەرھال مالىيە نازارىتىنىڭ خوجىلىق بولۇم باشلىغى چېڭ يۇنچياڭ، ئۆلكىلىك بانكا ئالتۇن غەزنىسىنىڭ مۇدىرى ساۋتيەنمىڭلارنى ئۇلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ماشىنا ۋە قورو - جايلارنىڭ باھاسىنى مۇزاكىرە قىلدۇردى. ماچىڭشياڭغا تەۋە پىكاپنىڭ بىرىنى 300 سەر ئالتۇنغا، قورو - جايىنى 300 سەر ئالتۇنغا چاقتى؛ يې چىڭغا تەۋە پىكاپنىڭ بىرىنى 300 سەردىن ئارتۇق ئالتۇنغا، باشقا نەرسە - كېرەكلىرىنى 1000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇنغا سۇندۇردى ۋە دەرھال رەئىسكە تەستىقلىتىپ، ئولكىلىك غەزنىدىن ئالتۇن بەردى. ما، يېلار ئالتۇننى ئالغاندىن كېيىن 1949-يىلى 23 - سىنتەبىر، ئائىلىسى ۋە مال - دۇنيالىرىنى يىغىشـ

تۇرۇپ، ۋاڭ زىڭشەن، لوشۇرىن، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتار-
لىقلار بىلەن ئايرىم قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن ئاي-
رىلدى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تاشقورغان ئارقىلىق چەتئەلگە
قېچىپ كەتتى.

25 - سېنتەبىر، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى
تاۋ شىيۆ باشچىلىقىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىم-
لىرى ھەقىقەتكە ئوتتۇشلىنى ئېلان قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىغا تېلېگرامما يوللاپ گومىنداڭ
گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، خەلق سېپىگە
قايتىپ كەلدى. 26 - چىسلا ئەتىگەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مەت جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ھەقىقەتكە ئوتتۇش مەسىلىسىنى
مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا رەئىس بۇرھان شەھىدى رىياسەتچى-
لىك قىلدى. قاتناشقان ئەزالاردىن لىيۇ مىڭچۈن، چۆي ۋۇ، بەي
ۋېنيۇ، لىيۇ دېيېن، چېن فاكېۋ، لىيۇ يۈكشىياڭ، ئېبرەدەنى، جوك دېخۇا،
ھەيئەت لىيۇ شاۋلى قاتارلىقلار بار. يىغىن ئىككى تۈرلۈك كۈن
تەرتىپنى مۇزاكىرە قىلدى: بىرىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈ-
مىتىنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسىنى مۇزاكىرە ۋە قارار
قىلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ، گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن
بارلىق ئالاقىنى ئۈزگەنلىكى، خەلق تەرىپىگە ئۆتۈپ، جۇڭگو كوم-
مۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى
جاكالاندى. ئىككىنچى، ھەقىقەتكە قايتقان كۈن، ئېلان قىلىنغان
كۈندىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ. ھەر قايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋە ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق ھۆججەت-



ئارخىپلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇشى،
كىمنى ئاسراپ، خىزمەتنى نورمال دا
تەرتىۋىگە رىئايە قىلىشى لازىم، ھەر قانداق
ئارخىپلارنى بۇزۇپ ۋەيران قىلماسلىقى، ھۆكۈمەت
بۇزۇپ - چاچماسلىقى، ئوغرىلىماسلىقى، خىزمەتتىن ئىختىيا-
ئايرىلىپ كەتمەسلىكى، جەمئىيەت تەرتىۋىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ
جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزماسلىقى لازىم» دەپ قارار چىقاردى.
يىغىن ئەستايىدىل، مەردانە سۆزلەشتەك نورمال كەيپىياتتا ئۆتتى.
چۈنكى بۇ قېتىملىق يىغىن ئادەتتىكى يىغىنلاردىن بولماستىن،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ قاراڭغۇ ھۆكۈمرانلىقىغا
خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە باشلايدىغان
يىغىن ئىدى. يىغىن ئىنتايىن ئۇتۇقلۇق ئېچىلىپ، قارارغا
بىردەك قوشۇلۇپ يوللىنىدىغان تېلېگراممىغا قول قويۇلدى.

يىغىندىن كېيىن، ھەر قايسى ئەزالار دەرھال ئۆز ئىدا-
لىرىگە قايتىپ بېرىپ، سىستېمىلىق ھالدا يىغىن قارا
كۆزدى. تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە ئوتتۇش
قىلىنغان چاغدا، پۈتۈن ئۈرۈمچى قىزغىن
خىل يېزىقتا رەڭگا - رەڭ يېزىلغان
نىستىك پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن
شىسۇن جۇڭگو خەلق ئازاتلى
كاتلار چاپلانغان ئىدى.
ئەترەتلىرى، پۈتۈن شەھەردە
ھەر چەكسىز خوشاللىققا چۆمگەن

تۇرۇپ، ۋاڭ زىڭشەن، لوشۇرېن، مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم قاراماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ تاشقورغان ئارقىلىق چەتئەلگە قېچىپ كەتتى.

25 - سېنتەبىر، شىنجاڭ گارنىزون باش قوماندانى تاۋشىيۆ باشچىلىقىدا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسىملىرى ھەقىقەتكە ئۇتتۇشنى ئېلان قىلىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشىغا تېلېگرامما يوللاپ گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈپ، خەلق سېپىگە قايتىپ كەلدى. 26 - چېسلا ئەتىگەندە، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ھەقىقەتكە ئۇتتۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يىغىنغا رەئىس بۇرھان شەھىدى رىياسەتچىلىك قىلدى. قاتناشقان ئەزالاردىن ليۇمىڭچۈن، چۈيۋۇ، بەي ۋېيۇ، ليۇ دېبىن، چېن فاڭبو، ليۇيۇكشياڭ، ئېردەنى، جوڭ دىخۋا، ھەيئەت ليۇشاۋلى قاتارلىقلار بار. يىغىن ئىككى تۈرلۈك كۈن تەرتىپنى مۇزاكىرە قىلدى: بىرىنچى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش تېلېگراممىسى مۇزاكىرە ۋە قارار قىلىندى. شۇ كۈندىن باشلاپ، گومىنداڭ گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن بارلىق ئالاقىنى ئۈزگەنلىكى، خەلق تەرىپىگە ئۆتۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى جاكالاندى. ئىككىنچى، ھەقىقەتكە قايتقان كۈن، ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ھېساپلىنىدۇ. ھەر قايسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋە ھەر مىللەت خەلقى، بارلىق ھوججەت-



ئارخىپلارنى قوغداشقا مەسئۇل بولۇشى، بارلىق دولەت مۈلكىنى ئاسراپ، خىزمەتنى نورمال داۋاملاشتۇرۇش، جەمئىيەت تەرتىۋىگە رىئايە قىلىشى لازىم، ھەر قانداق كىشى ھوججەت - ئارخىپلارنى بۇزۇپ ۋەيران قىلماسلىقى، ھوكۈمەت مۈلۈكلىرىنى بۇزۇپ - چاچماسلىقى، ئوغرىلىماسلىقى، خىزمەتتىن ئىختىيارى ئايرىلىپ كەتمەسلىكى، جەمئىيەت تەرتىۋىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزماسلىقى لازىم» دەپ قارار چىقاردى. يىغىن ئەستايىدىل، مەردانە سۆزلەشتەك نورمال كەيپىياتتا ئۆتتى. چۈنكى بۇ قېتىملىق يىغىن ئادەتتىكى يىغىنلاردىن بولماستىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ قاراڭغۇ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بېرىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھىپە باشلايدىغان يىغىن ئىدى. يىغىن ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق ئېچىلىپ، قارارغا بىردەك قوشۇلۇپ يوللىنىدىغان تېلېگراممىغا قول قويۇلدى.

يىغىندىن كېيىن، ھەر قايسى ئەزالار دەرھال ئۆز ئىدارىلىرىگە قايتىپ بېرىپ، سېستىمىلىق ھالدا يىغىن قارارىنى يەتكۈزدى. تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە ئۇتتۇش خەۋىرى ئېلان قىلىنغان چاغدا، پۈتۈن ئۈرۈمچى قىزغىن تەنتەنە ئىچىدە، ھەر خىل يېزىقتا رەڭگا - رەڭ يېزىلغان «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى!»، «ياشىسۇن جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى!» دېگەن شوئار - پىلاكاتلار چاپلانغان ئىدى. ئۆزلۈكىدىن تەشكىللەنگەن تەبرىكلەش ئەترەتلىرى، پۈتۈن شەھەردە خوشال تەنتەنە قىلدى. پۈتۈن شەھەر چەكسىز خوشاللىققا چۆمگەن ئىدى.

## (4)

شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلەپ، خوشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي، ئازاتلىققا چىققانلىقىنى قۇتلۇقلاپ، زەپەر مارشىنى ياڭراتقان پەيتتە، ھەقىقەتكە قايتقانلىقنى ئېلان قىلغانلىقنىڭ 2 - كۈنى (27 - سېنتەبىر) ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر كىچىككىنە تەتۈر ئېقىم پەيدا بولدى. ئازسانلىقتىكى بۇزۇق ئادەملەر، ئىشپىيونلار ۋە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئىچىدىكى جاھىل ئۇنسۇرلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قالايمىقان قىلىپ، ھەقىقەتكە ئۆتكەندىن كېيىنكى تىنچ ۋەزىيەتنى بۇزۇشقا ئۇرۇندى. ئۇلار بىر قىسىم ئەسلى قىياپىتى ئېنىق بولمىغان كىشىلەرنى قۇترىتىپ، شەرقىي چوڭ كوچىغا توپلىنىپ، ۋەقە چىقىرىپ، ماگىزىن، بانكىلارنى بۇلاپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە بۇزغۇنچىلىق سېلىش مەقسىتىدە يەتمەكچى بولدى. ئادەملەر توپلانغانسېرى كۆپىيىپ، قاتناش توسىلىپ، تەرتىپ بۇزۇلدى. ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ ئۆلكىلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئامانلىقنى قوغداپ، كىشىلەرنى تارقىتىۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن توپىلاڭچىلارنىڭ سۈيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە، لىيۇمىڭچۈەن لىيۇيۇڭشاڭنى ئۆيىگە چاقىرتتى. لىيۇمىڭچۈەننىڭ ئۆيىگە تاۋجىيۆمۇ كەلگەن ئىكەن. لىيۇمىڭچۈەن: «ھازىر نەنلياڭ تەرەپنىڭ تەرتىۋى قالايمىقانلىشىپ، ھەممە يەردە ئادەم ئۇرۇش، تۇتۇش ھادىسىلىرى پەيدا بولماقتا. ئەگەر دەرھال تەدبىر قوللانمىسا، چوقۇم ۋەقە كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا دەرھال ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىشىمىز كېرەك» دېدى. شۇ چاغدا ھېچقايسى گورۇھقا مايىللىقى بولمىغان ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قاراۋۇللۇقنى ئۈستىگە ئېلىش، لىيۇيۇڭشياڭ ھەقىقەتكە قايتقان قوماندان، جەڭچىلەردىن ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، يوقلاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىنجىتىش قارار قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە خېلى بۇرۇنلا "بوقالسۇن شاڭناۋجىڭ!» (شاڭناۋجىڭ دېگىنى بېشىم قېتىپ كەتتى. بېشىم گاڭگىراپ كەتتى مەنىسىدە بولۇپ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرسىتەتتى) دەيدىغان شوئار پەيدا بولغان ئىدى. بۇ شوئار شۇ چاغدىكى ئەسكەرلەرگە تەسىر قىلاتتى. شۇ سەۋەپتىن بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن ھال سوراش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ھەقىقەتكە ئۆتكەن قوماندان، جەڭچىلەرگە مۇراجەتنامە تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتكەن ھەركىتىنى تەقدىرلىگەندىن باشقا ھەقىقەتنى چوڭقۇر پەرق ئېتىپ دولەت، خەلقنىڭ پايدا - زىيىنى بىلەن ھېساپلىشىپ، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلماسلىقىنى ئۈمىت قىلدى. زور تۈركۈمدە ھال سوراش لازىمەتلىكلىرى ئېلىپ ھەرقايسى گازارمىلارغا بېرىپ سوغا تەقدىم قىلىندى. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ھەرقايسى تىياتىرخانىلار، كىنوخانىلارنى تەشكىللەپ، نۆۋەت بىلەن ھەرقايسى گازارمىلارغا بېرىپ، ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇپ بېرىش ئىشلىرى ئىشلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا جەنۇپ ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەقىقەتكە ئۇتكەن قىسىملاردىكى ئاز سانلىق ئەكسىيەتچى جاھىللار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ، ئوت قويۇپ، قىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئىشلىرىنى پەيدا قىلدى. ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ھەقىقەتكە ئۇتكەندىن كېيىنكى تېچ ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن بارلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈكلىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئۆلكىلىك ھەربىي ۋە ھۆكۈمەت دائىرىلىرى جىددىي تەدبىر قوللاندى. بىر تەرەپتىن ھەر جايدىكى ھەقىقەتكە ئۇتكەن قىسىملار ۋە يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشنى، جاسۇسلار، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق ساقلىنىشنى، مۇبادا قالايمىقانچىلىق سادىر بولسا قاتتىق باستۇرۇشنى بۇيرۇق قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاقىتلىق ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي تەشكىللەپ، تېزلىكتە جۇچۇەنگە ئەۋەتىپ، ئازاتلىق ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەيگە ھەقىقەتكە ئۇتۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىش، شۇنىڭدەك ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقنى ئوتكۈزۈۋېلىشنى قارشى ئېلىش، ئەكسىيەتچىل توپىلاڭ پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى قارار قىلىندى. ئوكتەبىرنىڭ باشلىرى



قومۇلدا ھەقىقەتكە ئۇتكەن قوشۇندىكى 78 - بىرىگادىنىڭ بىر قىسمى ئەكسىلئىنقىلاۋىي توپىلاڭ پەيدا قىلدى. پولىك كوماندىرى چېن گوگپۇ باشچىلىقىدىكى ئاز سانلىق ئەكسىلئىنقىلاۋىي جاھىل ئۇنسۇرلار بىر قىسىم ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى قۇترىتىپ، توپىلاڭ چىقىرىپ ئوت قويدى. بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ پۇخرالارنى ئۆلتۈرۈشتەك ئەسكىلىكلەرنى قىلدى، دۇكانلارنى بۇلىدى، بىگۇنا پۇخرالارنىمۇ بىر مۇنچە سورۇقچىلىققا سالدى. قورچاق مەركىزىي بانكا قومۇل شۆبىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قومۇل شۆبە بانكىسىدا ساقلىنىۋاتقان نەق پۇللارنى پاك - پاكىز بۇلاپ كەتتى. تۇرپان ناھىيىسىدىمۇ ھەقىقەتكە ئوتۇپ ئۇزۇن ئوتمەيلا ۋەزىيەتتە تۇراقسىزلىق پەيدا بولدى. رەئىس بۇرھان شەھىدى لىيۇيۇڭشياڭ بوغالتىرىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاسىمجان ئېككىسىنى تۇرپانغا بېرىپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇلار ساپىيوپىغا كەلگەندە تۇرپاندىن قېچىپ چىققان بىر ماشىنا ئۇچراشتى. تۇرپاندىمۇ ھەربىي توپىلاڭ بولۇپ، بانكىنى بۇلاپ، جىڭلىسىنى يارىدار قىلىپ، يەرلىك خەلقلەرنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان، بۇلار توپىلاڭچى قوشۇننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ قاچقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى. ئازاتلىق ئارمىيە پىچانغا كەلگەندە ناھىيە باشلىقى ئىسمايىل تاھىر باشچىلىقىدىكى ئاممى شەھەردىن چىقىپ قارشى ئالماقچى بولۇۋاتقان چاغدا شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 194 - پولكنىڭ بىر باتاليون كوماندىرى ئىسمايىل تاھىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن. بەختكە يارىشا

چوڭ قوشۇن ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توساپ قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا كۇچاردا تۇرۇشلۇق 65 - بىرىگادىدىكى ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى تاڭ شۇرۇڭ ئاز ساندىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنى باشلاپ بۇلاڭچىلىق قىلغان. قاراشەھەر، بۈگۈر قاتارلىق ئورۇنلاردىمۇ ھەربىلەر بۇلاڭچىلىق ۋەقەلىرىنى پەيدا قىلغان. خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلار گەرچە تەتۈر ئېقىم قوزغاپ، ھەر قايسى جايلاردا ئالا - توپىلاڭ چىقىرىپ، ئوت قويۇپ، قىرىپ - چېپىپ، بۇلاپ - تالاپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋەمال - مۈلكىگە زور زىيانكەشلىك قىلغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار ئاخىرى قۇدرەتلىك خەلق كۈچى ئالدىدا تارمار بولۇپ، يىرگىنىشلىك ئىشت گەندىسىگە ئايلاندى.

مۇنداق جىددىي قالايمىقانچىلىقلار ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلاردىكى خەلققە ھەقىقىي مايىل بولغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەر جان - دىل بىلەن كومپارتىيە خەلققە سادىق بولۇپ، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، توپىلاڭچىلار بىلەن رەھىمسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. توپىلاڭنى باستۇرۇش، ئامانلىقنى قوغداش، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە كاپالەتلىك قىلىش جەريانىدا توھپە قوشتى.

(5)

1949 - يىلى ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرى رەئىس بۇرھان شەھىدى ئىشخانىسىدا چۈي ۋۇ، لىۋ مىڭچۈن، قاسىمجان ۋە بەي ۋېنيۇلار توپلانغان ئىدى. رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە لىۋ مىڭ



چۈنلەر ئايرىم - ئايرىم سۆز قىلدى. ئومۇمىي مەزمۇنى: «شىنجاڭ ھەقىقەتكە ئوتتۇشنى جاكارلىغاندىن كېيىن ئەھۋال ئومۇمەن ياخشى. ئەمما ھازىر بەزى رايونلاردىكى جايلارنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇ يەرلەردە گومىنداڭنىڭ ئىشپىيونلىرى، ھەقىقەتكە ئوتكەن قىسىملار ئىچىدىكى ئاز سانلىق جاھىل ئۇنسۇرلار ۋە بەزى بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا تەييارلانماقتا، قومۇلدا پەيدا بولغان بۇلاڭ - تالاڭ ۋەقەسىدە خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى ھەممە يانكا ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جۇچۇەنگە ۋەكىللەر ئومىكى ئەۋەتىپ، ئازاتلىق ئارمىيە مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەيگە شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئوتۇشىنىڭ ئوتمۇشىنى ۋە ھازىرقى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلماقچى ھەمدە ئۆلكىنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىماقچى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولدۇق. بۇ ۋەكىللەر ئومىكى چۈي ۋۇ، بەي ۋېنيۇ، قاسىمجان، نۇسرەت شەھىدى، تەلئەت، يۇجياگېڭ قاتارلىقلاردىن تەشكىل قىلىنىدى. چۈي ۋۇ ئومەك باشلىقى، قاسىمجان مۇئاۋىن ئومەك باشلىقى بولىدۇ. 3 ۋىلايەت ۋەكىللىرى تېخى يېتىپ كەلمىدى، ساقلاۋېرىشكە بولمىدى. سىلەر جۇچۇەنگە بارغاندىن كېيىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇئاۋىن باش قوماندانغا ھەر ساھەدىكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىڭلار. ئەتە يولغا چىقىپ ئىككى كۈن ئىچىدە جۇچۇەنگە يېتىپ بېرىشىڭلار كېرەك، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

» يىغىندىن كېيىن بىز تەييارلىق كۆرۈپ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئايروپىلانىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق. قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن بۇرۇنقى ئاۋات كوچىنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇق. ئۆي - دۇكانلار كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان ئىدى. بولۇنغان ۋەيرانچىلىققا چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. پۇخرالار قېچىپ كەتكەن، بانكىلار بۇلانغان. غەزىنىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە نەق پۇللار تالان - تاراج بولغان، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىئارام ئىدى. يەرلىك ھەربى ۋە مەمۇرى ئورگانلار كىشىلەرنى تەشكىللەپ، ئوت ئۆچۈرۈپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداۋاتقان ئىكەن. ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇمۇلدا بىر ئاز دەم ئېلىپ ماشىنىغا ئالمىشىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، شۇ كۈنى كەچتە شىڭشىڭشياغا يەتتۇق. ئەتىسى شىڭشىڭشيادىن يولغا چىقىپ ئەنشى ئەتراپىغا يەتكەندە غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىرونىۋىك قىسمى بىلەن ئۇچراشتۇق. ئۇ پولكوۋنىك خۇجيەن باشچىلىقىدىكى 5 - بىرونىۋىك پولكى ئىدى. ئازادلىق ئارمىيىنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا كۆزىمىزگە ئىسسىق ياش كەلدى، خوشاللىقىمىزدا قىن - قىنىمىزغا پاتماي دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈپ قارشى ئالدۇق، ۋەكىللەر پولكوۋنىك خۇجيەنگە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە ماشىنىدىكى قوغۇنلارنى سوغا قىلىپ ھال سورىغان بولدۇق. ئاندىن خوشلىشىپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، شۇ كۈنى يېرىم كېچە سائەت 2 دىن ئاشقاندا جۇچۈەنگە يېتىپ باردۇق.



جۇچۈەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ۋە ئازادلىق ئارمىيىدىن مەسئۇل يولداشلار ئاللىقاچان شەھەر سىرتىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن؛ بىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىسى مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى. كەچتە يەنە داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش يىغىنى ئاچتى، سىياسى كومىسسار گەنسىچى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى ھەر بىر ۋەكىل يىغىندا سۆزگە چىقتى. ئۇلار شىنجاڭ ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋاكالىتەن، پۈتۈن ئوفىتسىر - جەڭچىلەردىن سەممىي ھال سورىدى ۋە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈردى، شۇنىڭدەك ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىنى بىردەك تەلەپ قىلدى. يىغىندىن كېيىن باش ئىشتاپ سەنئەت ئۆمىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىگە «قانلىق ئىنتىقام» دېگەن دىرامىنى ئويناپ بەردى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئازادلىق ئارمىيە باش ئىشتابى يىغىن ئاچتى. يىغىنغا قاتناشقانلاردىن مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي، سىياسى كومىسسار گەنسىچى، قوماندان ۋاڭ جېن، شۇنىڭدەك شۈي گۇاڭدا، ژېڭدې، ماخېيىڭ، جۇچۈەندە ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار مەسئۇلى زېڭ جىگۇ قاتارلىقلار ھەمدە شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ بارلىق ئەزالىرى بار ئىدى. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەي ئالدى بىلەن سۆزلەپ يىغىن ئەزالىرى بىلەن ئۆز ئارا تونۇشۇپ چىقتى. ئارقىدىن چۈي ۋۇ مۇئاۋىن باش قوماندان

پىڭغا ۋە باشقا رەھبىرىي يولداشلارغا ئالدى بىلەن رەئىس
بۇرھان شەھىدى ۋە بارلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ
سالام ۋە ھۆرمىتىنى يەتكۈزدى. ئاندىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ھە-
قىقەتكە ئۆتۈش جەريانىنى، شۇنىڭدەك ھەقىقەتكە ئۆتكەندىن كې-
يىنكى ئەھۋاللارنى دوكلات قىلدى. بەيۋېنيۇ شىنجاڭ مالىيە
ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. قاسىمجان 3 ۋىلايەت
ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. نۇسرەت بىلەن يۈجېزجياڭ ئاي-
رىم - ئايرىم شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ياشلىرى ئىلغار تەشكى-
لاتلارنىڭ ئەھۋالىدىن تەلەت، سودا- سانائەتكە مۇناسىۋەتلىك
ئەھۋاللاردىن دوكلات بەردى. ۋەكىللەر سۆزلىگەندە ئازاتلىق
ئارمىيىنىڭ بالدۇرراق شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلىشىشىنى بىردەك
تەلەپ قىلدى ۋە قارشى ئالدى. يىغىن ئىككى كۈن داۋام قىل-
دى. يىغىن ۋاقتىلىرىدا مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ ۋە باش-
قا رەھبىرىي يولداشلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىنى ئايرىم-
ئايرىم قوبۇل قىلىپ سەممىي سۆھبەتلەشتى. يەنە كىچىك گۇرۇپ-
پا يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىي
تەرەپلىرىدىكى مەسىلىنى ھەل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلدى. يى-
غىن شىنجاڭ پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ سۇندۇرۇش نىسبىتىنى
1:500 يەنى بىر سوم شىنجاڭ پۇلىنى 500 يۈەن خەلق پۇلىغا
سۇندۇرۇپ، «ئىككىلىسىنى بىرلىكتە ئىشلىتىشكە بولىدۇ» دەپ بې-
كىتتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇئاۋىن باش قوماندان
پىڭ سۆز قىلدى. ئۇ ئاۋال ماۋجۇشى ۋە پارتىيىگە ۋاكالىتەن،
شىنجاڭنىڭ تىنچ ھەقىقەتكە قايتىشىغا باھا بېرىپ، كوپچىلىكنى



ياخشى ئۆگىنىپ ۋە تىرىشىپ ئىشلەشكە ئىلھاملاندۇردى. سۆزى-
نىڭ ئومۇمى مەزمۇنى: «شىنجاڭدىكى گومىنداڭ ھەربىي ۋە مە-
مۇرى خادىملىرى گېنېرال تاۋسىيۇ ۋە رەئىس بۇرھانىنىڭ رەھ-
بەرلىكىدە تېلېگىرامما يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇقتىن
يورۇقلۇققا چىقتى. ئىنقىلاپ ۋە خەلق تەرەپكە يۈزلىنىپ ناھا-
يىتى ئوبدان قىلدى. سىلەرنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇشى-
غا قوشقان ھەسسەڭلار بار، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ
مەۋجۇتلۇقى - شىنجاڭنىڭ تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتۈشىدە ئىنتايىن چوڭ
رول ئوينىدى. شىنجاڭنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىدا قىيىنچىلىق
بار. بىز چوقۇم ياردەم بېرىپ ھەل قىلىمىز. شىنجاڭ پۇلى ۋە
خەلق پۇلىنىڭ سۇندۇرۇش نىسبىتى ھەل قىلىندى. كوپچىلىك
ئىككى خىل پۇلنىڭ بىرلىكتە ئىشلىتىلىشىگە قوشۇلدى. ئۇندىن
باشقا بىز شىنجاڭغا ناھايىتى تېزلىكتە بىر قىسىم چاي، قەن،
رەخ، دورا قاتارلىق ماددى بۇيۇملارنى ئەۋەتىپ، نۆۋەتتىكى
ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى
ھەل قىلماقچىمىز. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىلغار ياشلىرى
ئازاتلىقتىن ئاۋال تەشۋىقات ۋە كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ،
كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھازىر خەلق ئازاتلىق ئار-
مىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرى يېتىپ باردى. بۇندىن كېيىن
چوڭ قوشۇن داۋاملىق غەرپكە يۈرۈش قىلىدۇ. بۇ قېتىمقى يىغىن
جەريانىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بىز دەرھال ماۋجۇشى ۋە پار-
تىيە مەركىزىگە تېلېگىرامما يوللايمىز. ۋەكىللەر قايتىپ كەتكەن-
دىن كېيىن، گېنېرال تاۋسىيۇ ۋە رەئىس بۇرھان شەھىدىگە

يىغىنىنىڭ ئوتمۇشىنى دوكلات قىلىپ بىزنىڭ سالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قويارسىلەر، كوپچىلىكنىڭ گېنېرال تاۋسىيېۋ ۋە رەئىس بۇرھانىنىڭ رەھبەرلىگى ئاستىدا ئازاتلىق ئارمىيىدىكى رەھبىرىي يولداشلار بىلەن، شۇنىڭدەك 3 ۋىلايەت تەرەپتىكى يولداشلار ۋە خەلقلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ھەر ساھەدىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىگىلارنى ئۈمىت قىلىمەن»، دىگەندىن ئىبارەت ئىدى. يىغىندىن كېيىن مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ دېخۇەي زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ ۋەكىللەر ئۈمىگىنى كۈتۈۋالدى. ۋەكىللەر ئۈمىگى جۇچۈەندە بىر ھەپتە تۇرۇپ، ئىشىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن شىنجاڭغا قايتتۇق.

ۋەكىللەر ئۈمىگى جۇچۈەنگە بېرىپ دەسلەپتە مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ ۋە باشقا يۇقۇرى دەرىجىلىك گېنېراللارنىڭ مېھرىۋان ۋە يېقىملىق، تۇرمۇشتا ئاددى - ساددە، قىلچە كورەڭلىگى يوق. بولۇپمۇ ئەسكەرلەرگە ئوخشاش يىرىك رەختە تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيىپ، ئازراقمۇ ئالاھىدە بولۇۋالمىغانلىغىنى كوردۇق. بۇ ئىشلار بىزگە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلدى. چۈنكى بىزنىڭ كەيگەن كىيىملىرىمىز يۇڭ رەختىن تىكىلگەن ياۋروپا پوسونىدىكى كىيىملەر ئىدى. بىز ئۆزىمىزگە سىلىشتۇرۇپ كورۇپ ئىنتايىن خىجالەت بولدۇق.

بىز جۇچۈەندىن چىقىپ جايۇگۈەندىن ئوتۇپ يولدا جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ پىيادە، ئاتلىق ئەسكەرلىرى ۋە زەمبىرەك، ماشىنا قىسىملىرىنىڭ سەپ بولۇپ غەرپكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىغىنى كوردۇق. جايۇگۈەندىن قۇمۇلغا كەلگىچە-



لىك ئارىلىقتىكى 7 - 8 يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان قاقاس چولدە ئادەم ئاز، يول بويىدىكى ئويلەر ھەم ئاز، ھەم ۋەيرانە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغاق چۈشۈپ قېلىۋاتقان پەيتتە قوشۇننىڭ ياتاق، سۇ، يېقىلغۇ قاتارلىق تۇرمۇش شارائىتلىرى ئىنتايىن قىيىن ئىدى. مانا شۇنداق جاپالىق شارائىت ئىچىدە جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىدىكى باتۇر ئوغلانلار ھاۋانى ئوزۇق، دالانى ياتاق قىلىپ، بوران-چاپقۇن، قەھرىتان سوغاقلاردىن ۋە ئۇزۇن يول مېڭىشتىن قورقماي، بالدۇرراق شىنجاڭغا يېتىپ بېرىش ئۈچۈن، كوتىرەڭگۈ روھ، جاسارەت - غەيرەت بىلەن بارلىق قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ باتۇرانە ئالغا باسماقتا ئىدى.

ۋەكىللەر ئۈمىگى قۇمۇلغا كېلىپ، جۇنجاڭ گوپىڭ، جاڭ شىچىڭ ۋە دۇڭشىنيۇڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلارنى كوردۇق. بۇ كىشىلەر قوشۇننى باشلاپ قۇمۇلغا كەلگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغان ئىكەن. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى كېلىش بىلەنلا قۇمۇلدىكى توپىلاڭ بېسىقتۇرۇلۇپ، توپىلاڭچىلار بۇزۇپ تاشلىغان يول ۋە ئويلەرنى تازىلىدى ۋە رېمونت قىلدى. خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكى كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، جەمىيەت تەرتىۋى نورماللىشىپ، خەلق تۇرمۇشى خاتىرجەم بولدى. ئەتىسى بىز ئازاتلىق ئارمىيە ۋە ھەققەتكە ئوتكەن قىسىملار ھەمدە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىكتە ئوتكۈزگەن ئارمىيە - خەلق بىرلەشمە كوڭۈل ئېچىش يىغىنىغا قاتناشتۇق. يىغىندىن كېيىن ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق. ئايروپىلاندىن چۈشۈپلا رەئىس بۇرھان شەھىدى ۋە باش كاتىپ لىۋ

مىڭچۇنلەرگە مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭنىڭ سالىمىنى ۋە يول-يورۇقلىرىنى يەتكۈزدۇق. ۋەكىللەر ئومەك خىزمىتىنىڭ ئېنىق ئەھۋالىدىن دوكلات قىلدى، ئىككىنچى كۈنى ئولكىلىك ۋاقىتلىق خەلق ھوكۇمىتى بارلىق ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئاچتى. ئومەك باشلىقى چۈيۋۇ يىغىندا دوكلات بېرىپ تارىخىي ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ھالدا ئورۇنلىدى.

## (6)

خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئېلىش، ئوز ئادەملىرىنى كۈتۈۋېلىش پۈتۈن ئۇرۇمچى خەلقىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن چوڭ ئىشى. شىنجاڭ ئولكىلىك خەلق ھوكۇمىتى قارشى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن «جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىش ھەيئىتى تەشكىل قىلدى. ليۇيۇڭشياڭنى بۇ ھەيئەتنىڭ مۇدىرى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇ ھەيئەت خىزمەتكە كىرىشىپ ھال سوراش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىش، كوتۈۋېلىش پونكىتلىرى قۇرۇش، كېسەللەردىن ئەھۋال سوراش قاتارلىق ئىشلارنى ئىشلىدى. تولۇق تەييارلىقلاردىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنىڭ تەقەززا بولۇپ كۈتكەن كۈنى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. 20 - ئوكتەبىر ھاۋا ئوپئوچۇق ئىدى. پۈتۈن شەھەردە رەڭلىك بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنلىكىنى قارشى ئالىدىغان پىلاكاتلار پۈتۈن شەھەردە چاقناپ تۇراتتى. ئازاتلىق ئارمىينى قارشى ئېلىش يۈزىسىدىن تەييارلانغان تەشۋىقات ماشىنىسىدىن ھەيۋەتلىك ھەم



يېقىملىق «دولەت گېمنى»، «داغدام يول» شېئىرلىرىنىڭ ياڭراق ساداسى بۇلۇتلاردىن ھالقىغان ئىدى. قارشى ئېلىش قوشۇنى ۋە ھەر مىللەت خەلقى سەندۇڭبېي مەيدانىغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. پولكوۋنىك خۇجيەن باشچىلىقىدىكى 5 - پولكنىڭ قەھرىمان جەڭچىلىرى شەھەر رايونىغا كىرگەندە دولقۇنلىغان خەلق ئاممىسى ئالدىغا تەلمۈرۈپ، شوئار - ئالقىش سادالىرى ياڭراتتى، داقا - دۇمباق چالدى. بۇ قىزغىن سادالار ئاسمان-پەلەككە كوتىرىلگەن ئىدى. تەييارلانغان ھال سوراش بۇيۇملىرى بىلەن ئۇرۇش ماشىنىلىرىنى پۈركەپ تاشلىدى. پولكوۋنىك خۇجيەن ۋە باشقا مەسئۇل يولداشلار ھەر ساھەدىكى زاتلار بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كورۈشتى ۋە قارشى ئېلىۋاتقان ئاممىغا قول ئىشارىتى بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ھەر مىللەت ياشلىرى ناھايىتى تېزلا جەڭچىلەر بىلەن دوست بولۇشۇپ، ئېسىلىپ چىقىۋالغان ياشلار ماشىنىغا پەۋەس تولغان ئىدى. ئۇلار ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان تۇققانلاردەك سەممىي پاراڭلىشاتتى. نەنلياڭدىن شىمالىي دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى گازارمىغىچە بولغان ئارىلىقتا، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان ھېسابسىز نۇرغۇن قارشى ئالغۇچى ئامما چاي قۇيۇپ، ھاراق تۇتۇپ، خۇددى بىر ئائىلىدىكى قېرىنداشلارچە قارشى ئالدى. بولۇپمۇ گۈل تەقدىم قىلغان ئوسمۈرلەر بەكمۇ پاك ۋە ئوماق ئىدى. ناخشا ۋە كۈلكە سادالىرى بىردەم كوتىرىلىپ، بىردەم پەسىيىپ، ئىنتايىن جۇشقۇنلۇق كەيپىيات ئىچىدە بېلىق بىلەن سۇدەك يېقىن مۇناسىۋەتلىك، جانلىق مەنزىرە نامايەن

بولغان ئىدى. مۇنداق جۇشقۇنلۇق تەنتەنە ئۈرۈمچى تارىخىدا
مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىدى.

جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى تېز يې-
تىپ كېلىپ ھەرقايسى جايلاردىكى توپىلاڭنى ناھايىتى
تېز بېسىقتۇردى. خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىگە
كاپالەتلىك قىلىپ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداپ، قەدەممۇ-
قەدەم خەلق ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى، قەدىمى شىنجاڭدا پارلاق
نۇر چېچىلىشقا باشلىدى. نويابىرنىڭ باشلىرى، قوماندان
ۋاڭ جېن، شىن لەنتىڭ، جياڭ فۇ، گاۋجىنچۇن قاتارلىق يولداشلار
ۋە مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ دېخۇەيلەر ئىلگىرى - كېيىن
ئۈرۈمچىگە كەلدى. 3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسى نويابىرنىڭ
ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق
ئارمىيىسىگە قوشۇلدى. نويابىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ھەربى ئىدارە
قىلىش باشلىنىپ، ھەرقايسى ئورگانلارغا ئازاتلىق ئارمىيە ۋە-
كىللىرى ئورۇنلىشىپ، مەمۇرى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى باش-
لىدى. 17 - دېكابىر كۈنى ھەرمىللەت، ھەرساھە ۋەكىللىرى
قاتناشقان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، پۈ-
تۈن ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇندىن ئېتىۋارەن گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرى ۋە فېئودال - پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ مۇستە-
بىت ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلىشىپ، شىنجاڭ تارىخىدا يېڭى سەھى-
پە ئېچىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت
خەلقىنىڭ ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇلۇغ



داھىمىز ماۋجۇشىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە يېڭى ھاياتى باش-
لاندى. ئۇلار بەختىيار كەلگۈسى ئۈچۈن، كەلگۈسى كوممۇنىزم
ئۈچۈن، ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا
ئۇيۇشۇپ، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى شانلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتى-
رىپ زور قەدەم بىلەن ئالغا باستى.

# جۇچۇەننىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش جەريانى

پىڭ مىڭدىڭ

ئاتالمىش «گومىنداڭ غەربىي - شىمال ھەربىي - مەمۇرى قوماندانلىق مەھكىمىسى» ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ «8 - ئۇرۇش رايونى قوماندانلىق مەھكىمىسى»نىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگەرتىلگەن نامى ئىدى. بۇ مەھكىمە لەنجۇدا بولۇپ، گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىنجاڭ 4 ئۆلكە رايوننى باشقۇراتتى. جاڭجىجۇڭ خىزمەتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن مابۇفاڭ ئىگەللىدى. قورچاق سەنمۇجاڭ ليۇرېڭ. پىڭمىڭدىڭلار مۇئاۋىن بولدى. لەنجۇ ئازات بولغاندا، قورچاق مەھكىمە بىلەن قەپقالغان 2 كورپۇس ھەمدە بىرنەچچە ئالاھىدە قىسىملارنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى، خېشى كارىدورىغا چېكىنىپ ئەڭ ئاخىرى جۇچۇەن ھەقىقەتكە قايتىشنى جاكالىغان چاغدا، خەلق تەرىپىگە ئۆتتى. بۇنىڭ ئۆتمۈشى تۆۋەندىكىچە:

## 1. ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئالدىدىكى ھازىرلىق جەريانى

1948 - يىلى كۈزدە، قورچاق غەربىي شىمال ھەربىي-مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى. قوشۇمچە شىنجاڭ



گارنىزون باش قوماندانى تاۋسىيۇ لەنجۇغا كېلىپ، مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇ: «گومىنداڭ چىرىكلىشىپ چېكىگە يەتتى، مۇقەررەر بەربات بولىدۇ. بىز ئەلۋەتتە ئازغان يولىمىزدىن قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك. قاراپ تۇرۇپ، جياڭجيېشىنىڭ قۇربانى بولامدۇق؟ ياق ئەلۋەتتە تېزلىك بىلەن ئازاتلىقنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى ئوبدان ئىشلىشىمىز لازىم» دېدى. مەن بۇ پىكىرنى ئەستايىدىل قوللىغان ئىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەستىن قورچاق گارنىزون ئىشتاۋىغا قورچاق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك مەسلىھەتچىسى تاۋجىنچۇ سەنمۇجاڭ بولدى. ئۇ يول ئۈستىدە لەنجۇغا چۈشتى. مەن ئۇنىڭغا تاۋسىيۇنىڭ غەرىزىنى يەتكۈزگىنىمدە ئۇمۇ ئىنتايىن ماقۇل كۆردى. ئىككىمىز ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى مۇلاھىزە قىلىشىپ، نەچچە كېچە پاراڭلاشتۇق. نەتىجىدە مابۇفاڭنىڭ خەلققە تەسلىم بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلىپ، ئىمكان قەدەر بىر قىسىم مەركىزىي سىستېمىدىكى قوشۇنلارنى ساقلاپ، خېشى كارىدورىغا كىرىپ، شىنجاڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىش، ما جەمەتى قوشۇنلىرىنىڭ خېشى كارىدورىغا كىرىۋېلىشىغا يول قويماي ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش ھەرىكىتىمىزگە توسالغۇ بولۇشىدىن ساقلىنىش بۇ بىزنىڭ دەسلەپكى پىلانىمىز ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماۋجۇشى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جاكالىغان: گومىنداڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى ئالدىدا پەقەت تيەنجىڭ، بېيجىڭ ۋە سۈيىيۈەن ماڭغان ئۈچلا يول قالدى. باشقا يولنى تاللاش مۇمكىن ئەمەس! دېگەن ئېلاندىن ۋاقىپ

بولدۇق. بۇ پارلاق كورسەتكۈچ، بىزنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش ئىشەنچىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

## 2. مابۇفاڭنىڭ لەنجۇ تاۋخې دەريا لىنىيىسىدە تارمار بولۇشى

خۇزۇڭنەننىڭ ئاساسىي كۈچى ۋېيشۈي دەرياسى جىلغىسىدا تارمار قىلىنغاندىن كېيىن مابۇفاڭنىڭ ليۇپەنشەننىڭ شەرقىدىكى قوشۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن دىڭشى رايونىغا توپلاندى. نىڭشيا خېلەن قوشۇنلىرى نىڭشياغا چېكىندى، قورچاق مەركىزىي سىستېمىدىكى 91 -، 119 -، 120 - كورپۇسلار ۋېيخې قىرغىقىنى بويلاپ گەنسۇنىڭ غەربىگە چېكىندى. شۇ ۋاقىتلاردا كورەڭلەپ تۇرغان ماجىيۈەن ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ دىڭشى ئەتراپىدا ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىش خام خىيالىدا بولدى. مابۇفاڭ بولسا لەنجۇغا چېكىنىپ مۇداپىئە كورمەكچى بولدى. ئۇلار ئاتا - بالا بىر مەھەل ئۆز ئالدىغا ئىش كورمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى بالىسى ئاتىسىغا بويسۇندى. ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، مابۇفاڭ ماجىيۈەننى لەنجۇنى قوغداشقا، قورچاق مەركىزىي سىستېمىدىكى 3 كورپۇسنى تاۋخېنى قوغداشقا قويۇشنى ئويلىدى. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش بىزنىڭ قورچاق مەركىزىي سىستېمىدىكى قوشۇنلارنى خېشىدا ھەقىقەتكە ئۇتۇش كۈچى قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قېلىشىمىزغا پايدىسىز ئىدى. مابۇفاڭ بىلەن كوپ تەرەپلىمە تالاش-تارتىش قىلغاندىن كېيىن، ئاخىرى ئۇنى قولغا كەلتۈردۇق.



قورچاق مەركىزىي سىستېمىدىكى قوشۇنلارنى جىڭيۈەن، جىڭتەي ئارىلىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، خۇاڭخېنىڭ غەربىي قىرغىقىدا تۇرۇپ، خېشى ئېغىزىنى توساشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. بۇ خىل ئۇستىلىقلار ئارقىلىق، ھەقىقەتكە ئۇتۇش ئۈچۈن ئەپچىل شارائىت راسلىدۇق. ئەمما 119 - كورپۇسنى خۇزۇڭنەن گەنسۇنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەپ كەتتى. پەقەت 91 -، 120 - كورپۇسنىلا دىگەن جايىمىزغا ئورۇنلاشتۇرالىدۇق.

ماجىيۈەن خىللانغان 4 دىۋىزىيىسى بىلەن بىر قىسىم ئامانلىق ساقلاش پولك - ئەترەتلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ لەنجۇنى قوغدىماقچى بولدى. ئىككى تەرىپى خۇاڭخې ئالدى تەرىپى گاۋلەن تاغلىرىدىن ئىبارەت تەبىئىي توساقلارنى بىتون بىلەن قاتۇرغان بازىلار بىلەن تۇتاشتۇرۇپ: «بەربات بولمايمەن» دەپ ماختاندى. بولۇپمۇ ئۇ باتالىيون، پولكلارنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، غەلىبە قازىنىشقا بەك ئىشىنەتتى. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشكە ماھىرلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلار ئالدى بىلەن سىناپ بېقىپلا ئۇنىڭ ھىلىسىنى بايقىۋالالايدۇ. ئالدىدا قاتتىق ھۇجۇم قىلماي، دۈشمەن بازىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋېلىپ، ئاكوپ كولاپ، ئالدى - كەينىنى تۇتاشتۇرىدۇ. زور تۈركۈمدىكى ئوت ئېچىش قوراللىرى بىلەن زەمبىرەكلەرنى توپلاپ قويۇق ئوت تورى تەشكىل قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن كۆرەش گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ، دۈشمەن ئالدىغا كېلىپ يالغاندىن ھۇجۇم ياساپ دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكۈزىدۇ. دۈشمەننىڭ قويۇق قوشۇنى ئوت تورىغا كىرگەندە،

مىلتىق، زەمبىرەك بىلەن تەڭلا ئوت ئېچىپ، دۈشمەننى ئوت دېڭىزىغا تەلتوكۇس غەرق قىلىپ، بىرەرسىنىمۇ تىرىك قالدۇرمايدۇ، ھاماقەتلىكتە ئۇچىغا چىققان مابۇفاڭنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنى غازاڭدەك توكۇۋەتتى. بىرقانچە قېتىم شۇ تەقلىتتە زىيانغا ئۇچراتتى. شۇنداق قىلىپ لەنجۇنى قوغداۋاتقان مابۇفاڭ قىسىملىرىنىڭ غوللۇق كۈچلىرىنى قىرىپ تۈگىتەيلا دەپ قالدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ كۈچلۈك قوشۇنى خۇاڭخې تومۇر كۆۋرۈكىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ مۇھىم يولنى كېسىپ تاشلاپ، جەڭنى غەلىبىلىك تاماملىدى. تاۋخې دەرياسىدىكى مۇداپىئەمۇ بىر قېتىملىق چاقماق تېزلىكىدىكى ھۇجۇم ئاستىدا تارمار بولدى. جاھىل مابۇفاڭنىڭ فېئودال كۈچلىرى شۇنداق قىلىپ پۈتۈنلەي يوقىتىلدى. مابۇفاڭ ئاللىقاچان چىڭخەيدىكى كونا ئۇۋىسىغا قېچىپ كەتكەن ئىدى. ماجيۇەن ئارانلا ئۆز جېنىنى ساقلاپ، رەسۋالارچە بىرقانچە ئادەملىرى بىلەنلا يۇڭدېڭ ئارقىلىق شىنىڭغا ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ دادىسى بىلەن بىرگە ئالدىراپ - تېنەپ چۇڭچىڭغا قاچتى. نەچچە ئون يىل چىڭخەيگە ماكانلىشىۋېلىپ خەلققە قىرغىنچىلىق سالغان بۇ جاھىل فېئودال كۈچلىرى ئاخىرى تەلتوكۇس تارمار قىلىندى. خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇ خىل جانلىق ئىستراتېگىيىلىك تاكتىكىسىنى مەدھىيىلەشكە، شۇنىڭدەك ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ.



## 3. ھەقىقەتكە ئۆتۈش ھەركىتىنىڭ قاناتيايدۇرۇلۇشى

ئازاتلىق ئارمىيە لەنجۇدىكى مابۇفاڭ قوشۇنلىرىنى قورشاپ يوقىتىۋاتقاندا، قورچاق 91 - 120 - ئىككى كورپۇس ۋە بىرقانچە خىللانغان پولكلار خۇاڭخېنىڭ غەربىدىكى قىرغاقتا تاماشا كۆرۈپ ياتتى. بىر پاي ئوقمۇ چىقارمىدى. ماجيۇەننىڭ قوشۇنلىرى بىتچىت بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىككى كورپۇس ۋە باشقا پولكلار قورچاق غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىگە ئەگىشىپ، يۇڭدېڭ، گۇلاڭ ئارقىلىق ۋۇۋېيغا چېكىندى. يۇڭدېڭدىن ئۆتكەندە، مەن ماجيۇەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا مېڭىشنى نەسىھەت قىلغان ئىدىم. ئۇ كەسكىن ھالدا: «دادام تەسلىم بولسىمۇ، مەن تەسلىم بولمايمەن!» دېدى. گۇلاڭدىن ئۆتكەن چاغدا مەن جۇجيالىڭنىڭ غەرىزىنى سىناپ كۆرسەم، ئۇ ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قوشۇلدى. بىر ئالدىنقى قاراۋۇللارنى ۋۇچيالىڭغا كىرگۈزۈپ، ۋۇۋېيدا ئىش باشلاشنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئەمما ئۇ، ئاۋال خۇاڭزۇشۇننىڭ جايلىشىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ خېلى قىيىن ئىش ئىدى. شۇ ۋاقىتتا قورچاق مەھكىمىگە لىيۇرېن باش رەھبەر، مەن ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتىم. شارائىت خەۋپلىك بولۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيۇرېن گۇاڭشىلىق بولۇپ، لىزوڭرېن، بەيچۇڭشىلارنىڭ غەربىي شىمالغا ئەۋەتكەن ئافشاركىسى

ئىدى. شۇ ۋاقىتتا لىزوگرىن مۇۋەققەت قورچاق زۇڭتۇڭ بولدى. لىيۇرىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيۇرىن بىلەن خۇاگزۇشۈن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقاچقا، خۇاڭ: «ئولسەممۇ تەسلىم بولمايمەن» دەيدىغان سوزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. بۇ جەھەتلەردىن خۇاگنى قوغلاشنىڭ تەسلىگىنى قاراپلا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىن، بىز ئازاتلىق ئارمىيىسى چوقۇم جەنۇپقا يۈتكىلىپ ئالدى بىلەن «غەربىي جەنۇپ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، غەرپكە يۈرۈش قىلمايدۇ» دەپ خاتا چۈشىنىپ، ۋۇۋېيدا ئىشىمىزنى قىلىۋەرسەك بولار دەپ قارىدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. نەچچە كۈن ئۆتمەيلا، ۋۇچيالىڭ بېسىمغا ئۇچراپ، شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە كەسكىن داۋالغۇش پەيدا بولدى. خۇاگزۇشۈن ھەر بىر قەدەمدە قىيىنچىلىق تۇغدۇرغانلىقتىن، ئالدىن بېكىتكىنىمىز بويىچە ھەقىقەتكە قايتىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. پىڭ مىڭدىڭ، جۇجيالىڭلار كۈچنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسى ئىشلار باشقارمىسى بىلەن ھەربى قانۇن — ئىككى باشقارمىنىڭ باشلىقىنى قوشۇپ، ئىچكى ئولكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى تېلېگىراممىا ئارقىلىق تاۋغا مەلۇم قىلدى. مەن تېلېفوندا زېڭجىگۈۋنى ۋۇۋېيغا چاقىرىپ كېلىپ: جايۇگۇەننىڭ ئىچكى - تاشقى تەرەپلىرىدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چاپسان شىنجاڭغا بېرىپ، ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ تاۋنىڭ ھەقىقەتكە قايتىش كۈرىشىنى قوللاشنى ئېيتتىم



ھەمدە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن «ئىچكىرىدىن 2 ئاپتو دىۋىزىيىسى شىنجاڭغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئوتۇشىنى قوللايدۇ» دەپ جار سېلىشنى تاپىلىدىم.

زېڭجىگۈۋ ماڭغاندىن كېيىن، ۋۇچيالىڭغا بېسىم كۈچەيدى. قورچاق مەھكىمە جاڭيېگە چېكىندى. مەن جۇ بىلەن جاڭيېدىن تېلېگىرام بېرىشنى مەسلىھەتلەشتۇق. ئەگەر تېلېگىرام بېرىشكە ئامال بولمىغاندا يۈيمېندىن غەرپكە ئوتۇپ كەتمەي، ئامال قىلىپ جۇچۇەننىڭ شەرقىدە ھەقىقەتكە ئوتۇشىنى مۇزاكىرىلەشتۇق. چۈنكى تاۋسىيۇ بىزگە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يۈيمېن ئېغىزلىقىنى چوقۇم ساقلىنىپ قالسۇن!» دەپ يوليورۇق بەردى. مەن بىر مۇئاۋىن بىرىگادا باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2 باتالىيوننى ئېغىز كانىنى ساقلاشقا يۈيمېنگە ئەۋەتىپ، «سىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقلارنى يېنىكلەتمەكچى بولدۇم» دەپ تېلېگىرام ئەۋەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا بىز يۈيمېندىن ئوتۇپ كەتسەك، جاسۇسلار ئېغىزلىقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ قويسا، بىز بۇ مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلالمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقىقەتكە ئوتۇمىز دەپ قانداقمۇ سوز قىلالايمىز؟ جۇ بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇ توغرىدىكى تونۇشىمىز ئوخشاش ئىدى. ئەمما لىيۇرېن بىزگە تەھدىت سېلىش ۋە قىزىقتۇرۇشنى قەدەممۇ - قەدەم كۈچەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن بىرنەچچە گۇمانلىق ئادەملەرگە ئولۇم جازاسى بېرىپ بىزگە ھەيۋە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يالغاندىن «ھازىر ئىككى ئورۇن بار. بىرسى خېشى گارنىزون قوماندانى، يەنە بىرسى

مەھكىمىنىڭ سەنمۇجاڭى، پىڭمىڭدىڭ بىلەن پىڭيۇشياڭ ئىككىڭلار، تاللاۋېلىڭلار. سىلەر قېنى قايسى ھوقۇقنى خالايسىلەر؟» دېدى. بۇنىڭدىن ئاۋال مەن شىنجاڭدىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئوتتۇشى مۇقىملاشقانلىقىنى بىلگەن ئىدىم. «زېڭجىڭۋۇ شىنجاڭغا ۋاكالىتەن خېشىدىن لەنجۇغا كېلىپ، ھەقىقەتكە ئوتتۇشنى مەسلىھەت قىلىپ، يولىيورۇق ئالغىلى كەلدىم» دېدى. ليۇرېن ئۆزىگە ئويناۋاتقان بۇ ئويۇنغا دىمىغىدا غىڭشىلداپ قويدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئاتلىق مەكتەپ بىرىگادىسى يوقىتىلدى دەپ جىددى خەۋەر كەلدى. قورچاق مەھكىمە گاۋتەيگە كوچۇشكە مەجبۇر بولدى. ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ ئۈزلۈكسىز قوغلاپ شىددەتلىك زەربە بېرىشى ئارقىسىدا ھەقىقەتكە ئوتۇش ۋەزىيىتىنى پايدىلىق شەرت - شارائىتلارغا ئىگە قىلدى.

## 4. ھەقىقەتكە ئوتتۇش كۈرىشىنىڭ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاناتيېيىشى

جاڭيېدىن چېكىنىۋاتقان يول ئۈستىدە، ليۇرېنىنىڭ پىكاۋى بىلەن بىر يۈك ئاپتوموبىلى سوقۇشۇپ كېتىپ ليۇرېن ئېغىر ياردار بولدى. مەن گاۋتەيگە بېرىپ كەينى - كەينىدىن توۋەندىكى ئەھۋاللارنى ئۇقتۇم (ۋاقتى 18 - سېنتەبىر كۈنلىرى ئىدى).

1. جاڭيېدىن ماشىنىلىق جۇچۇەنگە كەتكەن جۇجيالىڭ ماڭا تېلېفون بېرىپ: «مەن جۇچۇەن ئايرودرومىغا يېتىپ كەلدىم. ھازىر ماڭماقچىمەن.» دېدى. مەن «نىمە ئۈچۈن؟» دەپ



سورىدىم، ئۇ «مەن ئىشلىمەيمەن» دەپ جاۋاپ بەردى. مەن «ئىككىمىز قىلغان ئىش، سەن كەتسەڭ قانداق قىلىمەن؟» دېدىم. ئۇ «سەن يالغۇز ئىشلىگىن! مەن ھازىرلا ئۇچماقچىمەن.» دەپ جاۋاپ بەردى - دە، تۇروپكىنى تاشلاپ كەتتى (جۇ ئەسلىدە ھەقىقەتكە قايتىشتا ناھايىتى ئاكتىپ ئىدى. ئېھتىمال شاڭگۇەن چېقىپ قويۇپ ليۇرېن ۋە خۇاڭزۇشۇنلەرنىڭ بېسىمىغا چىدىماي كېتىشكە مەجبۇر بولغان.

2. زېڭ جىڭۋۇ گاۋتەيدىن ئوتۇپ لەنجۇغا كەلگەن.

3. ليۇرېن ياردار بولۇشنى بىزدىن كورگەن. ئۇنىڭ يارىسى ئېغىر بولۇپ بەكمۇ ئالاقزادە بولدى. گاۋتەيگە كەلگەندە ئۇ قورچاق دولەت مۇداپىيە مىنىستىرلىگى خۇاڭزۇشۇننى خېشى گارنىزون باش قوماندانلىقىغا، پىڭيۇشياڭنى مەھكىمە سەنمۇجاڭلىقىغا تەستىقلىغان تېلېگىراممىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماشىنىلىق جۇچۇەنگە يۈرۈپ كەتتى.

4. خۇاڭزۇشۇنمۇ ئارقىدىن كەتتى. مەقسىدى ئېنىق ئەمەس. ليۇرېنىنىڭ سۈيقەستى پۈتۈنلەي پاش بولدى. ئەگەر خۇاڭزۇشۇن قورچاق خېشى گارنىزون قوماندانلىقىنىڭ نامى بىلەن خېشىدىكى قوشۇنلارنى ئىگەللەپ كەتسە، پىڭيۇشياڭ قورچاق مەھكىمە سەنمۇجاڭلىق نامى بىلەن ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق ھوقۇقىنى تارتىپ كەتسە، ئۇ چاغدا ھەقىقەتكە ئوتۇش ئىنتايىن تەسكە چۈشەتتى (بەختكە يارىشا خۇاڭ زۇشۇن، پىڭيۇشياڭلار ھېچ ئىش قىلالمىدى) قارا بولۇتلار قاپلاپ، ۋەزىيەت ئېغىرلاشقان ئەھۋال ئاستىدا، مەن ئۆزەمنى تۇختىتى-

ۋېلىپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈش يولىدا، جېنىمنى پىدا قىلىشقا قەسەم ئىچتىم. بىر تەرەپتىن تېلېفوندا قورچاق 8 - تەمىنات رايوننىڭ ئاديۇتانتلار باشلىقى خې يىفۇنى چاقىرىپ، گاۋتەيگە كېلىپ مېنى ئىزلەشنى تاپشۇردۇم. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزەم گاۋتەي بازىلىرىغا بېرىپ قوشۇنلارنى ئورۇنلاشتۇردۇم. بولۇپمۇ 120 - كورپۇسنى ئىگەللىدىم. چۈنكى بۇرۇن مەن بۇ كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان ئىدىم. ھازىر جۇ كەتتى. بۇ كورپۇسنى بىۋاستە ئۆزەم تۇتۇشۇم كېرەك. بۇ چاغدا مەن ئىككى خىل يولنى ئويلۇدۇم. ئالدى بىلەن قورچاق مەھكىمە تەۋەلىكىدىكى قوشۇنلارنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈشىنى ياخشى ئىشلەشكە ئۇرۇنۇپ كورۇش. ئىلاجى بولمىغاندا 120 - كورپۇسنى باشلاپ شەرققە بېرىپ ئازاتلىق چوڭ ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىش، مەن شۇنداق قىلسام خاتالاشمايمەن دەپ چۈشىنىپ ئانچە قورققۇم كەلمىدى.

بازىلارنى كوزدىن كەچۈرۈپ، قايتىپ كەلسەم خې يىفۇ يېتىپ كەلگەن ئىكەن، مەن ئۇنى جۇچۇەننىڭ جىڭبى (گارنىزون) قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ 4 باتاليون ئەسكەر بىلەن جۇچۇەننى كونتۇرول قىلىشنى، بولۇپمۇ خېشى گارنىزون باش قوماندانلىق ئىشتاۋىنى نازارەت قىلىشقا دىققەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم. مەزكۇر ئىشتاپ گەرچە قۇرۇق جازا بولۇپ، ئارانلا بىر مۇھاپىزەتچى باتاليونغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى تۇرغۇچىلار ئىشقا سالالايدىغان بىر كۈچ ئىدى. خې خوشاللىق بىلەن بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋېلىپ جۇچۇەنگە قايتىپ



مۇداپىئە قۇرۇشقا كىرىشتى.

لىيۇ رېن، خۇاڭ زۇشۇن ئارقا - ئارقىدىن گەنسۇغا بېرىپ، خېشى باش ئىشتاۋىنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋېلىپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىشى مۇمكىن ئىدى. جۇچۇەننىڭ كاپالەتكە ئىگە بولۇش - بولماسلىقى، شىنجاڭ بىلەن گەنسۇنىڭ بىرلىكتە ھەقىقەتكە ئۆتۈشىگە تەسىر كورسىتەتتى. ئەگەر جۇچۇەن كاپالەتكە ئىگە بولمىسا مەن ئۇ چاغدا تېخىمۇ يىتىم قالاتتىم. شۇڭا، مەن مۇداپىئە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماشىنىلىق جۇچۇەنگە كەلدىم. مەقسەت خې يىفۇنىڭ مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش، لىيۇ، خۇاڭلارنىڭ سىرلىق ھەركەتلىرىنى رازۋېتكا قىلىش ئىدى. جۇچۇەنگە كېلىپ ئۇ يەردىكى مۇھاپىزەت ئىشلىرىنىڭ ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇم. خېشى باش ئىشتاۋى تېخى جىم ئىدى. تېلېفون ئارقىلىق شىنجاڭ ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. تاۋسىيۇ ماڭا: «شىنجاڭدىن يۈيمىن ماي كانىنى قوغداشقا ئەۋەتىلگەن قوشۇن بىلەن ئەنشىدىكى شىنجاڭ مۇھاپىزەتچى پولكىغا ئۆزەڭلار بىۋاستە قوماندانلىق قىلىپ، يۈيمىن كانىنى چوقۇم ساقلاپ قېلىڭلار، ئەگەر زىيانغا ئۇچرىسا مەسئۇلىيىتى قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ» دېدى. مەن تاۋنىڭ يوليورۇقىنى دەرھال يۈيمىن ۋە ئەنشىدىكى قوشۇنلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، مۇھاپىزەت خىزمىتىگە سادىق بولۇشنى، ھەر قانداق ئەھۋال بولسا ماڭا خەۋەر قىلىشنى تاپىلىدىم، ئاندىن خېشى گارنىزون ئىشتاۋىغا بېرىپ خۇاڭ زۇشۇننىڭ تېخىچە بۇ

يەرگە كەلمىگەنلىكىنى ئۇقتۇم. گارنىزون ئىشتاۋىنىڭ سەنمۇجاڭى تاڭ زۇتەن ھەقىقەتكە ئوتتۇشكە قوشۇلدى. ئەمما ليۇ، خۇاڭلارنىڭ ھەركىتىنى تېخىچە ئېنىقلىيالمىدىم. يولۋاسنىڭ ئۇۋۇسىغا كىرمىگىچە ئەھۋالنى بىلىش تەس. نائىلاج ليۇرېننىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكتىن كىرىپلا قورچاق مەھكىمىدىكى شاڭگۇەن يەيۇ بىلەن مەخپىي پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلار مېنى كۆرۈپ ئەجەپلەنگەندەك بولدى. مەن بىخىرامان كىرىپ ليۇرېندىن كېسەل ئەھۋالىنى سورىدۇم. ليۇ «يارام بىر ئاز ياخشى، تېز داۋالىنىشىم كېرەك» دىدى. مەن ئاشقا گەپلەر بىلەن خاتىرجەم قىلغاندىن كېيىن: «خۇاڭ جۇنجاڭ سىزنى يوقلاپ كەلدىمۇ؟» دەپ سورىدۇم. ئۇ «ياق» دەپ ئارقىدىن ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق ئىشتاۋىدىكى خۇاڭ چۇجاڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە: «ئۇ مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بىزنى چۇڭچىڭگە دوكلات بېرىش ئۈچۈن ئالغىلى كەلگەن ئىكەن، بىز تەييارلىق قىلىپ ئالدۇرراق ماڭايلى» دىدى. بۇنىڭدىن مەن بىلەن جۇجيالىڭنى چۇڭچىڭگە ئېلىپ كېتىش ليۇ بىلەن قورچاق دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ ئورتاق سۈيىقەستى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. مەن بۇنىڭدىن ھوشيار بولۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «سىزنىڭ يارىڭىز مۇنداق ئېغىر تۇرسا، قانداقمۇ ئۇزۇنغا ئۇچالايسىز؟ بولۇپمۇ ئىچىدىن قان چىققان بولسا ئاسانلىقچە مىدىرلىماسلىق كېرەك. داۋالىنىش مۇھىم، مەن ياخشى دوختۇر چاقىرىپ تەكشۈرتۈپ كۆرەي» دىدىم ـ دە قوزغىلىپ يالغاندىن «ھارسىلا كېلىمەن»



دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. مەن ئۇ يەردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ بىر نەچچە كىچىك كوچىلارنى ئايلىنىپ سەھىيە كوچىسى 21 - نومۇرلۇق قورودىكى زېڭ جىڭۋۇنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. (زېڭ شۇ كۈنى لەنجۇغا كەتكەن). بۇ ئۆيدە چۈشلۈك تاماق يېدىم. تاماقتىن كېيىن دەرھال ئالدىنقى سەپكە بېرىشىم كېرەك ئىدى. ئەمما كۆرەش نۇقتىسى جۇچۈەندە، خۇاڭ زۇشۇنىڭ سىرى ئېنىقلانمىدى. ليۇرېننى قولغا ئېلىش كېرەكمۇ - يوق؟ بۇ توغرىدا راسا بېشىم قېتىپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئالدىنقى سەپتىن تېلېفون كېلىپ، ليۇ شېڭدۇڭ مەن بىلەن مانىڭ گازارمىسىدا ئۇچراشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن گازارمىغا بارسام، ليۇ شېڭدۇڭ 120 - كورپۇس سەنمۇجاڭى سۇڭ خۇيخۇا بىلەن مېنى ساقلاپ تۇرغان ئىكەن. ئۇ ماڭا قوماندان ۋاڭ جېڭ يازغان خەتنى تاپشۇردى: «قوماندان زېڭ جىڭۋۇنىڭ دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېنى ئەۋەتتى، تېزرەك ھەركەتلىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.» دىدى، مەن دەرھال يېنىمدىكى ناگاننى يۈز تال ئوقى بىلەن ليۇغا بېرىپ، «مېنىڭ ئالدى بىلەن قورال تاپشۇرغانلىقىم بولسۇن!» دىدىم. ئۇنىڭ بۇنى قوماندان ۋاڭ جېڭگە تاپشۇرۇپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدىم ھەمدە پۈتۈن لېنىيەنىڭ گاۋتەي پوزىتسىيىسىدىن چېكىنىپ جۇچۈەن ئەتراپىغا يىغىلىپ، ھەقىقەتكە ئوتتۇشكە بۇيرۇق بېرىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. ليۇ مېنىڭ كەسكىنلىكىمنى كۆرۈپ، خوشاللىق بىلەن جاڭيېگە قايتىپ دوكلات قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مەن دەرھال جۇچۈەن سەھىيە كوممىتېتى 21 - نومۇرلۇق قوروغا قايتىپ

بېرىپ، قوماندانلىق ئىشخانىسى قۇردۇم. مەلۇماتـلارغا ئاساـ
سەن لىۋرېن بىلەن شاگگـۇەن يەيۈلار سەھەردىلا ئايـرۇپىلان
بىلەن قېچىپ كەتكەن ئىكەن. خۇاڭزۇشۇن ئايرۇپىلاندا قاچماقـ
چى بولۇپ، ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان نەگە كەتكىنى ئېنىق ئەمەس،
بۇ ئۇچىغا چىققان مەككار خۇمپەرلەرنىڭ قاچقىنى ھەقـىقەتكە
ئوتتۇشكە قارشى تۇرغۇچىلار ئۈز يادروسىدىن ئايرىلغىنىغا ئوخـ
شاش بولۇپ بۇ ئەلۋەتتە ياخشى بولغىنى. ئەمما خـۇاڭزۇشۇنـ
دەك يوشۇرۇن بالايى ـئاپەت تېخى تازىلانمىدى.ھەرگىز بىپەرـ
ۋالىق قىلىشقا بولمايتتى.

## 5. ھەقىقەتكە ئوتتۇش كۇرىشى ئوتكۇرلەشمەكتە

19 ـ چىسلا چۈشتىن كېيىن ماشىنا ئەتردى (شۇ ۋاقىتـ
تا پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ كوپىنچىسىدە ماشىنا بار ئىدى) ئاتـ
لىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن جـۇچـۇەنگە كەلـدى. ماشىنىلار گـۇـ
رۇلدەپ، ئاتلار كىشنەپ، ئادەملەرۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىپ، تەر
تىپ قالايمىقانلىشىپ، كىشىلەر راسا پاراكەندە بولغان ئىدى.
كەچ بولغاندا خۇاڭزۇشۇن ئۆزىنىڭ قىسمەن ئەسكەرلىرىنى
كۇشكۇرتۇپ مۇھاپىزەتچى قوشۇنغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قوزغىدى
ھەمدە بىرنەچچە گۇرۇپپا ئىشپىيونلارنى كۇشكۇرتۇپ، مىنى ئىزـ
لەيتتى. مىلتىق، زەمبىرەكلەر تەڭ ئېتىلىپ، ئىسكىلات كويۇپ،
پۈتۈن شەھەرنى ئوت قاپلىغان ئىدى. دىۋىزىيەكوماندىرى شىڭ
جۇشـىڭ، لىخۇەنەن قاتارلىقلار مىنىڭ ئىشخانامـغاباستۇرۇپ



كىرىپ تەسلىم بولمايدىغانلىقىنى، ئاداققىچە ئۇرۇشىدىغانلىقىـ
نى داۋراڭ قىلدى. پىڭيۇيشياڭ قورچاق مەھكىمىدىكى بارلىق
ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى مەجبۇرى ئەگەشتۇرۇپ، لىۇجۇ دىۋىزـ
يىسىنىڭ خۇزۇگنەن، گۇجۇتۇڭلارنىڭ بولىورۇغـى ئاستىدا، ھەـ
قىقەتكە ئوتتۇشكە قارشىلىشىۋاتقانلىقىغا تايىنىپ، ئۇزلـۇكسىز
خۇزۇگنەن، گۇجۇتۇڭلاردىن ياردەم تىلىگەن ئىـدى.

بۇ بىر كەسكىن ۋەزىيەت ئاستىدا، خېيىفۇ ئالدى بىـلەن
لى بىڭشۇنىڭ باتاليونىنى سەھـىيە كوچـىسـىدىكى ھەقـىقەتكە
ئوتتۇش قوماندانلىق ئىشخانىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقائەۋەتتى،
ئۇزى مۇھاپىزەتچى قىسىملارغا قـوماندانلىق قىلىپ، خۇاڭزۇـ
شۇن ئەسكەرلىرىگە قايتارما ھۇجۇمغا ئوتۇپ كۇچلۇكزەربە بەرـ
دى. خۇاڭزۇشۇن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپ، مۇھاپىزەتچى روـ
تىسىنى باشلاپ چىلەنشەن تاغلىرى ئارقىلىق يۇننەنگە قېچىپ
بارغاندا قولغا چۈشتى.باشقىلار يېڭىلىشكە كوزىيېتىپ، بارا ـبارا
ئۇزگىرىش ياساپ، ھەقىقەتكە ئوتتۇشنى خالىدى. شىڭجـۇشىڭ
قاتارلىقلار ئۇزۇنراق جان تالاشقان بولسىمۇ مەن بىلەن ساۋ
شوشى ئىككىمىز ھەقىقەتنى كۇچـەپ چۈشەنـدۇرگەنـدىن كېيىن
ئاخىرى باش ئەگدى.

بۇ مەيدان كۇرەشتە، خـېيىفۇ، ساۋشوشى ۋە تاڭزۇتەنـ
لەر ھەقىقەت تەرەپتە تۇردى. بولۇپمۇ خې يىفۇ ئاكتىپ ۋەقەتـ
ئى پوزىتسىيىدە بولدى. ئۇ ماسلاشمـىغان بولـسا بۇ قېتىمقى
ھەقىقەتكە ئوتتۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش ـ بولماسلىقىدىن
ئېغىز ئېچىش تەس ئىدى. خـېيىفۇنىڭ ئىدىيىسى ئەزەلدىـنلا

بىر قەدەر ياخشى ئىدى. لەنجۇ ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى، قورچاق 8 - تەمىنات رايونىغا تەۋە ئايتوموبىل رېمونت زاۋۇتى ۋە دوختۇرخانا قاتارلىق 5 زاۋۇتنى خەلققە خىيىم - خەتەرسىز تاپشۇرۇش ئۈچۈن يوتكىيەمىز دىسەك، زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ خې يىفۇ ماگا «يوتكىسەك چېچىلىپ بىكار ئاۋارىگەرچىلىك بولىدۇ» دىگەننى تەكىتلەپ، ئۇلارنى ئورنىدىن قوزغىماي ئاسراپ قالدى. بۇ شۇ ۋاقىتتىكى چوڭ يۈرەكلىك بىلەن قىلىنغان بىر ئىش. دىمەك شۇ كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن بۇ زاۋۇتلارنى ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسىگە خىيىم - خەتەرسىز تاپشۇرۇپ بەردۇق.

21 - سېنتەبىر ليۇشىگرۇڭ جاڭيېدىن جۇچۇەنگە كېلىپ قوماندان ۋاڭجېڭ 200 دانە ئاپتوموبىل ئەۋەتىپ، ئىككىنچى كورپۇسنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرىنى سۇجۇغا يەتكۈزۈشكە تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دەرھال ئورۇنلىدىم. 1949 - يىلى 22 - سېنتەبىر كۈنى ئازاتلىق ئارمىيە برونېۋىك پولكى جۇچۇەنگە كىردى. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشتى، نەچچە تۈمەن گومىنداڭ ئوفىتسېر، ئەسكەرلىرى ئازاتلىققا ئېرىشىپ ئىنقىلاپ يولىغا قەدەم تاشلاپ يېڭىچە ھاياتنى ھاياجان ئىچىدە تەبرىكلىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن 1 -، 2 - بىڭتۇەن ۋە 1 - دالا ئارمىيە باش ئىشتاۋى ئارقىمۇ - ئارقا جۇچۇەنگە كەلدى، زېڭ جىڭۋۇمۇ ئازاتلىق ئارمىيە بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى.

ھەقىقەتكە ئۆتكەن تۆۋەندىكى ئىدارىلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 -، 2 - بىڭتۇەنلەر قوبۇل قىلدى:



قورچاق مەمۇرى مەھكىمىسى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە قوشۇنلارنى 2 - بىڭتۇەن ئۆتكۈزۈۋالدى. تاپشۇرۇشقا پىڭ مىڭدىڭ مەسئۇل بولدى. بۇ ئورگانلار: قورچاق مەمۇرى مەھكىمە ئىشتاۋى، قورچاق 91 - 120 - كورپۇسلار. ژاندارما 22 - پولك، مېخانىكىلاشقان خەۋەرلىشىش 7 - پولكى، لەنجۇ گارنىزون پولكى، شىنجاڭ گارنىزون پولكى، توگە ئەسكەرلەر پولكى، ئېغىر زەمبىرەك باتالىيونى، شىنجاڭدىن كەلگەن نېفىت كانىنى قوغداش 2 باتالىيونى، خېشى گارنىزون باش ئىشتاۋى، قورچاق خېشى گارنىزونىنىڭ مۇھاپىزەتچى ، دالىيونى.

قورچاق 8 - تەمىنات رايون تەۋەلىكىدىكى ئورگانلارنى بىرىنچى بىڭتۇەن ئۆتكۈزۈۋالدى. تاپشۇرۇشقا زېڭ جىڭۋۇ مەسئۇل بولدى. بۇ ئورگانلار سانى: 8 - تەمىنات رايون قوماندانلىق ئىشتاۋى 3 ئاپتوموبىل پولكى، ئىككىسى ياردەمچى باتالىيون ھەمدە باشقا ئىسكىلات، زاۋۇت، دوختۇرخانا، مەكتەپلەر.

## 6 . خاتىمە

بۇ قېتىمقى ھەقىقەتكە ئۆتۈشتە، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئۇلۇغ سىياسىتى، ماۋجۇشىنىڭ شانلىق ئىدىيىسى جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا زور دولقۇن قوزغاپ، چىرىكلەشكەن جياڭجېيشى خاندانلىقىنىڭ بارلىق تۇغان - تۇسمىلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى تەگىدىشى يوق خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قوغلاپ

زەربە بېرىپ، جاھىل دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر قىلىپ، باشقا يول تاللىۋېلىشقا يول قويمىغانلىقى ئاساسىي سەۋەپ بولدى؛ بۇ خىل ئىنقىلاپ دولقۇنىدا ئازراقلا كاللىسى بار كىشىلەر، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭغاندىلا، ئاندىن پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇشقا مەجبۇر ئىدى.

پولاتتەك تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نۇرى، مۇقەررەر يوسۇندا پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى ۋە ئېزىلگەن مىللەتلەر بىلەن خەلقلەرنىڭ تەل - توكۇس ئازاتلىققا چىقىش، ئەڭ ئاخىرىدا كوممۇنىزىم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلايدۇ. بۇ تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيىتى ھەر قانداق كۈچ توساپ قالالمايدۇ.

1979 - يىلى 28 - ماي



# شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئوتۇش خاتىرىلىرى

## لى تاڭمىڭ

شىنجاڭدا تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە ئوتۇش، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقى ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئازاتلىق ئۇرۇش، لياۋشىن، پىڭجىن، خۇەيخەي جەڭلىرى ئارقىلىق، جياڭ جيېشى خاندانلىقىنىڭ ھالاكەت تەقدىرى مۇقەررەرلەشكەن، ئۇلارغا بۇ زاۋاللىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالى قالمىغان ئىدى. ئەكسىيەتچىلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر كۈلپەتلەرگە، خەلقنىڭ سەۋرى تاقىتى قالمىغان. ھەقىقەت تەرەپكە ئۆزگەرمىسە ماڭىدىغان يولىمۇ قالمىغان ئىدى. بولۇپمۇ شىئەن، باۋجى، تيەنشۈي، لەنجۇدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئىستىراتېگىيىلىك شەھەرلەر ئارقىمۇ - ئارقا ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تەمىنات لىنىيىسى كېسىلدى. بۇ چاغدا شىنجاڭدىكى گومىنداڭ خوددى قۇدۇققا چۈشۈپ قالغان پاقىدەك ھېچنەگە كېتەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. ئۇرۇشاي دېسە ئۇرۇشالمايدىغان، چېكىنەي دېسە، چېكىنىدىغان يولى يوق بولۇپ، پەقەتلا بىرلا يولغا تىنچ ھەقىقەتكە ئوتۇش يولىغا مېڭىش كېرەك ئىدى.

## (1)

1948-يىلى 8-ئاۋغۇست كۈنى، ئۇرۇشپەرەس سۇڭ شىلەن شىنجاڭدىن يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ تاۋسىيۇنى لەنجۇدىن شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشقا يۆتكەپ كەلدى. بۇ ئادەتتىكى كادىر يۆتكەش ئىشى بولماستىن، ئۇنىڭدا چوڭقۇر مەنا بار ئىدى. سۆزنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن باشلايدىغان بولساق، گومىنداڭنىڭ بۇ پىشقەدەم گېنېرالى تاۋسىيۇ، خۇزۇڭنەن تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان ئىدى. دەل بۇ ۋاقىتتىكى باش سىياسىي باشقارما باشلىقى بولغان جاڭ جىجۇڭ قەدىرىگە يېتىپ، ئۇنى 1-ئۇرۇش رايونى سىياسىي باشقارمىنىڭ مۇدىرلىقىغا ھەمدە قوشۇمچە مۇئاۋىن جاڭگۈەنلىككە تەيىنلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ كەلگەن ۋاقىتتا، تاۋسىيۇنى غەربىي شىمال مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن جۇرېنلىقىغا تەيىنلەپ بىللە ئېلىپ كەلدى. تاۋسىيۇنى بۇ قېتىم شىنجاڭغا يۆتكەپ كېلىش جاڭ جىجۇڭنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بولغان ئىدى. شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئېيتقاندا تېچلىقنىڭ ئاساسى ئىدى. گېنېرال تاۋسىيۇ، مۇئامىلە ۋە ئىش باشقۇرۇشقا ئىنتايىن پىششىق، كىشىلەرگە ئاسانلا يېقىنلىشالايدىغان، نەگە بارسا شۇ يەرگە ماسلىشالايدىغان، ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئەزەلدىن ھەيۋە كۆرسەتمەستىن، بېرىش-كېلىش ئىشلىرىدا ئۆزىگە ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ياقتۇر-



ماي، كەمتەرلىك بىلەن ئۆتۈشنى خالايدىغان بولغىنى ئۈچۈن چوڭ ئابرويغا ئىگە ئىدى.

جاڭ جىجۇڭنىڭ قىلغان 2-ئىشى، مەسئۇتنى يۆتكەپ، بۇرھان شەھىدىنى ئۆلكە رەئىسى قىلىش بولدى. 1948-يىلى دېكابىر، جاڭ جىجۇڭ نەنجىڭدە جاڭ جيېشىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن، بۇرھان شەھىدىنى شىنجاڭغا قايتۇردى. خاتىرەمدە 1948-يىلىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى تاۋسىيۇ، ليۇمىڭچۈنلەر مەسئۇتقا ئۆلكە رەئىسلىكىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى ئۇقتۇرۇپ، بۇرھان شەھىدىنى رەئىس قىلدى. بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش، شىنجاڭنى تېچ ئازات بولۇش يولىغا مېڭىشقا يول ئېچىپ بەردى.

بۇرھان شەھىدى ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، مەسئۇت، ئەيسا ئىككىسى تەختتىن چۈشتى. مۇھەممەت ئىمىن 2-مۇئاۋىن رەئىس ھەمدە قوشۇمچە تەمىرات نازىرلىقىنى ئۆتىدى. ليۇمىڭچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى. باشقا ھەيئەتلەردە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئىشخانا مۇدىرلىقىغا سەي خىڭسىڭنى، ئۆلكىلىك كادىرلار بۆلۈمىگە نۇسرەت شەھىدىنى تەيىنلىدى. يەنە شىڭ شىسەي دەۋرىدىن قالغان كونا بيۇروكراتلاردىن مەسىلەن، بەي يۇچىنى سودا شىركىتىنىڭ باش جىڭلىلىقىغا تەيىنلىدى، ياڭ خېتىڭنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشقا سالدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى بۇرۇنقىدەكلا قالدى.

شىنجاڭنى تېچ يول بىلەن ئازات قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 1949-يىلى مەركەزنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، دېڭ لىچۈن ئەپەندى سوۋېت يېرى ئارقىلىق غۇلجىغا، غۇلجىدىن ئۈ-

رۇمچىگە كېلىپ بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. يولداش دىڭ لىچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن، تاۋسىيۇ، ليۇمىڭچۈن، چۈي ۋۇلار بىلەن كۆرۈشتى. بىر كۈنى كەچتە مەن بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق كىچىك زىياپەتتە، بۇ تىنچلىق ئەلچىسىنى كۆرگەن ئىدىم. ئۇنىڭ تۇرقى يېقىملىق، سۆزى ئۆتكۈر، قايىل قىلارلىق ئىدى. دىڭنىڭ كەلگەنلىكىنى جاھىللار گۇرۇھى، يې چىڭ، لۇشۇربىن، ماچىڭشياڭلار ئەلۋەتتە بىلەتتى، ئەمما ئۇلار تاۋسىيۇنىڭ غەرىزىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەچكە، يېنىكلىك قىلىشقا پېتىنالمايتتى.

**(2)**

جاڭ جىجوڭ بېيجىڭدىكى سۆھبەتكە بېرىپ، غەربىي شىمالغا قايتىپ كەلمىدى. جياڭ جيېشى غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي باشلىقلىقىنى مابۇفاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. مابۇفاڭ گەرچە جياڭ جيېشى سېستىمىسىدا بولمىسىمۇ، ئەمما چىڭخەيدە ئۇزۇن يىل تۇرۇپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دىنىي ئېتىقات سەۋەبىدىن ئىنتايىن جاھىل ئىدى. ئۇزۇن يىلدىن بېرى، ما جەمەتى قوشۇنلىرىنىڭ، غەربىي شىمالدا چوڭ مىللىتارىستئىكەنلىكىنى كىممۇ بىلمىسۇن.

مابۇفاڭ غەربىي شىمالغا جاڭگۇەن بولۇش بىلەنلا چوڭ ئىشقا تەييارلاندى. گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭلارنىڭ ھەممىسىدە بولۇپمۇ شىنجاڭ بىلەن گەنسۇدا قويۇق ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ باردى. مابۇفاڭ شىنىڭدىن لەنجۇغا كېلىپ ئىش تۇتقاندىن كېيىن، تاۋسىيۇ، ليۇمىڭچۈنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ. سىياسەتنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ماجۇڭيۈنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى ھەمدە ليۇمىڭچۈننىڭ يېنىدا غەربىي شىمال مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى بولۇشى، مەھكىمىنىڭ ئۈرۈمچى ئىشخانىسىنى باشقۇرۇپ تۇرۇشنى تاپشۇردى، ماجۇڭيۈ 5 - ئاتلىق كورپۇسقا ئۆزى بېرىپ، ماچىڭشياڭ ۋە بارلىق ئوفىتسېر-ئەسكەرلەردىن ھال سورىغان بولدى. ماجۇڭيۈنى تاۋسىيۇ، ليۇمىڭچۈنلەر گەرچە قىزغىن كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، ھېچقانچە رول ئوينىمىدى. تاۋسىيۇ باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم گېنېراللار، تاۋسىيۇ ۋە ليۇمىڭچۈنلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يېرىم ئوچۇق ياكى مەخپىي ھالدا، قانداق قىلىش كېرەك، كۈندىن - كۈنگە جىددىيلىشىۋاتقان ھەمدە خەۋپلىك بولۇۋاتقان ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلىشەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، شەرقىي گەنسۇ ئۇرۇشىدا ماجيۈەن مەغلۇپ بولدى. تيەنشۈيدىكى جۇجيالىن سوقۇشمايلا قاچتى، شۇنىڭ بىلەن لەنجۇ خەۋپ ئاستىدا قالدى. بۇ خەۋەر شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار ئوتتۇرىسىدا 2 خىل ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ئىستراتېگىيىسى پەيدا بولدى؛ بىر خىلى ئۆز يېرىدە مۇداپىئە كۆرۈشنى، يەنى شىنجاڭ بىر چەتتىكى جاي، زورۇر تېپىلغاندا شىڭشىڭشيا قاتتىق توسالىسىلا، سۇسىز خېشى كارىدورىدا چوڭ ئارمىيىنىڭ بۇ تەرەپكە كېلىشىنى 2 - 3 ئاي كېچىكتۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ. ئىچكى قىسمىدا قالايمىقانچىلىق چىقمىسىلا، بىر مەزگىل

جان ساقلاپ، كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى كۈتكىلى بولمىدۇ دەيدىغان قاراش پەيدا بولدى. ئەمما بۇ گەپنى قىلغانلار، تاشقى كورۇنۇشتە ئاخىرلاشقان ئومرىنى ئۇزارتماقچى بولغاندەك كورۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە كوڭلىدە سان بار ئىدى. يەنە بىر خىلى بولسا، تولۇق قوراللىنىپ، ئاتلىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئەگەر لەنجۇ قولدىن كەتسە، شىنجاڭدىكى بارلىق قوشۇنلار چاقماق تېزلىكىدە چىڭخەيگە ئوتۇپ، شىنىڭ ۋە لەنجۇنىڭ شىمالىغا ياردەم بېرىش، بۇ ئىش دېگەن يەردىن چىقمىسا، سىچۇەنگە يوتكىلىپ، خۇزۇڭنەن قوشۇنلىرى بىلەن بىرلىشىشتىن ئىبارەت ئىدى. جاھىللارنىڭ بۇ پىكرى، بىر مەزگىل ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ قويۇن چىقاردى. شۇ سەۋەپتىن جەمىيەتتە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپ - سوزلەر تارقىلىپ، كىشىلەر تەشۋىشكە چۈشتى. گاڭگىراپ قالغان نادانلار پۈتى كويگەن توخۇدەك، كېچە - كۈندۈز ئارام تاپالماي، ماڭايمۇ - ماڭمايمۇ؟ قانداق مېڭىش لازىم؟ چەكسىز چولجەزىرىدە نەگە مېڭىش كېرەك؟ باللارنى يېتەكلەپ نەگىمۇ كېتىمىز؟ دېگەندەك ئىدىيىۋى ئەندىشىدە قالدى.

## (3)

جاڭ جژجۇڭ گەرچە بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ تېچ ھەقىقەتكە ئوتۇشىنى مىنۇت - سېكونتلاپ كوڭلىدىن چىقىرالمايتتى.

1949 - يىل ئاۋغۇستتا سوۋېيۇەن ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ ئەۋەتكەن بىر پارچە مەخپى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدۇق.



تېلېگراممىنى مەن تەرجىمە قىلدىم. بۇ تېلېگراممىنى جاڭ جژجۇڭ بېيجىڭدىن تاۋسىيۇغا ئەۋەتكەن ئىكەن. تېلېگراممىدا: «ھازىر ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن، بۇرھان شەھىدى ۋە چۈي ۋۇلار بىلەن سىياسەتنى ئورتاق مۇلاھىزىلىشىڭلار، مەن ۋاقتىنچە بۇ يەردە ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇغىنى كۈتۈۋاتىمەن، پەيتى تېپىلغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارماقچىمەن» دېيىلگەن. بۇ يەردىكى «سوۋېتكە بېرىش» نى مەن «سوۋېتكە بېرىپ، شىنجاڭغا كەلمەكچى» دەپ پەرەز قىلدىم.

جاڭ جژجۇڭ چۈي ۋۇغا ئىشەنگەنلىكتىن تېلېگراممىدا چۈي ۋۇنى تەكىتلىگەن. شىنجاڭنىڭ ئازات بولۇشىدا چۈي ۋۇنىڭ كورسەتكەن خىزمىتى چوڭ. ئۇ موسكۋا جۇڭسەن ئالىي مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1931 - يىلى دولەتكە قايتىپ كېلىپ، شاڭخەيدە قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدا ياتقان. كېيىن قەيناتىسى يۈي يۇرېننىڭ كاپالىتى بىلەن تۈرمىدىن بوشانغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مىللى ئازاتلىق ئۇچۇن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1945 - يىلى شەنشى ئولكىلىك تەمىرات نازىرى بولغان. 1946 - يىلى جاڭ جژ جۇڭنىڭ تەكلىۋى بويىچە شىنجاڭغا كېلىپ، ئولكىلىك ھوكۇمەت ھەيئىتى قوشۇمچە ئۇرۇمچى شەھەرلىك ھوكۇمەتنىڭ باشلىغى بولدى. شىنجاڭدا تۇرغان يىللىرىدا ئۇ سوۋېتكە، كومپارتىيىگە يېقىن، بايرىغى روشەن بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئىلغار زاتلارغىمۇ ياخشى تەسىر كورسەتتى. 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان شىنجاڭدىكى جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋەت ئىشلىرىنى

چۇي ۋۇ ئىشلەيتتى. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى دىپلوماتىيە خادىمى لىيۇزېرۇك قېرىپ قالغاچقا، تولا ئىشلارغا چۇي ۋۇ ماڭاتتى. سوۋېتنىڭ شىنجاڭدىكى باش كونسولى ساۋېلوۋبىلەن چۇي ۋۇنىڭ قېلىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر تېلېفوندىلا ئوڭاي ھەل بولاتتى. ئىپسىمدە قىلىشىچە قايسى بىر يىلى قۇتۇبىدا چېكەتكە ئاپىتى پەيدا بولۇپ، بىزدە ئايرۇپىلان بولمىغاچقا ئامال قىلالماي تۇرغاندا، چۇي ۋۇ ساۋېلوۋ بىلەن سۆزلىشىش ئارقىلىق جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ئايرۇپىلان ئەۋەتىپ، چېكەتكىنى بىر كۈن ئىچىدىلا پۈتۈنلەي يوقىتىپ بەردى. چۇي ۋۇنىڭ ئايالى ئاغرىپ قالغاندا، پەقەت ساۋېلوۋنىڭ خوتۇنى ئاڭلاپ يوقلاپ كەلدى ھەمدە سوۋېت دوختۇرخانىسىدا داۋالىتىپ، قىممەتلىك دورىلارنى ئالدۇرۇپ بەرگەن.

1949 - يىلى جياڭجېيشى خىزمىتىدىن چېكىنگەندىن كېيىن لىزۇڭرېن ئەۋەتكەن جاڭجىجۇڭ باشچىلىغىدىكى گومىنداڭ سۆھبەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باش كاتىۋى چۇي ۋۇ ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپ تۈزگەن تېنچلىق شەرتنامىنى رەت قىلدى. چۇي ۋۇ نەنجىڭگە كېلىپ، خىزمەتتىن دوكلات بەردى ھەمدە دەرھال شىنجاڭغا قايتتى. بېيجىڭدىكى چاغدا، جاڭجىجۇڭ، چۇي ۋۇغا نېمىلەرنى تاپىلىغانلىغى ماڭا نامەلۇم، ئەمما جاڭجىجۇڭ شىنجاڭ مەسىلىسىدە چۇي ۋۇغا تولۇق يوليورۇق بەرگەنلىكى چوقۇم. تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدى، لىيۇمىڭچۈن، چۇي ۋۇلار ئوتتۇرىسىدا سىياسى



جەھەتتىلا ئورتاق تىل ۋە غايە بولۇپلا قالماستىن بەلكى، ئۆز-ئارا ئىشەنچ ۋە دوستلۇقىمۇ چوڭقۇر ئىدى. چۇي ۋۇ بېيجىڭدىن شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەۋپ - خەتەرگە پىسەن قىلماستىن شىنجاڭنى تېنچ يول بىلەن ئازات قىلىش ئۈچۈن، كۆپتەرەپلىمە پىلان قۇرغان ئىدى. چۇي ۋۇ موسكىۋا جۇڭسەن ئالىي مەكتىۋىدە ئوقۇغان ۋاقتىدا جاڭجىڭگو بىلەن ساۋاقداش ئىدى. شۇڭا شىنجاڭ ھەققىدىكە ئوتتۇشنى جاكالاشتىن بىر كۈن بۇرۇن، جاڭجىڭگو گۇاڭجۇدىن ئۇنىڭغا تېلېگرامما ئەۋەتىپ، نەسىھەت قىلىپ: «پىرقە دۆلەتنى مۇھىم ئورۇندا قويۇشنى، قالايمىقان ۋەزىيەتنى زور كۈچ بىلەن ئوڭشاپ، ۋەزىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىت قىلغان ھەمدە تاقابىل تۇرۇشتا، چىڭ تۇرۇپ زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىدىغانلىغى»نى بىلدۈرگەن.

(4)

ماچىڭشياڭ شىنجاڭدىن كېتىشتىن بىرنەچچە كۈن ئاۋال، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەتچى ئايرۇپىلاندا، ئۈرۈمچىدىن ئالغان كىچىك خوتۇنى، ۋاڭ شىلەننى شياڭگاڭغا ماڭغۇزۇۋەتتى. ماچىڭشياڭنىڭ شىنجاڭدىن بالدۇراق كېتىشى ئۈچۈن، تاۋسىيۇ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىغى لىيۇخەندۇڭ ئارقىلىق ماچىڭشياڭغا خىزمەت ئىشلىدى. لىيۇخەندۇڭ گەرچە ئىشپىيون بولسىمۇ، ئەمما تاۋسىيۇ شىنجاڭدا تۇرغان يىللاردا ئۇنىڭ بىلەن ئىنتايىن ياخشى ئۆتۈپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ تاۋسىيۇغا نىسبەتەن يامان نىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا لىيۇ، تاۋ ئۈچۈن ئوتتۇرىدا يول مېڭىپ خىزمەت ئىشلەشنى

خالايتتى. شۇنىڭدەك ليۇخەندۇڭ بىلەن ماچىڭشياڭلارنىڭ شەخسى بېرىپ - كېلىشىدە يەنە مۇنداق بىر ئەھۋالمۇ بار ئىدى، ئەسلىدە ماچىڭشياڭنىڭ كىچىك خوتۇنى ۋاڭشىلەن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكى بىر خىزمەتچىنىڭ قىزى بولۇپ، ساقچى ئىدارىسىنىڭ بېقىنىدىكى بىر كىچىك كوچىدا ليۇخەندۇڭ بىلەن خوشنا ئولتۇراتتى. بىر قېتىم ماچىڭشياڭ ليۇنىڭ ئۆيىگە كېتىۋېتىپ، ۋاڭشىلەننى كوچىنىڭ ئاغزىدا ئۇچرىتىپ، ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. كېيىن ليۇخەندۇڭ ئوتتۇرىدا مېڭىپ، ۋاڭشىلەننى ماچىڭشياڭغا ئېلىپ بەرگەن ئىدى شۇڭا ماچىڭشياڭ بەزىدە ليۇخەندۇڭنىڭ سۆزىنى بەك ئاڭلايتتى.

يى، لۇ، مالار ئەڭ ئاخىرى ھەربىي ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ، شىنجاڭدىن چەتئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولۇشتى. تاۋسىيۇ ئۇلارنى بالدۇرراق يولغا سېلىۋېتىش ئۈچۈن، بۇرھان شەھىدى، بەيۋېنيۇلەرنىڭ رازىلىقى بىلەن ئۆلكىلىك بانكىدىن بىر ئاز ئالتۇن ئاجرىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆي - مۈلۈكلىرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالدى. ئۇلار بىر كۈن ئىلگىرى ماڭمىسا، ھەقىقەتكە ئوتتۇشنى جاكالاشمۇ بىر كۈن كېچىكەتتى. ناۋادا ئۇلار كېيىندىن پىينىۋالىدىغان بولسا، مولچەرلىگىلى بولمايدىغان پاراكەندىچىلىك ۋە يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. شۇڭا كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، ھەقىقەتكە ئوتتۇشكە قارشىلاشقۇچى بۇ جاھىللار گۇرۇھىنىڭ ئاچكۆز نەپسىنى قانائەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئاندىن قوشۇنلارغا بولغان قوماندانلىق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، چەتكە چىقىپ كېتىشكە ما-



قوبۇل كەلتۈردۇق. ئايرىلىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، ماچىڭشياڭ يەنە ليۇمېڭچۇنگە تېلېفون ئارقىلىق 50 نەچچە ئاتلىق ھارۋىلىرىمنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىمەن دەپ، پۇلغا سىندۇرۇپ ئالتۇن بېرىشنى تەلەپ قىلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ ئات - ھارۋىلارنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن 10 سەردىن ئالتۇن بەردى. شۇنداق قىلىپ ماچىڭشياڭ 500 سەر ئالتۇن ئېلىپ ماڭدى.

لۇ، مالار ماڭغاندىن كېيىن، تاۋسىيۇ، ليۇمېڭچۇنلەر تېلېگرامما كۆپىيىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەربىي تەرەپتىن تاۋسىيۇ، دىۋىزىيە قوماندانى جاۋشىڭگۇاڭ، لۇيجاڭ مۇئىرۇ، ليۇلۇنيۈەن، ماپىڭلىڭ، خەنيۇۋېن، جۇمېڭگاڭ، لورۇجىڭ قاتارلىقلار قول قويدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت 26 - سېنتەبىر سەھەردە، بۇرھان شەھىدى، ليۇمېڭچۇن، چۈيۋۇلار ۋاقىتلىق جىددىي يىغىن چاقىرىپ يىغىندا تېلېگراممىغا بۇرھان شەھىدى باش بولۇپ قول قويدى ۋە ليۇمېڭچۇن، چۈيۋۇ، بەيۋېنيۇ، چېن فاڭبۇ، ليۇيۇڭشياڭ، ليۇدەئېن قاتارلىقلارمۇ قول قويدى. تېلېگرامما 2 نۇسخا يېزىلىپ، بىرسى بېيجىڭ ماۋجۇشىغا يوللاندى. تېلېگراممىدا بۈگۈندىن باشلاپ، سەممىيەتلىك بىلەن بىرىيسۇنۇپ، يوليورۇقنى قوبۇل قىلىپ، بۇيرۇقنى ئاڭلايمىز دېيىلگەن ئىدى. يەنە بىرسى گۇاڭجۇدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە ئەۋەتىلىدىغان تېلېگرام بولۇپ بۈگۈندىن باشلاپ، گۇاڭجۇ ھۆكۈمىتى بىلەن ئالاقىنى ئۈزگەنلىكى، ئۇلارنىڭ يوليورۇغىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى. تېلېگرامما بېرىلىپ ئەمدى تارقىلايلى دەپ تۇرۇشقاندا جاڭ-

فېكىيى كىشىنى ئەشۇنچىلىك ئەندىشىلەندۈرىدىغان بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدى. ئۇ
كىرىپلا يىپچىنىڭ تېخىچە ماڭمىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇنىڭ
خوتۇنى يول جاپاسىدىن قورقۇپ، يىغلاپ جېدەل چىقىرىپ
تۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق
قوشۇنلار ئىچىدە قومۇلدىكى 178 - بىرىگادا، ئۈرۈمچىدىكى 179 - بىرىگادا، ماناستىكى 227 - بىرىگادىلارنىڭ ھەممىسى
يىپچىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. ھەقىقەتكە ئوتتۇشقا تەييارلىنىۋاتقان مەزگىللەردە يىپچىنىڭ باشتىن - ئاخىر ھەقىقەتكە
ئوتتۇشقا قارشى ئىدى. كوپ ساندىكى شىنجاڭ، لۇيجاڭ، تۇڭ-
جاڭلار ھەقىقەتكە ئوتتۇش پىكرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن
ئاندىن ئۇ چېگرىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ئەمما
خوزۇڭنەن بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرغان ئىدى. يىپچىنىڭ خوتۇنى
كېچىكىدىنلا ئەركە ئۆسكەن بولغاچقا، يىراق سەپەر قىلمىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ قەشقەردىن ئۆتكەندە قوتاز مىنىپ ماڭىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا قورقۇپ ماڭغىلى ئۇنىمىغان.

ئەسلىدىكى پىلاندا، ماچېڭشياڭ قاتارلىقلار بىر كۈن
بالدۇر يولغا چىقماقچى ئىدى. لېكىن ھازىر 26 - سېنتەبىر-
گىچىمۇ ئىككىلىنىپ يولغا چىقمىدى. يەنە ئاڭلىشىمىزچە، 25 -
چىسلا يىپچىنىڭ، خوزۇڭنەننىڭ سىچۈەندىن بەرگەن تېلېگىراممىسىنى تاپشۇرۇۋالغان. تېلېگىراممىدا خوزۇڭنەن ئۇنىڭ قوشۇنىنى تاشلاپ كېتىشىگە قارشى تۇرغان. شۇڭا يىپچىنىڭ ئىككىلىنىپ
قالغان ئىدى. بىز دەرھال جاڭ فېكيىنى نەسىھەت قىلىشقا ئەۋەتمەكچى بولدۇق. جاڭ بىلەن يىپ ئىككىسى ئادەتتە قېلىن دوست



ئىدى. ھەقىقەتكە ئوتتۇشقا تەييارلىنىۋاتقان مەزگىللەردە يىپچىنى، جاڭ فېكيى ئارقىلىق قايىل قىلغان ئىدۇق، ھازىرچاڭ-
نىڭ بېرىپ نەسىھەت قىلىشى يەنىلا مۇۋاپىق ئىدى. شۇڭا ئۇ
مېڭىش ئالدىدا بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭغا: «تېز بېرىڭ، سىزنىڭ
خەۋىرىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىمىز» دەپ تاپىلىدى.

يىغىندىن كېيىن ھەقىقەتكە ئوتتۇش تېلېگىراممىسىنى
تومۇرغا ئاپىلاندۇرۇپ، تېلېگىرام ئىستانسىسىغا تاپشۇردۇم ۋە
شىنجاڭ گېزىتى ۋە ئامانلىق ساقلاش خەۋەرلىرىدە بېسىش ئۈچۈن
بىر نۇسخا ئەۋەتتىم. يىپچىنىڭ شۇ كۈنى مېڭىپ كەتتى، پۈتۈن
شەھەردىكى قوشۇنلار خاتىرجەم بولدى. ئامانلىق ساقلاش
خادىملىرى ۋە ساقچىلار ئۆلكىلىك ھوكۇمەتكە بىۋاستە قاراش-
لىق ئىدارە ۋە چوڭ يوللارنىڭ ئامانلىقىغا قاتتىق دىققەت
قىلىپ ۋەقە يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى. نەچچە كۈن ئۆتكەن-
دە قارا شەھەردە تۇرۇشلۇق لۇيجاڭ جۇڭ زۈيىڭمۇ يىپچىڭغا
قوشۇلۇپ بىللە قېچىپتۇ، ئاقسۇغا بارغاندىن كېيىن، ماچېڭ-
شياڭ لۇشۇرېن، ليۇخەندۇڭلار بىلەن قوشۇلۇپتۇ، ئاقسۇدىن
ماڭغىچە يىپچىڭنى ئېتىپ ياردار قىپتۇ دىگەن خەۋەرلەر تار-
قالدى. يىپچىڭنى ئاتقۇچى توفتېسىر ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئۇزۇن
يىللار ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ روتا كوماندىرى بولغان ۋاقتىدا
يىپ چىڭ ئۇنى خارلىغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئاداۋەت ساقلاپ،
بۇ قېتىم ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن
يىپ چىڭ ئالتۇنى كوپ ئېلىپ قاچقانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقى كې-
لىپ، ئېتىۋەتمەكچى بولغان ئىكەن. يىپ چىڭ بىر قىسىم پۇل

ئاجرىتىپ ئىنئام قىلغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاقسۇ-
دىن ئۆتۈپ كەتتى، تاكى چېگرىدىن چىقىپ كەتكىچە قوغداپ
ئۇزىتىپ قويدى. يېڭى چېگرىدىن چىقىپ، ھىندىستاننىڭ كال-
كوتتا شەھىرىگە بارغاندا قۇتۇبىدىكى پولكوۋنىك گاۋغا تېلېگى-
رامما ئەۋەتىپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رۈپ، تاۋسىيۇنى «خائىن»دەپ تىللىغان. پولكوۋنىك گاۋ، سا-
داقەتلىك بىلدۈرۈپ، تېلېگىراممىنى ئەسكەرلەرگە ئوقۇپ بەر-
گەن. باش گارنىزون ئىشتاۋى بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، گاۋنى
ۋەزىپىدىن قالدۇرۇپ قاماققا ئالدى. ماچېڭشياڭغا ئەگىشىپ
بىللە قاچقانلار ئىچىدە جۇنتۇڭ ئىشپىيونى شىيۈگلىڭ ئەر -
خوتۇن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن ماڭماي قېپقالغان،
ئاخىرى قولغا ئېلىندى.

مۇھەممەت ئىمىن، ئەيسا، سۇجىڭشىڭ ۋە مۇۋشىڭ دىگەن-
لەر ھەقىقەتكە ئۆتۈش تېلېگىراممىسىنى يوللاشتىن بىر كۈن
بۇرۇن قاچتى. ئەيسا مېڭىش ئالدىدا، تېلېفون بېرىپ، ئۆزىنىڭ
يول راسخودى يەتمەيدىغانلىقىنى «ئالتاي نەشرىياتى»نىڭ مەتبە
ماشىنىسىنى ھوكۇمەتكە سېتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە ليۇ
مىڭچۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەيساغا 20 سەر ئالتۇن بەرگەن.

يەنە رۇس مىللىتىدىن دياكوۋ ۋە كوزىنسوۋ ئەر -
خوتۇن ئۈچىلىسى چاررۇسىيە دەۋرىدىكى ئاقسوڭەكلەر بولۇپ،
ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، شىنجاڭغا قېچىپ كېلىپ، جۇڭگو
تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، ئەللىكىنچى يىللاردىكى 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە
ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلار بۇ قېتىم يەنە شىنجاڭدىن



قېچىشقا، 2 - قېتىم سەرگەردان بولۇشقا تەييارلاندى. كېيىن
دياكوۋنىڭ يېشى چوڭ، تېنى ئاجىز بولغانلىقتىن كەسپداشلىرى-
نىڭ نەسىھەتى بىلەن ماڭماي توختاپ قالدى.

شۇ چاغدا ئىشپىيونلاردىن قاچقانلىرى خېلى نۇرغۇن،
تولىسى لەنجۇ ئەتراپىدىن قېچىپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە توختاپ
ئۆتۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتكەن-
لىكىنى كۆرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا قاراپ كېچە - كۈندۈز
توختىماي قاچتى. بىرمۇنچىسى قەشقەردە تۇتۇلۇپ قالدى. شىن-
جاڭدا ئىشپىيونلۇق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 2 چوڭ گۇرۇھنىڭ
باشلىقلىرى ھەقىقەتكە ئۆتۈشتىن بىرنەچچە كۈن ئاۋال يوشۇ-
رۇن قاچتى. ھەربى سىستېمىسىدىكى ئىشپىيونلار مەسئۇلى راۋ-
تيەنشەن بالدۇرراق قېچىپ كەتتى. پىرقە سىستېمىسىدىكى ئىش-
پىيونلار باشلىقى ياڭۋېي تەيۋەنگە قېچىپ كەتتى.

## (5)

1949 - يىلى 26 - سېنتەبىر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇ-
مەت ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، خەلق
ئازاتلىق ئارمىيىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ
ئورۇنلىشىشتىن بۇرۇن، بەزى ئورۇنلاردا ئالا - توپىلاڭ
چىقتى. دەسلەپتە قۇمۇلدا لەنجۇ، جۇچۇەندىن قېچىپ چىققان
تارقاق ئەسكەرلەر، كوچىمەنچى لۈكچەكلەر بىرلا ۋاقىتتا بۇ
جايغا توپلىشىپ، بەزىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قالايمىقان-
چىلىق چىقاردى. بەزىلىرى سۇنى لېيىتىپ، بېلىق تۇتماقچى
بولدى. بەزىلىرى قانۇن تورىدىن قۇتۇلۇش خام خىيالىدا

بولدى. بۇ چاغدا لەنجۇ لىنىيىسىدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ غەرپكە يوتكىگەن ھەربىي ماددىي ئەشيالىرى، ئالتۇن - كۈمۈشلىرى قۇمۇلغا توپلانغان ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ تەرتىۋى بوشاپ، كىشىلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ، خاتىرجەم بولالمىغان پەيتتە «قۇمۇلدىكى بولاڭچىلىق ۋەقە» يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى بولاڭچىلىققا قاتناشقانلار 300 دىن ئارتۇق بولۇپ، بانكىدىن بۇلاپ كەتكەن ئالتۇننىڭ سانى نەچچە تۈمەن سەرگە يېتىدۇ. بۇ ئالتۇنلار شىئەندىن لەنجۇغا، لەنجۇ قوغداپ قېلىنمىغاندىن كېيىن، قەدەممۇ - قەدەم مۇشۇ يەرگە يوتكەن كېلىنگەن ئىدى. بۇ ئالتۇنلار غەربىي شىمال بويىچە غەزنىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئالتۇن بولۇپ، مەخپىي رەۋىشتە بۇ يەرگە يوتكەپ كەلگەن ئىدى. سىرتتىكى ئادەملەر ئانچە بىلمەيدۇ. ئىشپىيونلار بۇ مەخپىيەتلىكنى ئوغرىلاپ بىلىۋېلىپ، توپىلاڭ چىقىرىپ، چوڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ئوت قويۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ بولاڭچىلىق يۈرگۈزدى.

بۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراشەھەر، كۇچار ئىككى ئورۇندىمۇ كوللىمى كىچىكرەك بولغان بولاڭچىلىق يۈز بەردى. قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق بىر قىسىم ئەسكەرلەر تۆت دەرىجىلىك 2 ئوفىتسېرنى ئېتىپ ئولتۇرۇپ، دۇكانلارنى بولاپ، باي بولۇشنى كوزلىگەن ئىدى. شۇ چاغدىكى يېڭى لۇيجاڭ چىڭجۇن شۇ يەردىلا تىنچلاندۇرۇپ بېسىپ قويدى. كۇچاردا تۇرۇشلۇق ئاتلىق پولكتىكى ئەسكەرلەر ناھىيىلىك ھوكۇمەتنى بولاپ، شىيەنجاڭنى ئېتىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى قات ئايىلىغا باسقۇنچىلىق



قىلدى. تۈەنجاڭ گاۋچاۋرۇڭ شۇ سەۋەپتىن خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى. تىرانسپورت ئەترەتلىرىنى تارقىتىۋەتتى. يەنە ماناس ئەتراپىدا بىر قىسىم ئوفىتسېر، ئەسكەرلەر لايسۇدىن بېلىق تۇتۇپ، باي بولۇپ قېچىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بۇ ئىش سېزىلگەن ھامان، ئەسكەر ئەۋەتىپ تىنچلاندۇرۇلدى. ئۈرۈمچىنىڭ غەربىدىكى 5 - ئاتلىق كورپۇسنىڭ بىر پەي ئەسكەرلىرى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ماچىڭشياڭ قاتارلىق فېئودال مىللىتارىستلارنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىگە ئۇچرىدۇق. ئەمدى ئازراق يول راسخودى بولاپ ئويلىرىمىزگە كېتەيلى دەپ قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغان بولسىمۇ 4 - 5 كۈن ئىچىدىلا بېسىقتۇرۇلدى.

**(6)**

شىنجاڭنىڭ تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتكەن تېلېگراممىسى ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ غەربىي شىمال ھەربىي رايوندىكى باش قوماندان پېڭ دېخۇەيىنىڭ 2 -، 6 - كورپۇسلىرىنى شىنجاڭغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭغا كىرىشتىن ئاۋۋال، قوماندان ۋاڭ جېن، ماخېنىڭنى ئۈرۈمچىگە مەخپىي ئەۋەتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ ۋاقىتتا ئۈرۈمچىنىڭ ئەھۋالى بەكمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ھەربىي سېستىمىدىكى ئىشپىيونلار باشلىغى راۋتىيەنشەن قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما قورچاق 2 - باشقارمىدا ئىشلەۋاتقان ئادەملىرى يەنىلا بار ئىدى. راۋ كېتىش ۋاقتىدا 2 دانە خەۋەرلىشىش

ئاپپاراتى قالدۇرۇپ، ئادەملىرىنى يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى، يەنە مەركىزىي ئاخبارات شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى ياڭ يۈكيى قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇۋەققەت باشلىق جاۋشياۋتيەن خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىنى يوشۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ ھەممىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېپىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ماناس دەرياسىنىڭ غەربىنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ساقلاپ ياتقان ئىلى، چۆچەك، ئالتاي ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىمۇ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. شەھەرگە كىرىش تەنتەنىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ دېخۇەي ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئايروپىلاندا بىللە كەلگەنلەردىن جاڭ جىجۇڭ ۋە سەيپىدىن ئەزىزمۇ بار. شۇ كۈنى چۈشتە، بىرىنچى بولۇپ جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ ئالدىنقى قىسمى پولكوۋنىك خۇجيەن باشچىلىقىدىكى برونېۋىك پولكى شەھەرگە كىردى. 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى غەربىي دەرۋازىدىن شەھەرگە كىرىپ، 8 قۇر تىزىلىپ يوللارنى توغرا كېسىپ ئۆتتى. ھەقىقەتكە قايتقان قوشۇنلاردىن بۇرۇنقى ئاتلىق 5 - كورپۇسنىڭ بىر قىسىم ئاتلىق ئەسكەرلىرى شىمالى دەرۋازىدىن ئاتلىق كىرىپ كەلدى. بۇ 3 قوشۇن شەھەر رايونىدىكى ئەڭ ئاۋات داشىزى ئارقىلىق نەنمېندىن ئۆتۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نەنلياڭچىغىچە باردى. مۇئاۋىن باش قوماندان پىڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭ، ۋاڭ جېن، تاۋ شىيۇ، بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ليۇ مىڭچۈن، چۈي ۋۇ، تاۋجىنچۇ قاتارلىقلار شىنجاڭ تىجارەت بانكا بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ 3 قوشۇننىڭ شەھەرگە كىرىشىنى كۆزدىن كەچۈردى. كەچلىكى غەربىي زالدا كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ھەر ساھە، ھەر مىللەت زاتلىرى ئىشتىراك قىلدى. پىڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭلار بۇ يىغىندا قىسقىچە سۆز قىلدى. شىنجاڭنىڭ تەپتىش باشلىقى 80 ياشلىق مالىياگېجۇن ئاخۇنمۇ يازما بېغىشلىما سۆز قىلدى. پىڭ، جاڭلار ئۆز سۆزلىرىدە شىنجاڭدا ھەقىقەتكە ئۆتكەن ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنى ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە پائال ئاۋاز قوشقان ھەر مىللەت ئىلغار زاتلىرىنى تەقدىرلىدى. جاڭ سۆزىدە يەنە ئۆزىنىمۇ بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ «مەن شىنجاڭغا كەلگەن بۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىر خاتا ئىش قىلدىم، بۇ توغرۇلۇق شىنجاڭ خەلقىدىن ئەپۇ سورايمەن، بۇ بولسىمۇ مەسئۇتنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەت مىللىي ئىنقىلاۋى ھەركىتىنىڭ بىرلىكىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتىم» دېدى. كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدىن كېيىن، كەچكى كۆڭۈل ئېچىش بولدى. ئالدى بىلەن ھەر مىللەتنىڭ ئۇسۇل - ناخشا نومۇرلىرى، ئارقىدىن شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش ئىشتاۋى، سىياسىي باشقارمىسى تەرىپىدىن گومورونىڭ „پاكار ئالۇچا گۈلى“ ناملىق مەشھۇر درامىسى ئورۇنلاندى. بۇ درامما ئەسەرنى تاللاشتىن ئاۋال بۇرھان شەھىدى بىلەن مەن تېلېگىرامما ئارقىلىق گومورونىڭ پىكرىنى ئالدۇق.

ئاندىن كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ رېپېتىس قىلىندى. شىنجاڭدىكى داڭلىق ئەرتىسلەرنى يىغىپ كېلىپ، خەلق ئازاتلىق

ئارمىيىسىنىڭ شەھەرگە كىرىشىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئويناپ چىقىلدى. نەق مەيداندا يەنە نەچچە خىل يېزىقتا چۈشەندۈرۈش تارقىتىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە غەربىي زالدا ھەقىقەتكە ئوتكەن قىسىملارنىڭ كىچىك، باتاليون (يىڭجاڭ) كوماندىرلىرىدىن يۇقۇرى ئەمەلدارلارنىڭ يىغىنى چاقىرىلدى. قوماندان ۋاڭ جېنىڭ رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا پېڭ دېخۇەي، جاڭ جىجۇڭلار سۆز قىلدى. بولۇپمۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ «مېنىڭ ئۆزگىرىشىم» ماۋزۇلۇق نۇتقى، شىنجاڭ گېزىتىدىمۇ ئېلان قىلىنىدى. كەچتە ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان «باتۇر شاھىنىڭ بېيجىڭغا كىرىشى» ناملىق ئويۇن قويۇلۇپ، ھەر قايسى تىياتىرخانىلار، كىنوخانىلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئىسىل نومۇرلاردا كىنو - تىياتىر ئويۇشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تېچلىق بىلەن ھەقىقەتكە ئۆتكەن غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى.

---

لى تاڭمىڭ ئەپەندى قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەخپىي ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. كۆرگەن - بىلگىنى ۋە ئاڭلىغىنى كۆپ، بۇ ماقالىنىڭ دائىرىسى كەڭرى بولۇپ، بەزىلىرى مەزكۇر كىشىنىڭ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگىنى ئەمەس، ئېنىق بولمىغان جايلىرىنى خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تولۇقلاپ، تۈزىتىش پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەھرىر



# قەشقەر رايونىنىڭ تېچ ئازات بولۇشىغا دائىر بەزەن ئەسلىمىلەر

## ماپىڭلىڭ

## قەشقەر رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى

قەشقەر — دۇنيانىڭ ئوگزىسى دەپ ئاتالغان پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىغە جايلاشقان. خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىلا قەدىمى قەشقەر دولىتى مەۋجۇت بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم مەركىزي شەھەر ھىساپلىناتتى. گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان چاغلاردا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئاساسىي ۋىلايىتى بولغان قەشقەرگە: قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، ئۇلۇغچات، ئاتۇش، پەيزىۋات، مارالۋېشى، يوپۇرغا، يېڭىسار قاتارلىق 8 ناھىيە قارايتتى. ۋىلايەت مەھكىمىسى قەشقەر كونىشەھەردە ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا ۋىلايەتنىڭ نوپۇسى بىر مىليونغا يېقىن بولۇپ ئاھالە زىچ جايلاشقان ئىدى. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك، قازاق، خۇيزۇ، مانجۇ، موڭغۇل، شىۋە، داغۇر، رۇس قاتارلىق 13 مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە سىياسى، ئىقتىسادى، مەدەنىيەت، ھەربى ئىشلارنىڭ مەركىزى، شۇنىڭدەك ئاشلىقنىڭ كانى ئىدى. غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقى، پاكىستان، ھىندىستان

بىلەن تۇتىشىدۇ. شۇ دۆلەتلەرنىڭ قەشقەردە كونسۇلخانىلىرى بار ئىدى. شەرقتە تەكلىماكان بىلەن تۇتاش، شىمالدا ئاقسۇ بىلەن تەخمىنەن 550 كىلومېتىر ئارىلىق بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئاساسىي جەھەتتىن قاقاس چۆللۈك ئىدى. جەنۇپتا يەكەن بىلەن تۇتىشىدۇ. ئارىلىقتا تەخمىنەن 200 كىلومېتىر كېلىدىغان جايلار يەنىلا قاقاس چۆللۈكتىن ئىبارەت. دۆلەت مۇداپىئەسىدە قەشقەر ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم ئورۇن بولۇپ مۇبادا ھەربى ھەركەت بولسىلا مۇستەقىل ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

## گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى ھەربى كۈچى ۋە شارائىتى

ئازاتلىقتىن ئىلگىرى گومىنداڭنىڭ قەشقەر رايونىدا 42 - دىۋىزىيىسى تۇراتتى. دىۋىزىيە قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشقان. بۇ دىۋىزىيىدە بىۋاستە قاراشلىق قوشۇن ھەمدە مۇستەقىل پىيادە ئەسكەرلەر پولكى، ئاتلىق ئەسكەرلەر پولكى بار ئىدى. قايتا رەتكە سېلىنغان 9 - بىرىگادا (ئەسلىدىكى شىنىڭ شەھىرىنىڭ ئاتلىق دىۋىزىيىسىدىن ئۆزگەرتىلگەن) ئاتلىق 17 - پولك كورلىغا جايلاشقان بولۇپ، بىرىگادا ئىشتاۋى ۋە بىر قىسىم بىۋاستە قاراشلىق قوشۇنلار قەشقەر كونىشەھەرگە جايلاشقان. چېگرىدا مۇستەقىل چېگرا ئەترىدى بار ئىدى، ئۇندىن باشقا جەنۇبىي شىنجاڭ گارنىزون قوماندانلىق ئىشتاۋى ئاتلىق 42 - دىۋىزىيىنىڭ ئىشتاۋى ئىچىگە ئاتلىق 9 - بىرىگادىمۇ كىرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھەرقايسى ناھىيىلەردىكى ساقچى ئىدارىلىرىدا يەنە بىر قىسىم قوراللىق ساقچىلار بار ئىدى.



1944 - يىلى نويابىرنىڭ باشلىرىدا «ئىلى ۋەقەسى» پارتلاپ ئىلى، چۆچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىغا كېڭىيىپ، گومىنداڭنىڭ ساۋەننىڭ غەربىدە تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن مەغلۇپ قىلدى. گومىنداڭ قوشۇنلىرى ماناس دەرياسىنىڭ شەرقىغە چېكىنىپ مۇداپىئەدە تۇردى. 3 ۋىلايەت ۋە گومىنداڭ قوشۇنلىرى ماناس دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قارىمۇ - قارشى تۇرۇشتى.

1945 - يىلى ئۆكتەبىر ئىچىدە سوھبەت باشلىنىپ 1946 - يىلى ئىيۇنغا كەلگەندە كېلىشىم ئىمزالىنىپ، بىر مەزگىل تېچلىق ھاسىل بولدى. ئەمما گومىنداڭنىڭ زورلۇق بىلەن ئالۋاڭ - ياساق ئېلىپ خەلقنىڭ قان - تەرىنى شوراپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئېزىشى بۇرۇنقىدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى. خەلق ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە قېلىپ، ھەممە يەردە نارازىلىق قوزغالدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە «ئىچكى غەم» ۋە «تاشقى ئاپەت» بار بولغاچقا تېگىمىلا كەتسە پارتلاش خەۋپى بار ئىدى. ئەمما ئىچكىرىدە گومىنداڭنىڭ ۋەزىيىتى ياماﻧلاشمىسىلا ئۇنداق - مۇنداق قىلىپ بىر مەزگىل تېچ ئۆتۈش ئۈمىدى بار ئىدى.

## 1949 - يىلى ئەتىيازنىڭ باشلىرىدىكى ھەقىقەتكە ئۆتۈش تەييارلىقى

1948 - يىلى قىش، شەرقىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر ئازات بولدى. 1949 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، بېيجىڭ،

تېپەنچىلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئازات بولدى. نۇرغۇنلىغان
يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردا «جاڭ جىيېشى خاندانلىقى تۇ-
رالامدۇ - يوق؟» دەيدىغان گۇمان پەيدا بولدى. ئەمما كوپ-
لىگەن كىشىلەر يەنىلا گودەكلىك قىلىپ، چاڭجىياڭدەك تەبىئى
توساقنىڭ بارلىقىغا گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كوپلىگىگە ئىشىنىپ
نەتىجىدە: «كوممۇنىستلارنىڭ ئايروپىلان، زەمبىرەكلىرى
ۋە باشقا ئىلغار قوراللىرى يوق. پەقەت قوشۇنلىرىمىز-
نى مۇۋاپىق رەتلەپ، چاڭجىياڭنىڭ جەنۇبىنى قات-
تىق ساقلاپ تۇرساق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئامېرىكىنىڭ
ياردىمى بولغاچقا، ئىش قىلىپ پۇرسەت كەلگەندە ھۇجۇمغا
ئوتەلەيمىز. ئەڭ بولمىغاندا بىر مەزگىل خاتىرجەم دولالايمىز»
دەپ ئويلايتتى. ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت خەلقى گومىنداڭنىڭ
دەھشەتلىك ئېزىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە 20 يىلدىن ئار-
تۇق ئۇچراپ گومىنداڭغا نىسبەتەن چەكسىز ئوچ ئىكەنلىگىنى،
خەلقنىڭ نارازىلىقى چېكىدىن ئاشقانلىقىنى ئىچكى جەھەتتە
گومىنداڭ پارچىلىنىپ، ئوز - ئارا چەتكە قېقىشىپ، راۋاللىققا
يۈز تۇتۇپ گۇم بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ۋە كورمە-
گەن ئىدى.

1949 - يىلى فېۋرال ئىچىدە، جاۋشىگۇاڭ (ئۇ چاغدا ئىلا «ئىستىراتېگىيىلىك مۇناسىۋەتلەر سەۋىيىدىن پايدىلىنىش ئو-
گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ گارنىزون ئىشتاۋىنىڭ مۇئاۋىن باش قو- رۇنلارغا چېكىنىدۇق» دەيتتى. بەزى ھەربىي شەھەرلەرنىڭ ئىس-
ماندانى، 42 - دىۋىزىيىنىڭ شىجاڭى، جەنۇبى شىنجاڭ گارنىزونى «مەركىزىي ئاخبارات» خەۋەرلىرىدە كورۇنمەيدىغان بولۇپ
زونىنىڭ قوماندانى؛ ئازاتلىقتىن كېيىن 22 - بىڭتۇەنىنىڭ مۇقاۋىسىلا بىز بۇ جايلارنىڭ ئازات بولغانلىقىنى بىلىۋالاتتۇق.
ئاۋىن قوماندانى، قوشۇمچە 9 - كورپۇسنىڭ جۇنجاڭى، كېيىنمۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ كومپارتىيە ۋە ئازاتلىق ئارمىيىگە قارشى



شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ مۇئاۋىن قوما-
دانى بولۇپ 1956 - يىلى كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بول-
دى) قەشقەردىن قارا شەھەرگە كېلىپ، تاۋسىيۇ بىلەن ۋەزىيەت
ھەققىدە پىكىرلىشىپ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مىنى بولۇمگە
چاقىردى. ۋەزىيەت توغرىلىق پاراڭلاشتۇق (ئۇ چاغدا مەن
ئاتلىق 9 - بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭى ئىدىم.) ئۇ ئالدى بىلەن
ھەربىي ۋەزىيەت توغرىلىق سوزلىدى. ئاندىن كېيىن ۋەزىيەت
يامانلىشىپ كەتسە، ئۇ ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن، كوپ-
چىلىك ئېھتىيات بىلەن تەپەككۇر قىلىشى لازىم» دىدى. ئەمما
ئۇ، تاۋ بىلەن ئىككىسىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئېيتماستىن تۇرۇپ،
مېنىڭ كوز قارىشىمنى سورىدى. مەن شۇ يەردىلا ئوخشاش
ھىسسىياتتا ئىكەنلىگىمنى ئېيتىپ، بۇ مەسىلىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ
ئېغىر مەسىلە ئىكەنلىگىنى، ئەلۋەتتە ئىنچىكە مۇزاكىرە قىلىش-
نىڭ لازىملىقىنى سوزلىدىم. شىنجاڭنىڭ ئىچكى - تاشقى قى-
سمىدا ئوخشاشلا ئاپەت بار. شۇڭا گومىنداڭ ئىچكىرىنىڭ ھە-
قىقى ئەھۋالىنى قاتتىق قامال قىلىپلا قالماستىن، داۋاملىق
يالغان خەۋەرلەر تارقىتاتتى. بەزەن ئىستىراتېگىيىلىك مۇھىم
چايلارنىڭ ئاللىقاچان قولدىن كەتكەنلىگى ئوچۇق تۇرسىمۇ يە-

شەرمەندىلەرچە تەشۋىق تارقىتىپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى. چېگرا رايونلاردىكى ئارمىيە ۋە خەلقنى خەۋەرسىز قالدۇراتتى. شۇڭا كوپلىگەن ھەربى ۋە مەمۇرى خادىملار گەرچە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرىكلىشىپ، خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى كورۇپ تۇرسىمۇ، پەقەت ئاھ ئۇرۇپلا قوياتتى. ئۇ چاغلاردا شىنجاڭ «ئاسماندا ئايروپىلان گۈلدۈرلىسە، يەردە مال باھاسى ئورلەيدۇ»غان، «قانچە كوپ كەلسە، شۇنچە كوپ ئورلەيدۇ»غان ئەھۋالدا قالغان ئىدى. دەسلەپتە بىر ئايلىق مائاشقا بىرنەچچە قاپ پاپىروس ئالغىلى بولاتتى. كېيىنچە ئالتۇن دوللار كەلگەندە ھېچنىمە ئالغىلى بولمايدىغان ئەسكى قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. خەلقلەر ئۇنى كويدۇرۇپ تاشلايتتى ياكى تامغا چاپلاپ قويۇپ تىللايتتى. دىمەك گومىنداڭنىڭ ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئىدى.

شۇ ۋاقىتتا مەن سىرتتىكى بەزى كىشىلەرنىڭ غەربىي شىمالدا قىسىملار خېلى كوپ، شىنجاڭدىكى قوشۇنمۇ ئاز ئەمەس، ئىش چىڭ يېرىگە كەلگەندە، ئامېرىكا ئايروپىلان بىلەن قوشۇن ۋە قورال - ياراق يوتكەشكە ياردەم بەرسە بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرالايمىز. ناۋادا گومىنداڭ بىلەن ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالسا، خۇددى يۈننەندىكى تاڭ جىشاۋغا ئوخشاش، مۇستەقىللىق ئېلان قىلساق بولمامدۇ؟» دېگەندەك سوزلىرىنى مەن جاۋشىگۇاڭغا ئىنكاس قىلدىم. جاۋ ئوچۇق ئىپادە كورسەتمىدى. پەقەتلا ھەر تەرەپتىن قىيىن-



چىلىقلارنىڭ كوپلىگىنى، كەلگۈسىدىكى ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى مولچەرلەش تەس ئىكەنلىكىنى، بۇنى قايتا - قايتا ئويلىنىش لازىملىغىنىلا ئېيتتى ھەمدە ماڭا بۇ قېتىمقى سوھبىتىمىز قەتئى مەخپى بولسۇن! - دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا مەن «ھەربىيدە بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىش پەرز، مەن بۇيرۇققا بويسۇنىمەن» دېدىم.

ئاپرېل ئايلىرىغا كەلگەندە، جاۋ 2 - قېتىم شىمالغا بېرىپ تاۋ بىلەن مەخپى سوھبەتلىشىپ قايتىپ كەلگەندە مېنى ئۆز كابىنېتىغا چاقىرىپ: «ۋەزىيەتنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئەگەر يەنە داۋاملىق كەسكىنلىشىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بىر مۇۋاپىق تەدبىر ئويلاپ تېپىشىمىزنىڭ زورۇرلىگىنى ئېيتتى ھەمدە شۇ ۋاقىتتىكى ھەربىي، سىياسى، ئىقتىسادىي ۋەزىيەت توغرىلىق بىرمۇنچە سوزلىدى. ئۇ چاغدا ئازاتلىق ئارمىيە چاڭجاڭدىن تېخى ئوتمىگەن ئىدى. مەن چاڭجياڭدەك تەبىئى توساقنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن، ئەگەر ساقلاپ قالالمىسا، گومىنداڭ شىنجاڭنى كونترول قىلالمايدۇ، ياكى ياردەم بېرەلمەيدۇ. غەربىي شىمالدىكىلەر ھەممىمىز ئىتتىپاقلىشىپ ئورتاق قوغدۇنۇپ، خېشى كارىدورىنى چىڭ ساقلاپ، شىڭشىيانىڭ بۇ تەرىپى گومىنداڭدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشىمىز مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم. ئەمما شىنجاڭنىڭ ئىچكى - تاشقى قىسمىدا غەم - ئەندىشە بار، شۇنىڭدەك غەربىي شىمالدىكى ھەر قايسى ئولكىلەر ئىچىدە زىددىيەت كۈچلۈك بولۇپ، ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىككە كېلىش قىيىن، شۇڭا ئەگەر

ئازاتلىق ئارمىيە غەربىي شىمالغا كىرسىلا، تېزلا پارچىلىنىپ
كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. جاۋ ماڭا فوزوينىڭ بېيجىڭدىكى
ھەركىتىدىن بىشارەت قىلىپ، پەقەت ئامال قىلالمىغان چاغدا
شىنجاڭ زىمىنىنىڭ زىيانغا ئۇچرىماسلىقى ۋە ئارمىيە، خەلقىنىڭ
ئازاپ چەكمەسلىكى ئۈچۈن، ھەقىقەتكە ئوتۇش يولىدا تۇرۇش
لازىم» دېدى. مەن شۇئانلا قەتئىي يوسۇندا بۇندىن كېيىن
بارلىق ھەركەتتە بۇيرۇققا بويسۇنىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.

23 - ئاپرېل نەنجىڭ ئازات بولدى. ئۇزۇن ئوتمەستىن
جاۋ مەن بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ قەشقەر رايونىدىكى قوشۇنلار-
نىڭ پولكوۋنىك ۋە باشقارما باشلىقىدىن يۇقۇرى ئوفىتسېرلار-
نى قاتناشتۇرۇپ، 42 - دىۋىزىيە ئىشتاۋىدا سوھبەت يىغىنى ئوت-
كۈزۈشنى قارار قىلدى. يىغىندا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ،
كوز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلىشىۋاتقانلىقىنى ۋە دا-
ۋاملىق يامانلىشىپ كېتىۋەرسە، بىزنىڭ قوشۇنلىرىمىز قانداق
قىلىش كېرەك؟ دەپ كوپچىلىكنىڭ پىكىر بايان قىلىشىنى تەل-
لەپ قىلدى. يىغىندا ھەرقايسىسى ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوي-
يۇشتى. بەزىلەر گومىنداڭ ھوكۇمىتى گۇاڭجۇغا چېكىنىپ بېرىپ،
تەيۋەنگە قېچىشنىڭ تەييارلىقىنى كورۇۋاتىدۇ،
قارشىلىق كورسىتىشكە كۈچى قالمىدى. بىزگە قامچىسىنىڭ
ئۇچىمۇ يەتمەيدۇ دېيىشتى. بەزىلىرى مۇستەقىللىقنى ئېلان قى-
لىپ، گومىنداڭدىن ئايرىلىپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى،
بەزىلەر بىر مەزگىل كۈتۈپ تۇرۇپ ئاندىن قايتا مۇزاكىرە قى-
لىش مۇۋاپىق دېيىشتى. بەزەنلەر قوماندان تاۋ، جاۋلارنىڭ ئەھۋال



ئوزگىرىشىگە قاراپ قارار چىقىرىشىنى تەكلىپ قىلىشتى. خىلمۇ-
خىل سوزلەر بولۇپ، بىرلىككە كېلەلمىدى. جاۋ پىكىرلەرنىڭ
بىردىنلا بىرلىككە كېلىشىنىڭ تەسلىگىنى بىلىپ، كوپچىلىكنىڭ
قايتىپ كېتىپ يەنە ئوبدانراق ئويلىنىپ كورۇشىنى ئۇقتۇردى.

ئارىدىن ئەنچە كۈن ئوتمەي، جاۋ يەنە يۇقۇرىدىكى
كىشىلەرنى چاقىرىپ، دىۋىزىيە ئىشتاۋىدا، ئۆزى رىياسەتچىلىك
قىلىپ يىغىن ئاچتى. ئاساسىي تېما يەنىلا ۋەزىيەتنىڭ تېخى-
مۇ جىددىيلىشىپ يامانلىشىۋاتقانلىقى ئۈستىدە بولدى.
ھەمدە «گومىنداڭ ھوكۇمىتى ھالاكەتكە يۈزلەندى،
دەرھال مۇزاكىرىلىشىپ، قانداق قىلىش توغرىلىق بىر قارارغا
كېلىشىمىز لازىم» دېدى. بۇ قېتىم كوپچىلىكنىڭ پىكرى، ئوت-
كەنكى يىغىندىكىدەك مۇجمەل بولمىدى. ھەممىسى بىردەك گو-
مىنداڭنىڭ ھالاكىتى يېقىنلىشىپ قالدى. بۇندىن كېيىنكى ھەر-
كىتىمىزدە قوماندان تاۋ، جاۋلارنىڭ يوليورۇغىنى ئاڭلاپ بۇي-
رۇققا قەتئىي بويسۇنىمىز دېيىشتى. يىغىندا كوپلىگەن كىشىلەر
تاۋ، جاۋ ئىككىسىنىڭ ھەقىقەتكە ئوتۇشكە تەييارلانغانلىقىنى گەر-
چە بىلىسىمۇ، ئەمما توغرىدىن - توغرا ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالى-
مايتتى. پەقەت ئۆز ئارا كوڭلىدە بىلىشەتتى. شۇ چاغدا جاۋ نا-
ھايىتى رازى بولۇپ، كوپچىلىكنىڭ قوشۇنلارغا قارىتا، مەشق
ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

يۇقۇرقى ئىككى قېتىملىق سوھبەت يىغىنىنىڭ مەزمۇنىنى،
جاۋ گەرچە قەتئىي مەخپىي تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەم-
ما سىرتتىكى كوپلىگەن كىشىلەر بىلىپ بولغان ئىدى. قانداق

قارار قىلىش نامەلۇم ئىدى. تاشقىرىدا غۇلغۇلا، پىتنە - ئىغۋا، خاتىرجەمسىزلىك، ھەربىلەردىكى قالايمىقانچىلىق، جەمئىيەتتىكى غەم - ئەندىشە بەك تولا ئىدى.

بازاردا جىددىيلىك يۈز بەردى. سەللا ئوبدان مال بولسا، بىردەمدىلا قۇرۇغدىلىپ قالاتتى. ئەسكەر، خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە قالدى. يۈنىڭ ئۈستىگە ئالۋان - ياساق ئېغىر ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن غەللە - پاراقنى ئالدىن سېتىۋالدى. خەلق يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، غەللە - پاراق ۋە يۇغۇز، سامان تۇشۇپ بەك جاپا چەكتى. شۇڭا گومىنداڭنى «گۋامىڭدالڭ (خەلقنى شۇلۇيدىغان پىرقە - ت) دەپ تىللاپلا قالماستىن بەلكى يەنە «كۆك ئاسماندا پارلاق كۈن، ھەممە يەردە قىزىل نۇر (گومىنداڭ بايرىقىنى دېمەكچى)نى «قاراڭغۇلۇقتا قارا كۈن، ھەممە يەردە ئومچۈك تور (گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىنى دېمەكچى)» دېيىشتى.

شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابىنىڭ بۇيرۇغى بويىچە 1947 - يىلى قاماققا ئېلىنغان ئاز سانلىق مىللەت ئىلغار زاتلىرى ۋە «سىياسىي گۇمانلىق ئۇنسۇر» دەپ تونۇلغانلاردىن تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇق كىشىنى 42 - دىۋىزىيە ۋە ئاتلىق 9 - بىرىگادا تۈرمىسىدىن پۈتۈنلەي بوشاتتى. بۇنىڭدىن مەقسەت خەلقنىڭ غەزىۋىنى پەسەيتىش ئىدى. ماي، ئىيۇن ئايلىرىدا شىنجاڭ گارنىزون ئىشتابى لەنجۇ، غەربىي شىمال مەمۇرى مەھكىمىسى مابۇفاڭنىڭ تۇرپان ئەتراپىدىكى 231 - بىرىگادىنىڭ خېشىغا يۆتكىلىپ بېرىپ مۇداپىئەنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى



ھەمدە كورلىدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 9 - بىرىگادىنىڭ 17 - پولكىنى 231-بىرىگادىغا قوشۇش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى يوتكۈزدى. ئىيۇن، ئىيول ئايلىرىدا شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1-دىۋىزىيىنى (بۇ دىۋىزىيىدە 6 - 7 - ئىككى بىرىگادا بار ئىدى) شەرقتىن گەنسۇغا يۆتكىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. بۇ ئاتلىق دىۋىزىيە يولغا چىقىش تەييارلىقىدا بولۇپ ئاخىرى توختاپ قالدى.

## 1949 - يىلى 25 - سېنتەبىردە شىنجاڭدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ تېلېگىرامما يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتۈشى

1949 - يىلى 20-سېنتەبىردە جاۋشىڭگۇاڭ مېنى ۋەكىل قىلىپ، يەكەندە تۇرۇشلۇق ئاتلىق 4 - بىرىگادىنى ئىگەللەپ ۋە قىسمەن كادىرلار مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئىدى. 24 - چېسلا كەچتە جاۋشىڭگۇاڭدىن جىددىي تېلېگىرامما تاپشۇرۇۋالدىم. بۇنىڭدا «ئاۋالقى مۇھاكىمىلىرىمىزنىڭ ۋاقتى پىشىپ قالدى. كېچىلەپ قەشقەرگە قايتىپ كەل!» دېيىلگەن. شۇ كېچىسى يولغا چىقىپ 25 - چېسلا ئەتىگەندە قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ جاۋ بىلەن كۆرۈشتۈم. جاۋ ماڭا شۇ كۈنى تاۋ، جاۋ ئىككىسىنىڭ قول قويۇپ، شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنى باشلاپ ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى، گومىنداڭدىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ماڭا دەرھال بىرىگادا ئىشتاۋىغا

بېرىپ، ئەسكەرلەرنى جايلاشتۇرۇش، ھوشيارلىقنى كۈچەيتىش، ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ سىزىقتا چىقىشىنى ۋاقىتلىق توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. قەشقەر رايونى تېلېگراممىسى ئارقىلىق ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، قارىماققا گەرچە، تېچتەك كۆرۈنسىمۇ ئەمما ئارمىيە، خەلقنىڭ ئىدىيىسى ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. دۇكانلارنىڭ كۆپىنچىسى سودىنى توختاتقان. كوچىلاردا پاتىرونلاردىن باشقا كىشىلەر ناھايىتى ئاز كۆرۈنەتتى. ھەربىي ھالەت قاتتىق ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، ھېچقانداق پاراكەندىچىلىك تۇغۇلمىدى.

ھەقىقەتكە قايتىشتىن ئىلگىرى، شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئاتلىق 1 - دىۋىزىيە باشلىقى ماچىڭشىياڭ، 78 - دىۋىزىيە باشلىقى يېچىڭ ۋە 179 - بىرگادا باشلىقى لوشۇرېن قاتارلىقلار ئەكسىيەتچىلىكتە چىڭ تۇرۇپ: «مابۇفاڭ غەربىي شىمالدا ئۇزۇن يىللار تۇرغان گەنسۇ نىڭشىيا، چىڭخەيلەردە ئەسكىرى كۆپ، 3 ئۆلكىنىڭ كۆپ ساندىكى جايلىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ» دەپ ھېساپلايتتى. لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا خېشى كارىدورى ئۇزۇن، چىلەنشەن تاغلىرى مۇداپىئەگە ئوڭۇشلۇق، بۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق ئەسكەر ۋە چېكىنگەن ئەسكەرلەرمۇ خېلى كۆپ، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ غەرپكە ئىلگىرىلىشىنى توساپ قېلىشىمىز مۇمكىن دەپ تونىدى. ئەگەر خېشى ئەپلەشمىسە شىنجاڭغا چېكىنسەكمۇ بولىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى قاقاس چۆل ۋە قۇملۇق جەزىرىلەردە سۇ، ئوت - چۆپ يوق. چوڭ قوشۇننىڭ يۈرۈشىگە ۋە تەمىناتىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىدۇ. مۇداپىئەگە پايدىلىق، ھۇجۇمغا پايدىسىز دېگەندەك بىر تەرەپ-



لىمىلىك تونۇشتا بولدى. ماچىڭشىياڭ: «كوممۇنىستلار دىنىمىز (ئىسلام دىنى) نى يوقىتىپ خۇيزۇلارنى چەتكە قاقىدۇ» دەپ تەشۋىق يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى قۇتراتتى. يېچىڭ، لوشۇرېنلارمۇ «پىرقە ئىۋانىدىگە سادىق بولۇش»، «ئەتىجە قازىنالمىسىمۇ مېھرىۋان بولۇش» دېگەندەك شەپقەتلەر بىلەن قوشۇنلىرىنى كۈشكۈرتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە نومۇسسىزلارچە ھۇجۇم قىلدى.

ئۇ چاغدا گومىنداڭنىڭ شىمالىي شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ پەيلى بۇزۇلغان. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەلۇم كىشىلەرمۇ بۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئىدى. بەختكە يارىشا تاۋسىيۇ، جاۋشىگۇاڭلارنىڭ چۈشەنچە بېرىشى ئارقىسىدا، تولا كىشىلەر ھەق - ناھەقنى پەرق ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن ما، يې، لو قاتارلىقلارنى يېتىم ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۇلارنى چەتكە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى. ئاندىن پۈتۈن قىسىملارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ھەقىقەتكە ئۆتتى.

## ماچىڭشىياڭ قاتارلىقلارنىڭ چەتكە كېتىۋېتىپ، قەشقەردىن ئۆتكەندىكى ئەھۋالى

ھەقىقەتكە قايتىش ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، «شىنجاڭ گارنىزون ئىشتاۋىدىن تېچ ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن ما، يې، لو، جۇڭ قاتارلىقلارنى يولبويى قوغداپ، چىقىپ كېتىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىلسۇن!» دەپ تېلېگرام كەلدى. ما، يې، لولار قاراشەھەرگە كەلگەندە ئۇلارغا 128 - بىرگادا لۈيجاڭى جۇڭ زۈيىلىڭ قوشۇلۇپ بىللە قاچتى. ئۇلار ئاقسۇغا كەل-

گەندە ئاقسۇدىكى 235 - بىرىگادىغا قاراشلىق مەلۇم بىر ۋزۋوت كوماندىرى (پەيجاڭ) يېنى تىللاپ: «ھەر قايسىڭ قوماندان تۇرۇقلۇق، ئۇرۇش قىلماي قاچتىڭلارمۇ؟» دەپ تاپانچا بىلەن ئاتقاندا يېچىڭ سول مۈرىسىدىن يارىلاندى. ئۇلار ئوكتەبىرنىڭ باشلىرى قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. يېچىڭ ئاقسۇدا يارىلانغانلىقتىن قەشقەردىمۇ تەشۋىش قىلىپ تاشقىرىغا چىقمىدى. بىر يېرىم كۈن تۇرۇپلا تاشقورغان ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كەتتى. ئۇلار تاشقورغان چېگرىسىدىن جاۋشىگۇاڭغا: ساق-سالامەت چەتكە چىقىپ كەتتۇق دەپ تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ تېلېگىرامما ئەۋەتكەن.

ما، يې، لو، جۇڭ قاتارلىقلار چەتكە ماڭغان چاغدا يېنىڭ خوتۇنى ۋە كىچىك قىزى، جۇڭزوينىڭ خوتۇنى ھەم بىللە ئىدى. ئۇندىن باشقا ھەمرالاردىن: گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقە باشلىقى ياڭ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارە باشلىقى لىيۇخەندۇڭلارمۇ بار ئىدى. يەنە بىر قانچە كىشىلەر ئېسىمدە قالماپتۇ.

ئۇلار قەشقەردىن مېڭىش ئالدىدا، جاۋشىگۇاڭ ئۇلارنى مېھمانغا چاقىرىپ سوھبەتلەشتى ۋە ئۇزىتىش زىياپىتى بەردى. زىياپەتكە ۋاڭگىنزىلىڭ ۋە مەنمۇ قاتناشقان ئىدىم. زىياپەتتە جاۋشىگۇاڭ سۆزلەپ: «گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق گۇرۇھى چىرىكلىشىپ چېكىگە يەتتى. مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ» دېدى. ئۇ يەنە «ئۆزىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە چىڭچېن (ئەمەلىيەتتە جياڭ جيېشىنى دېمەكچى) ۋە ئۇنىڭ سىستې-



مىسىدىكى قوشۇنلارنىڭ بوزەك ئېتىشىغا ئۇچرىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزى باشلاپ ماڭغان قوشۇن ھەربىي يۈرۈش قىلغان چاغلاردا چېن نىڭ قوشۇنلىرىغا ئۇچرىشىپ قالسا پۈتۈنلەي چەتكە قېقىلىپ يول بوشىتىپ بەرگەنلىكىنى، پويىزلارنى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقلىرىنى بايان قىلىپ سۆزلىگەندىن كېيىن: «ئەمدى گومىنداڭدىن ئايرىلىپ، كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ماڭىمەن. بۇندىن كېيىن ھەر قايسىمىز ئۆز ئىستىقبالىمىزنى تاپايلى!» دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ يول ئۈستىدە خاتىرجەم بولۇشىنى ئېيتتى. جاۋ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ما، يې، لو، جۇڭلارنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ما، ئاددىلا قىلىپ بىر نەچچە ئېغىز سۆزلىدى: «بىز (ماجەمەتىننىڭ قوشۇنلىرىنى كۆرسىتىدۇ) ئۇزۇن سەپەردە قىزىل ئارمىيىنىڭ مەلۇم يونۇلۇش ئارمىيىسى خېشى كارىدورىدىن ئۆتكەندە قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتۇق. ئازاتلىق ئۇرۇش مەزگىللىرىدە گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەيلەردە يەنە ئۇرۇشتۇق. ئاداۋەت چوڭقۇر، مېنىڭ پەقەت كېتىش يولۇملا قالدى»، دېدى. جاۋشىگۇاڭ يېچىڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. يې ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۇزاققىچە ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ، بېشىنى چايقاپ، ئوڭ قولى بىلەن سول مۈرىسىدىكى يارىسىنى سىلاپ گويا ناھايىتى ئاغرىۋاتقاندەك قىلىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. يەنە لو، جۇڭ قاتارلىقلارنى سۆزگە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇلارمۇ سۆز قىلمىدى.

# شىنجاڭ تىنچ ھەقىقەتكە ئوتۇشنىڭ ئالدى-كەينىدە كورگەن - ئاڭلىغانلىرىم

### دۇشۇيزىڭ

1949 - يىلى 25 - سېنتەبىر، گېنېرال تاۋسىيۇ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق يۇزمىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنىنى يېتەكلەپ، جياڭ خاندانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىقىدىن ئايرىلىپ ھەقىقەتكە ئوتۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قالدۇق كۈچلىرىنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتىكى ئاخىرقى ھالاكىتىنى تېزلەتتى. بۇ ماۋجۇشى ئىنقىلاۋي لۇشيەنىنىڭ، بىرلىكسەپ سىياسىتىنىڭ بىر غەلىبىسى. شۇ چاغدا، مەن شىنجاڭ قورچاق گارنىزون باش ئىشتاۋىنىڭ سىياسىي باشقارمىسىدا كاتىۋات مۇدىرى ئىدىم. ھەقىقەتكە ئوتۇش ۋاقتىدىكى پائالىيەتلەرگە ئوز ۋاقتىدا ئارىلاشقانلىقىم ئۇچۇن، ھازىر ئەينى ۋاقىتتىكى ئەمەلىي ئەھۋال بويىچە كورگەن - ئاڭلىغانلىرىمنى توۋەندىكىچە بايان قىلىمەن.

## 1. ھەقىقەتكە ئوتۇش ئالدىدا ھەر قايسى جايلاردىكى ئەسكىرىي كۈچلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالى

شۇ چاغدىكى گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى قوشۇنلىرىنىڭ تېگى - تەكتى جاڭجىجوڭ، تاۋسىيۇلارنىڭ كونا قوشۇنى بولماستىن، بەلكى خۇزۇڭنەن ۋە چېڭخەي ماجەمەتنىڭ (مابۇفاڭ، مابۇچىڭ) دىن تەركىب تاپقان ئىدى. مەسىلەن، يېڭىچىڭنىڭ 78 - دىۋىزىيەسى، لوشۇرېننىڭ 179 - بىرىگادىسى، لىزوتاڭنىڭ 42 - دىۋىزىيە 65 - بىرىگادىسى خۇزۇڭنەننىڭ ئىشەنچلىك قوشۇنى ئىدى. رەتلەپ تۈزۈلگەن ئاتلىق دىۋىزىيە شىجاڭ ماچېڭشياڭ بىلەن خەنيۇۋېن، خەنيوفو قاتارلىق ئىككى ئۇيجاڭ، ماجەمەتنىڭ كونا تەۋەلىرىدىن ئىدى. مەزكۇر دىۋىزىيە سىياسىي باشقارما باشلىقى ماسىبەيمۇ بىر جاڭگالىنىڭ نورىسى بولۇپ، مۇناسىۋەتتە ئىنتايىن يېقىن ئىدى. 128 - بىرىگادا شىڭشىسەينىڭ ئاتالمىش ماشىنىلاشقان دىۋىزىيەسىدىن ئوزگەرتىپ تۈزۈلگەن.

شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالى: شەرقىي شىمالىي شىنجاڭدا — رەتلەپ تۈزۈلگەن 78 - دىۋىزىيەنىڭ ئىشتاۋى قۇتۇبى ناھىيەسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىۋاستە قاراشلىق مۇئېرۇنىڭ 178 - بىرىگادىسى قۇمۇلغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ پولكلىرى بارىكول، گۇچۇڭ، شىڭشىڭشيا ئەترابلىرىغا جايلاشقان. جۇمىڭگاڭنىڭ 227 - بىرىگادىسىغا قاراشلىق قوشۇنلار ماناسقا جايلاشقان بولۇپ، ماناس دەرياسى بويىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىگە قارشى قويۇلغان ئىدى. لوشۇرېننىڭ 179 - بىرىگادىسى ئۈرۈمچىگە جايلاشقان. بىر باتاليونى دىۋىزىيە ئىشتاۋى بىلەن قۇتۇبىدا تۇراتتى. ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيەسىگە تەۋە ئىككى بىرىگادىنىڭ بىرى فۇكاڭ، مورى، جىمسار ئەترابلىرىغا جايلاشقان. يەنە بىرى دىۋىزىيە بىلەن بىرگە سانجى، مىچۈەن ۋە ئۈرۈمچى

لومەنچىگە جايلاشقان ئىدى. ئۇندىن باشقا ئاپتوموبىل 20- پولكى قۇمۇل، جىۋچۇەنگە، ئاپتوموبىل 3 - پولكى ئۈرۈمچىگە جايلاشقان. ئارقاسەپ تەمىنات تەۋەسىدىكى 1 - 2 - 3 - ۋە ماتۇەن پولكلىرى ئايرىم ھالدا ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر لىنىيىلىرىگە جايلاشقان، گارنىزون باش ئىشتاۋىنىڭ گارنىزون پولكى پىچاندا جايلاشقان. ئىشپىيونلار باتاليون كوماندىرى ئۇۋياڭ يويشيەن گارنىزون باش ئىشتاۋىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىك خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى.

جەنۇبىي شىنجاڭدا — جاۋشىگۇاڭنىڭ 42 - دىۋىزىيىسىنىڭ قەشقەردە ئىدى. ئۇنىڭغا بىۋاستە قاراشلىق 65 - بىرىگادا ئاق سۇغا، جۇزۇيىڭنىڭ 128 - بىرىگادىسى قاراشەھەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بۈگۈر، كورلا، خوتۇنسۇمۇل، خوشۇت كۆمۈش ئەترابلىرىدا تۇراتتى. تيەنزىمىڭنىڭ 231 - بىرىگادى سىنىڭ پۈتۈن قوشۇنلىرى تۇرپاندا تۇراتتى. ئۇندىن باشقا 42 - دىۋىزىيىگە قاراشلىق 2 ئاتلىق ئەسكەر بىرىگادىلىرى تاڭ جىگرەننىڭ ئاتلىق 4 - بىرىگادىسى، ماپىڭلىننىڭ ئاتلىق 9 - بىرىگادىسى خوتەن، قاغىلىق ۋە كۇچار ئەترابلىرىغا ئورۇن لاشتۇرۇلغان ئىدى. يۇقۇرىدىكى قوشۇنلار ئاتاقتا يۈزمىڭ بول سىمۇ، ئەمەلىي ئەسكىرىي كۈچى 90 مىڭدىن ئاشمايتتى. سىپا ھىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، جايلاشقان ئورنىنىڭ تارقاقلىقى ۋە ئۇندىن ئومۇمىيۈزلۈك ھەقىقەتكە ئوتتۇشكە تەييارلىق كۆرۈ جەريانىدا، ئۇيرۇق ياكى يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ قايىل قىلى چارىلىرىنى قوللىنىش مۇۋاپىق كەلمەيتتى. بەلكى پەقەت



مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق تۇيدۇرماستىن تەسىر كورسىتىش ۋە كو- نا قوشۇنلاردىكى ئادەت بويىچە ئىپرىم بۇيرۇق شەكلىدە يۇقۇرى ئىجرا قىلىش، تۆۋەن ئىشلەش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىش مۇۋاپىق كېلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئاساسىي ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچ— ئىچكىرىدىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكى قىسمىدىكى بىر قىسىم يۇقۇرى دەرىجە- لىك قوماندانلارنىڭ ئەقلىنى تېپىشى ۋە سىياسى خىزمەت خادىملىرىگە ئىچكى جەھەتتە تەشۋىق قىلىپ باشلامچىلىق قىلى- شى نەتىجىسىدە ئاخىرى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى قاراڭ- غۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، تىنچ ھەقىقەتكە ئۆتەلىدى.

## 2. داۋالغۇپ تۇرغان شارائىتتا لەنجۇغا سەپەر

مەن 1948 - يىلى ئوكتەبىر ئىچىدە لەنجۇغا بېرىش ئۈچۈن بۇيرۇق ئالدىم. شۇ سەپىرىمدە شەرقىي شىنجاڭدا تۇ- رۇشلۇق ئارمىيىنىڭ سىياسى خىزمەتلىرىنى كوزدىن كەچۈرمەك- چى بولدۇم. ئاساسىي ۋەزىپەم لەنجۇغا بېرىپ شىنجاڭ قىسىملى- رىنىڭ ئاساسقاتلام سىياسى كادىرلىرىنى يېتىشتۇرۇش ئۈچۈن 150 نەپەر ياش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ھەمدە غەربىي شى- مالدىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى جە- ھەتلەردىكى خەۋەرلەرنى ئىگەللەش ئىدى. 49 - يىلى ئىيول- نىڭ ئاخىرلىرى، مەن ئوقۇغۇچىلارنى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن لەنجۇدىن ماڭماقچى بولۇۋاتقىنىمدا غەربىي شىمال مەمۇرى

مەھكىمە سىياسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شاڭگوەن يەزۇدىن
ماشىنىلارنى ئەمۇرى مەھكىمىگە ھايداپ كېلىپ، دوكلات
تاكلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئالدىم. مەن ئەتىرەتنى باش
لاپ زالغا كىرگەندە گوجىڭگاڭ سەھنىدە سۆزلەۋاتقان ئىكەن
سەھنىدە خې جۇڭخەن، مابۇفاڭ، زېڭ جېڭۋۇ قاتارلىقلارمۇ با
ئىدى. سۆزىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى: «گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمال
غەربىي جەنۇپ، شەرقىي جەنۇپ ۋە شىنجاڭدا بولۇپ
مىليوندىن ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچى بار. ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ
كۈچى زور، دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ كۈچى تولۇق، ئومۇمەن كۆ
يەنىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ. ئۇندىن باشقا ئامېرىكىنىڭ
زور كۈچ بىلەن قىلىۋاتقان ياردىمى بار دېگەندەك قۇرۇق
گەپلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەممە جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇرۇش
نى قوزغىغانلىقتىن ئاقىۋەتتە 3 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بالدۇر
پارتلىشىغا سەۋەپ بولىدۇ.» دەپ ئالجىيتتى. دوكلات ئاخىر
لاشقاندىن كېيىن، گوجىڭگاڭ ۋە خې جۇڭخەنلەر مەن بىلەن كۆ
رۈشتى. ماڭا ئۇلار ئەسلىدە شىنجاڭغا بېرىپ باش قوماندا
تاۋنى كورۇپ كەلمەكچى (گۇ، خېلار قورچاق مەركەزنىڭ غە
بىي شىمالغا ئەۋەتكەن ھال سوراش ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىر
ئىدى) بولغانلىقى، ھازىر ۋاقىت ئېتىۋارى بىلەن بارالمايد
غانلىقىنى ئېيتىشتى ۋە ئۇلار سۆزلىگەن سۆزنىڭ روھىنى شى
جاڭدىكى قىسىملارغا يەتكۈزۈشۈمنى، ئۇ يەردىكى ئەمەلدارلا
مەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ، ئومۇمى ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتقان ھال
مەركەزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كوممۇنىزمغا قارشى سىياسىتى
ئەمەل قىلىشىنى تاپىلىدى.



شۇ چاغلاردا لەنجۇ ۋەزىيىتى بارغانسېرى جىددىيلەشكەن،
ئازاتلىق ئارمىيە چوڭ قوشۇنى شەرقىي گەنسۇدىن غەرپكە قا-
راپ ئىلگىرىلىگەن بولغاچقا، ئەپقاچتى گەپ - سۆزلەر تولا،
جەمئىيەت تەرتىۋى ئىنتىز - پەس ئىدى. مەن 1942 - يىلى 191-
دىۋىزىيىدە سىياسى باشقارما مۇدىرى بولغان چېغىمدا، لەنجۇ
مۇداپىئەسىگە قاتناشقان ئىدىم. بۇ قېتىم لەنجۇغا كېلىپ كونا
خىزمەتداشلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلاش-
قاندا، ئامەتنىڭ كېتىپ قالغانلىقىنى، ئىستىقبالىنىڭ قاراڭغۇ
ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس
قىلدىم-دە خاتىرجەمسىز لەنجۇدىن ئەھۋال ئاستىدا ئەترەتنى باشلاپ لەن-
جۇدىن ئايرىلدىم. مەن 12 - ئاۋغۇست قۇمۇلغا كەلگەندە، ئا-
زاتلىق ئارمىيە لەنجۇغا ھۇجۇم قوزغىغان ئىدى. مەن 178-
بىرىگادا باشلىقى مۇئېرۇ، ئاۋتۇ 20 - پولك باش-
لىقى جۇ پېڭپۇلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا
غېمى تولا، كەيپىياتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. يولدا
ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ بىرنەچچە داداۋجى ئاپتوموبىللىرى-
نىڭ ئوق - ياراق بېسىپ ئىچكىرىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ئۇچراتتىم.

## 3. ھەقىقەتكە ئوتكۇچى ۋە قارشىلاش-قۇچى كۈچلەرنىڭ ھەركەتلىرى

رىياللىق خەلق ئالدىدا تۇرماقتا، شىنجاڭ مەسىلىسىنى
ھەل قىلىشنىڭ پەردىسى ئاستا - ئاستا ئېچىلماقتا ئىدى، ھە-

ھەقىقەتتە ئۇرۇشنىڭ كۈچلۈك تەشەببۇسكارلىرىدىن تاۋسىيۇ، تاۋجىنچۇ ئىككى ئاكا - ئۇكا ۋە دىۋىزىيە باشلىقى جاۋشىگۇاڭدىن باشقا يەنە قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىۋى ليۇمىڭ-چۇن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى چۇي ۋۇ، قۇر-چاق گارنىزون ئىشتاۋى سىياسى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لياڭ كېشۇن، گارنىزون ئىشتاپ ھەربى سوت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇشىلۇك، شىنجاڭ ھەربى مەكتەپ ئىلمىي مۇدىرى ۋېن شىڭچياۋ قاتارلىق يىراقنى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر، ھەربى سېپىدىمۇ ۋە مەمۇرى ئورگانلار بىلەن بىرلىشىپ ھەقىقەتتە ئۇرۇش ئۈچۈن قوزغۇلۇش ھەركەت ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ھەقىقەتتە ئۇرۇشقا قارشى-لىق قىلغۇچىلاردىن ماچىڭشياڭ، يې چېڭ، لوشۇرېن قاتارلىق كىشىلەرمۇ بۇ چاغدا ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، يىغىن چاقىرىپ، مەخپى مەسلىھەتلىشىپ، ياچۋەكىنىڭ ھارۋا تۇسۇشىدەك خام خىيالدا بولۇشاتتى. تاۋسىيۇ خېلى دۇرۇنلا ھەقىقەتتە ئۇرۇش نەتىجىگە كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئوچۇق پوزىتسىيە بىلدۈرمىگەن ئىدى. ئادەت بويىچە مېھمان چاقىرىپ زىياپەت بېرىش ئارقى-لىق، ئاغزىدىلا «مېڭىشنى خالىغانلار مېڭىڭلار، قېلىشنى خالى-غانلار قېلىڭلار، ھەركىتىمىز ھەر خىل بولسىمۇ، دوستلۇقىمىز مەڭگۈ» دىگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يوشۇ-رۇن ھەركەتلىرى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى بولۇپ، خۇددى تار-تىلغان ئوقيا ھالىتىدە ئىدى.

مەن 14 - ئاۋغۇست كەچ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا لەنجۇ ئۇرۇشى جىددىيلىشىپ، شىنجاڭدىكى ھەربى - مە-



مۇرى خادىملار پاراكەندىچىلىكتە نىمە قىلارىنى بىلمەي تېڭە-ڭىرەپ قالغان، ئارقا سەپ قىسىملىرى جىددى ئۇزۇق تەييار-لاۋاتقان ئىكەن. 16 - ئاۋغۇست سەنمۇجاڭ تاۋجىنچۇغا لەنجۇ سەپىرىمدىن دوكلات بەردىم ھەمدە گوجىڭگاڭنىڭ سوزىنى ئاد-دىلا يەتكۈزدۈم. بۇ ۋاقىتتا تاۋجىنچۇ مەكتۈپنى قىيالپەتتە كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ ما جەمەتىگە يەل بېرىش، مابۇفاڭنى ھول خىشقا دەسسىتىش. ھازىر لەنجۇ ئۇرۇشى كەسكىنلەشتى، قارىماق-قا لەنجۇنىڭ قولدىن كېتىشى پەقەتلا ۋاقىت مەسىلىسى بولۇپ قالدى» دىدى. مەن: «بىزنىڭ شىنجاڭ قانداق قىلماقچى» دەپ سورىدىم. تاۋجىنچۇ: «سىياسى جەھەتتىن چىقىش يولى ئىزلەشكە تەييارلىنىۋاتىمىز» دەپ جاۋاپ بەردى. شۇبھىسىزكى ئۇ سىياسى جەھەتتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان ئىدى. مەن لياڭكېشۇن بىلەن كورۇشكەندە، ئۇمۇ مېنى كورۇپلا: «نىمە خە-ۋەرلەرنى ئاڭلىدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۈگۈن لەنجۇ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى گېزىتتىن كوردۇم. قارىماققا لەنجۇ ئۇرۇشى كۆن-ساناپ جىددىيلەشمەكتە. لەنجۇ جۇغراپىيە جەھەتتىن گەرچە تاغ ۋە سۇغا شۇنىڭدەك مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما جەڭگىۋارلىق روھ پەسەيگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىرتتىن ياردەم بولمىغاچقا ئېھتىمال ئۇزۇنغا بەرداشلىق بېرەلمەسە» كېرەك دىدىم. لياڭ يەنە: «بۇ يەردە يېقىندىن بېرى نىمە گەپ - سوز-لەر بار؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۈگۈن سەنمۇجاڭ تاۋ بى-لەن كورۇشتۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا سىياسى جەھەتتىن چىقىش يولى ئىزلىمەكچى ئىكەن. مېنىڭچە جاڭجىجۇڭغا ئۈممىت

باغلاۋاتقانمىكەن!» دېدىم. (شۇ كۈنلەردە جاڭجىجۇڭ نەنجىڭدىن كومپارتىيە بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۆمىكىنىڭ باشلىغى بولۇپ بېيپىڭغا بارغان، نەنجىڭ قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئۇ نەنجىڭگە قايتىشنى رەت قىلىپ، بېيجىڭدا قالغان بولۇپ، تاۋسىيۇ ۋە شىنجاڭدىكى ھەربىي - مەمۇرىي خادىملار بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرغان ئىدى). لياڭ: «بۇمۇ بىر ئامىل ھەم ئارزۇ» دېدى. بۇ ۋاقىتتا لياڭ ماڭا ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېيتتى: «شىنجاڭنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا مەيلى ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ياكى شىڭ شىسەي بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر مەزگىل شىنجاڭدا يۇرت تىرەپ زومىگەرلىك قىلالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەركىزىي ھۆكۈمەتكە نىسبەتەن، مىچىتنى تونۇپ ئىمامىنى تونىمايدىغان سىياسەتنى قوللانغان، بۇ دېمەك كىم مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ داھىيسى بولسا شۇنى ھىمايە قىلىش، ئالدىدا ھەدەپ قويۇپ كەينىدە خىلاپلىق قىلمىشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق، شىنجاڭنى يېرىم مۇستەقىل قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان بىز ھازىر يۈزمىڭلىك كىشىلىك زور قوشۇنغا ئىگە. بۇ بۇرۇنقى ھەرقانداق دەۋرگە سېلىشتۇرغاندا كۈچلۈك، نۆۋەتتىكى جىددىي ئىشىمىز، قانداق قىلىپ ھەربىي ئىنتىزامنى، خەلق كۆڭلىنى تىنچلاندۇرۇپ، تىنچ تۇرۇشىمىز، ھەرگىز ئىچكى قىسىمدا قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىقىمىز لازىملىقىدا. بىز سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەرقايسى قىسىملاردىكى ئەمەلدارلار باش قوماندان تاۋنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشىنى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك. پەقەت بىز مۇشۇ كىشى



لەر بىلەن بىر ئىتتىپاق بولۇپ، ھەمكارلىشىپ رولىمىزنى جارى قىلدۇرساقلا، چوقۇم تىنچلىق ئارزۇسىغا يەتكىلى بولىدۇ» دېدى. لياڭ ماڭا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پولكتىن يۇقىرى سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى توپلاپ سۆھبەتلىشىپ، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى تاپىلىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن مەن لياڭنىڭ پىكرى مۇقىملاشقانلىقىنى، سىياسىي باشقارمىنىڭ ئىچىدە چوڭ مەسىلىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم. شۇ چاغلاردا سەنمۇجاڭ تاۋجىنچۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى سەنمۇ سېستىمىسى، يې، ما، لو قاتارلىق 3 كاتتىۋاش تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلانغان ئىدى. بۇ بىز سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپ رولىمىزنى جارى قىلىشىمىزغا باغلىق بولۇپ، ۋەزىيەت بىزنىڭ دەرھال ھەرىكەتلىنىشىمىزگە مۇھتاج ئىدى.

26 - ئاۋغۇست غەربىي شىمالدا ئۇرۇش ئارمىيىسى لەنجۇنى ئىشغال قىلدى. شىنجاڭ ۋەزىيىتى تېخىمۇ تەۋرىنىپ، تەرەپ - تەرەپتىن «ئازاتلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىدىكەن» دېگەن گەپلەر پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ئەندىشىگە چۈشتى. بازارلاردا پۇل پاخاللاشتى. بانكا يۈز مىليون يۈەنلىك چوڭ پۇل تارقاتتى. قەغەز پۇلغا ھېچنەرسە سېتىۋالغىلى بولمايتتى. بازاردا بىر قىسىم تەڭگە پۇل يەنى شىنجاڭ كۈمۈش پۇلى ئاقاتتى. ئەمەلدارلار تەرەپ - تەرەپتىن تاماكا، رەخت قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تالىشىپ سېتىۋېلىشقا باشلىدى.

30 - ئاۋغۇست مەن لياڭنىڭ يولىيورۇغى بويىچە ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق پولكتىن يۇقۇرى سىياسى خىزمەت خادىملىرىنى يىغىنغا چاقىردىم. شۇ كۈنى ئاخشىمى لوشۇرېن تېلېفوندا يىغىننىڭ نىمە مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى سورىدى. مەن تېلېفوندا ئاڭلاپلا سوزنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى پەملىدىم -دە، گەپنى بۇراپ «يېقىندىن بېرى قىسىملارنىڭ مائاشى ئاز، تۇرمۇشى ئىنتايىن ناچارلاشقانلىقتىن مەسىلە سادىر بولۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدۇق. شۇڭا ئۇلار بىلەن سوھبەتلىشىش ئارقىلىق كوپچىلىككە ئازراق ئىدىيىۋى خىزمەت ئۇتەشنى، باشقىچە ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىشنى ئويلىدۇق» دېدىم. لو غەزەپلەنگەن ھالدا: «ھازىر يىغىن چاقىرىشقا بولمايدۇ!» دېدى-دە، جاققىدە قىلىپ تۇروپكىنى قويۇپ قويدى. مەن دەرھال ئەھۋالنى لياڭ كېشۇنغا ئېيتتىم. ھەمدە ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «قارىغاندا ئۇلار بىزدىن خاتىرجەم ئەمەسكەن، ھازىر ئەھۋال ناھايىتى ئېغىر، سوزگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. كېيىنچە ئايرىم پاراڭلىشىش ئۇسۇلى بىلەن خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرسەك!» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەققەتكە ئۇتۇشكە قارشى تۇرغۇچى يې، ما، لۇلارمۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنى جىددىيلەشتۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پىلانى قوشۇنلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يوتكەپ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كورسىتىش، ھەققەتكە ئۇتۇش تەشەببۇسچىلىرىدىن تاۋجىنچۇ، ليۇ مىڭچۇن، چۇي ۋۇ، لياڭ كېشۇن قاتارلىقلارنى جايلىۋېتىش، تاۋسىيۇنى تۇتۇپ كېتىش ئىدى. سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرلىرى بىر ئاخ-



شىمى ئۇلار لومەنچىڭدىكى دۇنزىيە ئىشتاۋىغا يىغىلىپ، ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردىن بۇرۇن پىلان بويىچە ھەركەت قىلىشنى قارار قىلغان.

تاۋسىيۇ بىلەن يېنىڭ شەخسى مۇناسىۋىتى بىر قەدەر ياخشى بولغانلىقتىن، يې چىڭ تۈن نىسپىدە تاۋنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاشكارىلاپ قويدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى. (بۇ توغرىلىق تاۋسىيۇ «شىنجاڭنى تىنچ ئازات قىلىش يولىغا باشلاش» دېگەن ماقالىسىدا تەپسىلى بايان قىلغان) شۇ ئاخشىمى بىرسى كېلىپ ھولۇققان ھالدا: «ھازىر ئۇلار گازارمىدا زەمبىرەكلەرنى تورت دەرۋازىغا قارىتىپ تىكلىدى. زەمبىرەكلەر باش ئىشتاپ تۇرۇشلۇق ئورۇنغا توغرىلانغان» دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. دېمەك شۇ ۋاقىتتىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ، تېگىپ كەتسىلا پارتلايتتى. مەن ئەھۋالنى تاۋسەنمۇجاڭغا يەتكۈزدۈم. ئۇ ھەر قايسى باشقارمىلاردىكى شياۋشياۋدىن يۇقۇرى خادىملارغا، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن يان قورال تارقىتىپ بەردى. كېيىن ئاڭلىشىمچە گېنېرال تاۋسىيۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن خەۋپكە قارىماستىن، پەقەت ئۆزىلا لومەنچىڭغا بېرىپ ئۇلارغا ھەرگىز قارىسىغا ھەركەت قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى يامان پەيلىدىن ياندۇرغان.

## 4. يې، ما، لولارنىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلاش

بۇ قېتىمقى قالايمىقانچىلىق گەرچە پەيدا بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن بولۇپ، ھەر

ۋاقىت قالايمىقانچىلىق پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنىڭدەك بى، ما، لولارنىڭ قولىدا ئەمەلىي كۈچ بولغاچقا، ئۇلارغا ھەقىقەتكە ئۇتتۇش قارارىمىزغا بويسۇنۇشنى نەسىھەت قىلىش مۇمكىن بولمايتتى. نەسىھەت قىلىش زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشىنى تېزلەشتۈرەتتى. ئالدىمىزدا پەقەت ئۈچىنىڭ «بىرلىگىنى پارچىلاش ۋە يەمىرىپ تاشلاش» تىن ئىبارەت بىرلا ئۇسۇل بار ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سۈيىقەستنى توساپ بىزنىڭ سىياسەت ۋە پىلانىمىزنىڭ بۇزۇلماسلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا لياڭ كېشۇن، ليۇ مىڭچۈنلەر مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ماچىڭشياڭغا قول تىقىشنى قارار قىلدى. ماچىڭشياڭنىڭ سىياسى باشقارما باشلىقى ماسىبەي بۇرۇن، ئاۋالقى 7 - دىۋىزىيىدىكى ۋاقتىدا مېنىڭ رەھبەرلىكىمدىكى پولكنىڭ سىياسى كومىسسارى بولۇپ، شەخسى مۇناسىۋىتىمىز يامان ئەمەس ئىدى. مەن سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى لوۋەنچىدىكى ماسىبەينىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپ: «سېنىڭ كەلگىنىڭ ئوبدان بولدى. دەل سېنى ئىزلەپ سۆزلەشەي دىگەن ئىدىم. ئۆتكەنكى باشقارمىدا ئېچىلغان يىغىنغا سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا قاتنىشالمىدىم» دىدى. مەن: «يىغىن ئېچىلمىدى» دىدىم. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە پاراڭلاشقىنىمىزدا، ماسىبەي لەنجۇ ئۇرۇشى توغرىلىق سۆزلەپ: «قوماندان تاۋ ئاتلىق 1 - دىۋىزىيىنىڭ لەنجۇ ئۇرۇشىغا قاتنىشىشنى ئاكتىپ قوللىمىدى. ماچىڭشياڭنىڭ بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىقى بار» دىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئاتلىق 5 - كورپۇس گەنسۇدىن شىنجاڭغا كىر-



گەن ۋاقتىدا، مەن يۈيمەندە ئىدىم. قوشۇن 3 ئايدىن ئارتۇق يول مېڭىپ، ئاندىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتىم. يول بويىدىكى بېكەتلەر ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك تەييارلىشى ئاسان ئەمەس، ئىشلار ھەممىسى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدۇ. سىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىكلار شۇ قەدەر يېقىن بولسىمۇ، ئەمما قىيىن شارائىتلاردا بىر - بىرىڭلارغا قارىيالمايسىلەر. بۇ قوشۇن مۇبادا بارغان بولسا، قانداق ئاقىۋەتكە دۇچ كېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس». «بېيپىڭ ھەقىقەتكە قايتقاندىن كېيىن، كومپارتىيىنىڭ فۇزويى قوشۇنىغا بولغان مۇئامىلىسى يامان بولمىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. سىياسى، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئازاتلىق ئارمىيىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىپتۇ. شىنجاڭدا تۇرۇۋاتقان ئارمىيىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن؟ نۆۋەتتە دۆلەت ۋە خەلقنى ئويلايدىغان بولساق پەقەت باش قوماندان تاۋنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، قوشۇندىكى كەيپىياتلارنى تېچلاندۇرۇشىمىز، ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ ئىتتىپاقىنى ياخشىلىشىمىز، ھەرگىز ئىچكى جېدەل چىقارماسلىقىمىز لازىم» دىدىم. ماسىبەي: «ھازىر پەقەت مۇشۇلا كۇپايە» دىدى. مەن يەنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ماچىڭشياڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنىڭ قويۇقلىقىنى بىلىمەن. ھازىر نورمال بولمىغان پەيتتىن كۆپرەك پايدىلىق چۈشەنچىدە بولۇشىمىز لازىم. كېيىن ئەھۋال بولسا، ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ تۇرايلى!» دىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لياڭكېشۇن ماشىنىلىق خۇيزۇ ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ، ماچىڭشياڭنىڭ ئەڭ ئىشەنچىلىك ئادىمى

ۋاڭ مېڭيالىڭ بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئۇلار نۆۋەتتىكى ئازاتلىق
ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى مۇلاھىزە قىلىپ: «گومىنداڭ ھاكىمىيىتى
مۇقەررەر ھالاك بولىدۇ. شىنجاڭ يا ئۇرۇشالمايدىغان، يا مۇ-
داپىئەگە قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئەھۋالدا قالدى. ماڭاي دىسە
يول يوق. پەقەتلا تېچلىق يولىنى ئىزلەش لازىم. ۋاقىتنى قول-
دىن بەرمەسلىك كېرەك. ھازىر قىدەك كېتىۋەرسە، مۇقەررەر
كېيىن قىلچە ياخشى نەتىجە چىقمايدۇ.» دەيدىغان چۈشەنچىگە
كېلىشكەن. مابۇفاڭ قاچقان ۋاقىتتا ماچېڭشياڭنىڭ ئاتىسى
ھەتتا ئايروپىلانغىمۇ ئولتۇرالمىغان. دىمەك ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن
بالدۇرراق چوت سوقمىسا، كەلگۈسىدە ئۆزىنىمۇ ساقلاپ قېلىش
تەس. بۇ ھەر خىل سىپىتىمىدىكى پارچە قوشۇن، ئەمىلىي مەسى-
لىنى تۇتمايدىغان بولسا، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بول-
مايدۇ.» ئۇ ئىككىسى ئايلىنىپ يۈرۈپ، 3 سائەتتىن ئارتۇق
پاراڭلاشقان. ۋاڭ بۇ مۇلاھىزىگە قوشۇلۇپ، ماچېڭشياڭنى-ى ھە-
قىقەتكە ئوتتۇشكە قارشىلىق كورسەتمەيدىغان قىلىپ كوندۇرۇش-
كە ماقۇل بولدى. لياڭ بۇ ئاچقۇچنى ئىشقا سېلىپ، ئاخىرى
ما جەمەتىدىن ئىبارەت بۇ قۇلۇپنى ئاچتى. ماچېڭشياڭ شىنجاڭ-
دىن كېتىدىغان بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ 1935 - يى-
لى قىزىل ئارمىيە ئۆزۈن سەپەر قىلىپ خېشى كارىدورىدىن
ئوتكەن ۋاقىتتا، قىزىل ئارمىيىنى تۇساپ كوپ ئىدۇرۇشقان
بولغاچقا، كونا ھېساپنى ئالارمىكىن دەپ قورققان. ئۇنىڭغا
ھودۇمەت ۋە باش ئىشتاپتىن 500 سەر ئالتۇن بەردى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ 23 - سېنتەبىر كەچتە، ماسىبەينىڭ ھەمرالىقىدا



40 تىن ئارتۇق مۇھاپىزەتچى ئېلىپ، ماشىنا بىلەن ئۇرۇمچى-
دىن ئايرىلدى. 20 - سېنتەبىر مېڭىش قارارىغا كەلگەندە
تاۋسىيۇننىڭ ماقۇللىغى بىلەن قوشۇننى خەنيۈۋېنغا ئوتكۈزۈپ
بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ما ئۆزىنىڭ ماڭىدىغانلىغى-
نى لوشۇرېنغا خەۋەر قىلغاندا ئۇ شۇ زامان بىللە ماڭىدىغان-
لىغىنى بىلدۈرگەن. ئاڭلىشىمىزچە لوشۇرېن ھەم 300 سەر ئالتۇن-
غا ئىگە بولۇپ ليۇخەندۇڭ بىلەن ئىككىسى 24 - چېسلا ئەتى-
گەندە يۈرۈپ كەتكەن. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقا - ئارقىدىن
يۈرۈپ كەتكەنلىگىنى كورگەن يېچىڭ يالغۇز قالغانلىغىغا
كوزى يېتىپ، تاۋغا قەتئىي ماڭىدىغانلىغىنى ئېيتىپ مېڭىدى كو-
چىسىدىكى ئوي - جاھازلىرىنى ھوكۇمەتكە 400 سەر ئالتۇنغا
ئوتكۈزۈپ 25 - چېسلا چۈشتىن ئىلگىرى ئائىلىسى بىلەن
يولغا چىقتى. قارا شەھەرگە بېرىپ جۇڭزۈيىڭنى كۈشكۈرتىپ،
ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ قاچتى (بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر-
نىڭ مېڭىشى ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى پەۋقۇلئاددە دىپلوماتىيە
خادىمى ليۇزېرۇڭ پاسپورت ھەل قىلىپ بەرگەن، مۇشۇنداق
قىلىپ شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازات بولۇشىدىكى ئاساسىي پۇتلىكاشاڭ تۈگەپ،
25 - سېنتەبىر كەچتە، تاۋسىيۇ باش بولۇپ ئىمزا قويغان
ھەقىقەتكە ئوتتۇش تېلېگىراممىسىنى يوللاپ، گومىنداڭ ھوكۇمىتى-
دىن ئايرىلىپ، كومپارتىيىنىڭ تېچلىق پىروگىراممىلىرىنى ھىمايە
قىلىدىغانلىغى جاكالاندى.

27 - سېنتەبىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋجۇشى-
نىڭ تەبرىك تېلېگىراممىسى ھەمدە تەقدىرنامىسى كەلدى. يەنە

غەربىي شىمال دالا ئۇرۇش ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى پىڭدېخۇەي، گېنېرال ۋاڭجېڭنىڭ قارشى ئېلىش تېلېگراممىسى كەلدى. ئوكتەبىرنىڭ باشلىرىدا تاۋسېيۇ خېجياجۈننىڭ ھەمراھلىقىدا يېنىك جابدۇنۇپ، جۇچۇەنگە پىڭدېخۇەي، قوماندان ۋاڭجېڭلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قارشى ئېلىشقا ماڭدى. شىنجاڭ تىنچ ئازات بولغانلىقىنى جاكالىغاندا ھەر مىللەت خەلقى خۇشاللىقتىن ئۇسۇل ئويناپ، ئارمىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ چەكسىز شادلىققا چۆمۈپ، شىنجاڭنىڭ تارىخىي سەھىپىسىدىن يەنە بىر يېڭى ۋاراق ئاچتى.

## 5. لى زۇتاڭ تارىخ ئېقىمىغا قارشى تۇرۇپ، سۈيىقەست پىلانلاپ، ئاخىرغىچە جاھىللىق كۆرسەتتى

ماچىڭشياڭ، لوشۇرېن، يېچېڭ، جوڭزۈيۈڭلار ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەندە، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق 65 - بىرىگادىنىڭ لۈيجاڭى لى زۇتاڭ تەرىپىدىن توسۇۋېلىندى ھەمدە شۇ يەردە يىغىن ئاچتى. شۇ ۋاقىتتا خۇزۇڭنەن خەنجۇڭدا، تاۋسېيۇنىڭ تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتكەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا لى زۇتاڭغا ھەقىقەتكە ئۆتۈشنى توساش ھەققىدە جىددىي تېلېگرامما ئەۋەتكەن ئىدى. لى ئەسلىدە جېجياڭلىق بولۇپ خۇاڭپۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئالىي مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1941 - يىلى 42 - كورپۇسنىڭ سەنمۇجاڭى، 1947 - يىلى رەسمىي لۈيجاڭ بولۇپ خۇزۇڭنەننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئىدى. سېنتەبىرنىڭ باشلىرى قورچاق غەربىي شىمال مەھكىمىسى 2 - باشقارمىنىڭ باشلىقى خۇزىپىڭ، بىر تۈركۈم ئىشپىيون ئۇنسۇرلارنى باشلاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا قاچقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا بىر تېلېگراف ئاپپاراتى ۋە مەخپىي تېلېگرامما سىپېرلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بۇ ئاپپارات ئارقىلىق جياڭجېيشى، خۇزۇڭنەنلەر بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇراتتى. بۇلار ئۈچ قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈپ يې، ما، لو، جوڭلار گىرىم قىلىپ ئۆز قوشۇنلىرىغا قايتىپ بېرىپ، ئەسكەرلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا باشلاپ كېلىش، باش ئەگمەدەك تەبىي توساقتىن پايدىلىنىپ، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرىشىنى توساش پىلانىنى قىلىشتى. خۇزۇڭنەن ھاۋادىن ياردەم قىلىشقا ماقۇل بولغان. مۇبادا مەغلۇپ بولسا ھىندىستانغا چېكىنمەكچى بولۇشتى. بۇ قارارنىڭ ئىجرا قىلىنماسلىقىغا ئاساسەن خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ چاقماق تېزلىكىدە باستۇرۇپ كېلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئايال كىشىنىڭ تەسىرى سەۋەپ بولدى. يېچېڭ ۋە جوڭزۈيىڭنىڭ خوتۇنلىرى، شۇ جايدىلا يىغلاپ، ئۇلارنىڭ قاراملىق قىلىشىغا يول قويمىدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ يانچۇقىدا پۇلى جىق بولغاچقا قېچىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ئاقسۇدىن يۈرۈپ كەتتى. يۇقۇرقى ئەھۋاللارنى 1951 - يىلى ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى بېسىقتۇرۇش ۋاقتىدا لى زۇتاڭ ھەربىي رايوندىكى بىر چوڭ يىغىندا تاپشۇرغان ئىدى. لى زۇتاڭ، تاڭجېكرەنلەر ئاداققىچە خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەنلىكى ئۈچۈن تارىخنىڭ جازالىشىغا تارتىلدى.

«25 - سېنتەبىر» ھەقىقەتكە ئۆتۈش ھەركىتى نەتىجە قازانغاندىن كېيىن، ئازاتلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرمەستىن ئىلگىرى، بىر نەچچە ئورۇنلاردىكى قوشۇنلار ئىچىدە توپىلاڭ پەيدا بولدى. شۇ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ بېشىدا، قۇمۇلدا تۇرۇشلۇق 178 - بىرىگادىنىڭ 533 - پولكى توپىلاڭ قىلدى. پولكوۋنىك چېن زۇڭپۇ باشچىلىقىدا ئاز سانلىق كىشىلەر قورچاق مەركىزىي بانكىدا ساقلىنىۋاتقان ئالتۇنلارنى ۋە ماگىزىنلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈپ ئوت قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن ئازاتلىق ئارمىيە قۇمۇلغا يېتىپ كېلىپ، توپىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ چېن زۇڭپۇغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. يەنە بىرسى قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق 128 - بىرىگادىدىكى ئاز سانلىق ئەسكەرلەر بۇزۇق ئادەملەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ماگىزىنلارنى بۇلاش، ئۆيلەرگە ئوت قويۇشتەك ۋەقە پەيدا قىلدى. 3 - سى تۇرپان 231 - بىرىگادا تيەن زىمېينىڭ بىر باتالىيونى، قۇمۇلدىكى توپىلاڭنىڭ تەسىرى بىلەن توپىلاڭ چىقاردى. بۇ توپىلاڭنى ھەربىي قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ليۇ شىلوڭ بېرىپ ۋەقە تۇغدۇرغان كىشىگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلىپ بېسىقتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇتۇبىدا تۇرۇشلۇق 179 - بىرىگادىنىڭ بىر باتالىيونىدىكى مەلۇم روتىدىمۇ توپىلاڭ بولۇپ، باتالىيون كوماندىرى لى مىڭخەينى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشتەك ۋەقە يۈز بەردى.

يۇقۇرقى بىر نەچچە ئالا - توپىلاڭلار چوڭ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلالمىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن خەلق ئازاتلىق



ئارمىيىسىنىڭ 2 - 6 - كورپۇسلىرى تېزلىك بىلەن شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرغانلىقى سەۋەپ بولدى.

شىنجاڭدىكى ھەقىقەتكە ئۆتكەن قوشۇنلار ئۆزگەرتىلىپ خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ سېپىگە 22 - بىڭتۇەن بولۇپ قوشۇلدى، يەنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قۇرۇلۇپ تاۋسىيۇ قوماندان، جاڭ جۇڭخەن 2 - سىياسىي كومىسسار، جاۋ شىگۇاڭ مۇئاۋىن قوماندان، تاۋ جىنچۇ سەنمۇجاڭ بولۇپ بەلگىلەندى. بۇ قوشۇننىڭ يېڭى ھاياتى باشلىنىپ چېگرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش سېپىدە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشتى.

30 يىللىق كەلكۈن كىشىلەرنىڭ قانچىلىغان خاتىرىلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما ھەقىقەتكە ئۆتۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە بولغان مۇرەككەپ كۈرەش جەريانى تا بۈگۈنگىچە خۇددى ھازىر بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدەك كۆز ئالدىمىزدىن كەتكىنى يوق!

(يولداش دۇشۇيزېڭ ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ شىنجاڭدىكى قورچاق گارنىزون باش ئىشتاپ سىياسىي باشقارمىسىنىڭ كاتىپۋات مۇدىرى بولۇپ، ھەقىقەتكە ئۆتۈش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان ئىدى. بۇ ماقالىدا بايان قىلىنغانلار ئۇنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ۋە كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەلىي ئىشلاردۇر).

1978 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

# شىنجاڭنىڭ ھەقىقەتكە ئوتتۇش ۋاقتىدىكى بىر نەچچە ۋەقەلەر

## چېن شىمىڭ

شىنجاڭدىكى 25 - سېنتەبىر ھەقىقەتكە ئوتتۇشنىڭ باش-ئاخىرىنى، گېنېرال تاۋشىيۇ، مەخسۇس ماقالە يېزىپ شەرھىيلەپ ئوتتى. ئۇ ماقالىدا، ئەينى ۋاقىتتىكى جەريانلار ئاددىيلا ئومۇملاشتۇرۇپ ئېلىنغان. مەن پەقەتلا، كوز بىلەن كورگۈچى قىياپىتىدە، ھەقىقەتكە ئوتۇشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قانچە تەپىلەرنى تاللىۋېلىپ مەخسۇس بايان قىلماقچىمەن.

**(1)**

يازغۇچىلار ئادەتتە «يۈگەنسىز ئات» دېگەن تەمسىل بىلەن شىنجاڭدىكى داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەيدۇ. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى چاررۇسىيىنىڭ قوراللىق تاجاۋۇزچىلىقى، خەلقئارالىق ئارقا كورۇنۇشى بولغان مىللىي بولگۈنچىلىك ھەركەتلىرى تارىختىكى دەۋرلەردىكى چوڭ خەنزۇچىلىقنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشى، ئوتتۇرا ئەسىردىن قالغان فېئوداللىزم تۈسىدىكى دىنى ئېتىقادنىڭ ھوكۇمرانلىقى، ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتكەن مىللىي مۇناسىۋەتلەر ۋە سىياسىي زىددىيەتلەر، ئىچكى قالايمىقانچىلىق ۋە تاشقى بالايى-



ئاپەتلەر دولقۇنسىمان ئالمىشىپ تۇردى. بۇ بالايى-ئاپەتلەردىن ھاسىل بولغان ئازاپ دېڭىزى قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ شانلىق نۇرلىرىنى ئالمىقاچان كومۇپ تاشلىغان ئىدى. ئالاھىدە ئىستىراتېگىيىلىك ئورنى، شۇنداقلا سىرت بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەت ۋە ئوخشاش دىنىي ئېتىقادقا ئىگە بولغان شىنجاڭدا گومىنداڭ ھوكۇمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دولەتلەر تالاش - تارتىش ئىچىدە قالغان بۇ يەرگە، كونسۇل ئاپاراتلىرىنى قۇرغان. ئوتتۇرا شەرقتىكى پانتۇركىزىم «خىيالىي ئىمپېرىيە» نىڭ كولەڭگۈسى، شۇنىڭدەك تىيانشاننىڭ ھاۋا بوشلۇغىدا بەزىدە يوشۇرۇن، بەزىدە ئاشكارا بولۇپ تۇرغان، چوڭ دولەت شوۋىنىزىمى تەسىرلىرى سىرلىق ھالدا شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى ئوز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا، ئىلى، چوچەك، ئالتاي 3 ۋىلايەتتە، قوراللىق قوزغىلاڭ كوتىرىلىپ، جىياڭ خاندانلىقىغا ئېغىر زەربە بەردى. گېنېرال جاڭجىجۇڭ تېچلىق ئۇسۇلى بىلەن بۇ قوراللىق توقۇنۇشنى ھەل قىلدى. گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن 3 ۋىلايەت قوراللىق قوشۇنلىرى ماناس دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا توختاپ، گەرچە 4 يىلغا يېقىن تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما شىنجاڭنىڭ ئاساسىي ھاكىمىيەت دائىرىلىرى ئوچۇن ئېيتقاندا، ئوخشاشلا بىر ئىچكى كېسەللىك بولغاچقا قورچاق مەركىزىي ئاخباراتى «3 ۋىلايەت» نى «غەربىي شىمالدىكى سوقۇر ئۇچەي» دەپ ئاتىغان ئىدى. 1948 - يىلى باھاردا تاشقى

موڭغۇلىيە ئارمىيىسى دولەت چېگرىمىز ئىچىدە قۇرۇلغان بىر تەكشۈرۈپ كۆزىتىش گورۇپپىسىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ، خادىملىرىمىزدىن 7 نەپەرنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ تىنىمسىز چېگرا مۇداپىئە لىنىيىسى، ھوكۈمەت دائىرىلىرىنى قايغۇغا سالدى ۋە دىققىتىنى قوزغىدى. ھەقىقەتكە ئوتتۇش ئالدىدا ئاشۇنداق ئەنسىزلىك ۋە قىيىنچىلىق ئازاۋىدا تۇرغان شىنجاڭ ۋەزىيىتى، خۇددى پىلتىگە ئوت تۇتاشتۇرۇلغان پوجاڭزىدەك، تاراسلاپ ئېتىلىش خەۋپىدە تۇراتتى. بۇ «يۈگەنسىز ئات»قا، جياڭ جيېشىنىڭ كۈچى يەتمىدى. ھوكۈمرانلارمۇ باشقۇرۇش چارىسىنى تاپالماي قالغان ئىدى.

(2)

شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى يۈز مىڭ ئەتراپىدا ئىدى. بىر مىليون 960 مىڭ كۋادىرات كىلومېتىر كېلىدىغان پايانسىز زېمىنىمىزگە تارقالغان چەكلىك سانىدىكى ھەربىي كۈچ، بىپايان قۇملۇقلار بىلەن ئايرىلغان بوستانلىقلاردا باش قۇيرۇقلىرى ئۆز ئارا تۇتاشمايتتى. بۇ قوشۇنلار ئىچىدە جياڭ جيېشى، خۇزۇڭنەنلەرنىڭ يىراقتىن كونتىرول قىلىدىغان "قەۋملىرى"، مابۇفاڭنىڭ بۇيرۇغىنى ئاڭلايدىغان «قېرىنداش ئەسكەر»لىرى، شىڭ شىسەيدىن قالغان كونا قوشۇنلار بار ئىدى، يەنە ئامېرىكا، جياڭ جيېشى تەرىپىدىن قوراللاندۇرۇلغان ئوسمانىنىڭ قوراللىق قوشۇنىمۇ بار ئىدى. بۇلار ھەر قايسىسى ئۆز خوجايىنلىرىغا سادىق بولۇپ، قوسىقىدا ئايرىم جىنى بار ئىدى. تاۋسىيۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىچىمىزدە تېپىلماس ماھىر چەكچى ئىدى.



1948 - يىلى كۈزدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرى، ئۇرۇشقا تەييارلىنىش كەيپىياتىدا بولدى. ھاۋادىن ئالاقىلىشىش مەشغۇلات كۇرسى ئاچتى، ھەممىدە نوۋەت بىلەن ئەسكەر تەربىيىلەپ، زاپاس ئوفىتسېر يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئوزۇق - تولۇكلەرنى غەملەپ، ئىسكىلاتلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. شۇنىڭدەك باش قوماندانلىق ئاپپاراتلىرىدىكى كادىرلارنى يۆتكەپ، تولۇقلاپ، لەنجۇدىن ئىككى ئاپتوموبىل پولكى يۆتكەپ ترانسپورت كۈچىنى تولۇقلىدى. ئۇرۇشنىڭ تەييارلىق سادالىرىمۇ بىر مەزگىل خېلى داۋراڭ چىقاردى. 1949 - يىلى ئەتىيازلىقى پىچانىدا ئېچىلغان يىغىننى يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن دەپ ئېيتىشقا بولاتتى. يىغىندىن كېيىن قوشۇنلار ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. شەرقىي لىنىيىدە تەمىنات بېكەتلىرىنى كۆپەيتتى. ئاشلىق ۋە يەم - خەشەك، ئوق - دورىلارنى تەييارلىدى. ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش، شەرقىي لىنىيىدە جەڭگە تەييار تۇرۇش، غەربىي لىنىيىدە جەڭگە ماسلىشىش ھالەتتە تۇرۇش ئوبدان ئىشلەنگەن ئىدى.

ئاپرېل ئىچىدە لەنجۇ قورچاق مەمۇرىي مەھكىمە سىياسىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى شاڭگۇەن يەزۇ ئۈرۈمچىگە مەخپىي كېلىپ ھەركەتلەندى. لياڭ كېشۇن تىيانشان دوستلۇق سارىيىدا زىياپەت ئۇيۇشتۇرغاندا مەنمۇ تەكلىپ بىلەن قاتناشتىم. بۇيرۇققا بىنائەن شاڭگۇەن يەزۇغا، شىنجاڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا دائىر قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا دوكلات بەردىم. شاڭگۇەن گەپ ئىچىدە، لەنجۇنىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ

قىلىنغان نىيەتنى بارلىقىدىن بىشارەت بېرىپ، مابۇفاڭنىڭ «جاننى تىككەندىلا ئاندىن جاننى ساقلاپ قالغىلى، خانى-ۋەيران بولغاندىلا ئاندىن مال-مۈلۈكنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ»، -دېگەن كورسەتمىسىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن بىز مابۇفاڭ، ماچىڭشياڭنىڭ قورچاق ئاتلىق 1-دىۋىزىيىسىنى خېشى كارىدورىغا يوتكىمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۇق. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ مەقسىتى ھەر تەرەپلىمىلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن ئەمەلگە ئاشمىدى.

شۇ ئاينىڭ ئاخىرى نەنجىڭ ئازات قىلىندى. ماينىڭ باشلىرىدا شىئەن جەندى مۇراجەتنامە چىقاردى، گېنېرال تاۋسىيۇ ئەپەندى شاخمات پېچىكىسىنى قانداق يۈتكەشكە باش قاتۇرماقتا ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا، لياڭ كېشۇن، ماڭا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، باش ئىشتابنىڭ مەقسىتىنى بايان قىلىش ھەمدە قىسمەن نۇقتىلاردا پىرىنسىپاللىق چۈشەنچە بېرىدىغان بىر ماتېرىيال يېزىپ چىقىشىمنى تاپشۇردى، بۇ ھوججەت كېيىن «پىسخولوگىيىلىك ئۇرۇش لايىھىسى» سەرلەۋھەسىدە تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

1 - جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەقسىتى توغرىسىدىكى ھوكۇم: شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويلىرىنى كونترول قىلىپ، پىڭخەن (بېيپىڭ)، يۈەنخەن (گۇاڭدۇڭ) ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئارام ئېلىپ ئۆزىنى بىرەر قۇر جوندەيدۇ، شىنجاڭ ھوجۇم قىلىشقا زورۇر بولغان ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جاي ئەمەس.



2 - شىنجاڭنىڭ ئاساسىي يونۇلۇشى: ئۇرۇش تەييارلىقىنى پۇختا ئىشلەش، ئۇرۇشتىن ساقلىنىشنى كوزدە تۇتۇش، ئۇرۇش قىلماسلىق، ھەم كېلىشىم قىلماسلىقنى قولغا كەلتۇرۇش، تېچ ۋەزىيەتنى ساقلاپ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتۈش

3 - ھەربىي جەھەتتىكى پىرىنسىپ: شەرقىي لىنىيەدە ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇش، غەربىي لىنىيەدە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش، جۇڭگو - موڭغۇلىيە چېگرىسىنى كۈزىتىش.

4 - ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قارشى تەدبىر: شەرقنى قامال قىلىپ، غەرپنى ئېچىۋېتىش، ئىچكىرىدىكى ماددىي ئەشيالارنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى مەنئى قىلىپ، مەككار سودىگەرلەرنىڭ بازارنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىشىنى چەكلەش، ئىستېمال بۇيۇملارنى 3 ۋىلايەتكە تايىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىپ بازارنى تەڭشەش.

5 - قوشۇنلارنى قاتتىق چەكلەپ، ھەققىي تۈردە مىللىي ماجرالاردىن ساقلىنىش، ئادەم ۋە ئات - ئۇلاقلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، يوق ئادەم، يوق ئات - ئۇلاقلارنىڭ تەمىناتىنى پەيدىغان ئىشلارنى چەكلەش، «بانىدىتلارنى يوقىتىش قوللانمىسى» قاتارلىق روھى تەربىيىگە دائىر ماتېرىياللارنى قەتئىي توختىتىش.

6 - ئىچكىرىدىكى ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى قاتتىق قامال قىلىپ، گېزىت كورمەسلىك ۋە تەشۋىق قىلماسلىق، يۇقۇرى قاتلامغا ۋەكىللىك قىلغان مىللىي زاتلارنى مۇقىملاشتۇرۇش. 3 ۋىلايەتكە چېتىشلىقى بولغان سىياسى گۇمانلىق جىنايەتچىلەرنى قويۇپ بېرىش.

7 - قوشۇنلاردا دېموكراتىيەنىڭ كەيپىياتلارنى تەشەببۇس
قىلىپ، ئوفىتسېر جەڭچىلەرنى جاپا - مۇشەققەت ۋە ھالاۋەت
تە باراۋەر قىلىش، پىتىراپ يۈرگەن تارقاق ئەسكەرلەرنى يىـ
غىۋېلىپ، قېچىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

مەزكۇر ھۆججەتنى ئىلاك كوزدىن كەچۈرۈپ تاۋ جىنچۇ
سەنمۇجاڭ تەستىقلىغانىدىن كېيىن باش ئىشتابنىڭ نامىدا ھەر
قايسى دىۋىزىيە، بىرىگادىلارنىڭ باش ئورگانلىرىغا چۈشۈرۈلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، تويۇقسىزدىن تاۋجىنچۇنىڭ ئىستىپا
بەرگەن خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق ھەمدە تاۋ ئوزىنىڭ يۇك - تاق
لىرى، زىبۇ - زىننەت ۋە ئىسىل كىيىم - كېچەكلىرىنى ماشىنا
بىلەن يوتكەپ بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك مالىيە باشقارمىسىدىن
قەغەز ئاقچىسىنى پىششىق پۇلغا تېگىشىپ ئوزى ئۇرۇمچىدىن
كەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ خىل ئەھۋالدىن ئاكا - ئۇكا
تاۋلارنىڭ ھەر قايسىسى ئوز يولىغا ماڭماقچى بولغانلىقىنى، سى
ياسى كوز قاراش جەھەتتە بىرلىشەلمىگەنلىكىنى كورگىلى بولاتتى
ئەمما كېيىن تاۋنىڭ يۇك - تاقى قومۇلدىن قايتۇرۇپ كېلىن
گەنلىكىنى بىلدۇق. تاۋجىنچۇمۇ كەتمەي قالدى. كېيىنرەك مە
ئېرۇ قاتارلىقلارنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا تاۋجىنچۇنىڭ
كەتمەكچى بولۇشىغا شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىن ئۇمىتسىزلەنگەنلىكى
ئاساسىي سەۋەب بولغان. نەچچە تۇمەن «قېرىنداش ئەسكەرلەر»
كۈچ - قۇۋۋەت توپلىغىلى خېلى بولدى دەپ قارغۇلارچە ئىش
قىلماسلىقىمىز لازىم. شىنجاڭدىكى ئازغىنە ھەربىي كۈچ بىر پە
ۋاغا يارىمايدۇ. پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىگە تەسلىم بولۇش



يولىلا قالدى دېگەن سوزلەرنى قىلغان، ھەقىقەتكە
ئوتتۇشىنىڭ ھازىرلىقى جەريانىدا تاۋجىنچۇ سولچى
تەرەپدارلارنىڭ «سەركەردىسى» بولۇپ، قارىماققا
ھەرگىز ئوزىنى تۇتۇۋالالمايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى.

گېنېرال تاۋسىيۇ سىياسى قايىنامدا بىردە لەيلەپ، بىردە
چوكۇپ 10 نەچچە يىل ئوتتى. ھازىر «چېگرا مۇداپىئە
ئەلچىسى» بولۇپ، ھەرتەرەپتىكى تۇسالغۇلارنىڭ ئېغىر مەسئۇ-
لىيىتىنى زىممىسىگە ئالماقتا. ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى سائىتى كەلمە-
گەچكە ھەرگىز يېڭىكلىك بىلەن پوزىتسىيە بىلدۈرمەيتتى. ئىنكـ
كى تاۋنىڭ ئەپلىشىپ قېلىشى، ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ، كېلىشىم
قىلىش نۇقتىسىدىن بىرلىككە كەلگەنلىكى ئىدى.

يېڭچېڭ ۋە ماچىڭ شياڭلار ئۇرۇش پەرەست گۇرۇھىنىڭ
غوللۇق «سەركەردىلىرى» بولۇپ، يېڭچېڭ، جياڭ جېيشى، خۇ-
زۇڭنەنلەر تەرىپىدىن بىۋاقىتىن كونتىرول قىلىناتتى، ماچىڭ
شياڭ بولسا، مابۇفاڭغا ئادائىقىچە سادىق ئىدى. تاۋسىيۇنىڭ
بۇ خىل ئۇچۇقمۇ ئەمەس، تۇتۇقمۇ ئەمەس پوزىتسىيەسى بىلەن
زادىلا چىقىشالمايتتى. يې، مالارنىڭ غەرىزى تاۋنى ئۇرۇش قىـ
لىشقا مەجبۇرى ماقۇل كەلتۇرۇپ، شىڭشىشىيادا كومپارتىيـ
يىنىڭ ھەيۋىسىنى بىر سۇندۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا چېكىنىش،
بۇ يەردە جان بېقىش ئىمكانىيىتى بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە
ھىندىستانغا چېكىنىش يولىمۇ بار. 3 - جاھان ئۇرۇشىنىڭ پارت-
لىشىنى كۇتۇپ، پۇرسەت كەلگەندە يەنە ھەركەت قىلساق بولىدۇ
دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. قاراشەھەر يېڭىنىدىن كېيىن، قور-

چاق مەركىزىي ئاخبارات ئورگىنى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇدى
رى شياۋشياۋتيەن مەن بىلەن سىياسى باشقارما 1- بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى تاۋجىچىڭ ئىككىمىزگە: ماسىبەي، ئۇنىڭغا مەركىزىي
ئاخبارات ئورگىنى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ بارلىق ئۇسكۇنىلىرىنى
جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ، شۆبە ئاخبارات ئورگىنى قۇرىد
غانلىقىنى ماچىڭشياڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىدىغان
لىقىنى ئېيتتى دەپ سۆزلەپ بەرگەن.

ئىيۇل ئايلىرى ئىچىدە، بىز گېنېرال جاڭجىجۇڭ بىلەن
تاۋشىيۇ ئوتتۇرىسىدا تېلېگرامما ئالاقىسى باشلانغان خوشخە
ۋەرنى ئاڭلىدۇق. بۇنىڭ بىلەن تېچ ئازات بولۇش تەرەپدار
لىرى بىلەن ئۇرۇش تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بىردە ئو
چۇق بىردە تۇتۇق بولغان كۈرەش تەرەققى قىلىپ، ئېتىلىش
ئالدىدا تۇرغان ئوقيادەك ھالەتكە كەلگەن ئىدى.

(3)

گېنېرال تاۋشىيۇ بىلەن يې، ما بىرلەشمىسى ئوتتۇرىسىدا
كى يۈزمۇ - يۈز كۈرەش ئەھۋالىدىن سىرتتىكى كىشىلەر ئانچە
خەۋەردار ئەمەس. مەن پەقەتلا بىر نەچچە تارماقلارنى قىس
تۇرۇپ ئۆتسەم ئېھتىمال ئومۇمى ئەھۋالنى كورۇۋالغىلى بولار.

بىرىنچىسى قورچاق ھەربى مەكتەپ قورۇلغانلىقىنى تەب
رىكلەش مۇراسىمىدىكى بەس مۇنازىرە:

تەبرىكلەش مۇراسىمى ئالدىدا، تاۋجىنچۇ بىر قېتىم
خاتىرىلەش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. مۇشۇنداق قا
لايمىقان پەيتتە بۇ خىل پائالىيەت ئۇرۇش تەييارلىقىغا يەل



بەرگەنلىكمۇ؟ ياكى ئۇرۇش پەرەسلەرگە مەدەت بەرگەنلىكمۇ؟
بۇ ھەققەتەنمۇ چۈشىنىكسىز ئىدى.

خاتىرە يىغىنىدا رەسمىيەت ئۇچۇن چېندىيفابىر نەچ-
چە ئېغىز مۇقەددىمە سۆزلىگەندىن كېيىن، باش كاتىپ ليۇمىڭ-
چۈن سۆزگە تەكلىپ قىلىندى. ليۇ ئالدىدا مەنىلىك ئىبارىلەر
بىلەن ئايلاندۇرۇپ ئوخشاش قىيىن بولغان ۋەزىيەتنى مۇلاھى-
زە قىلدى. ئومۇمى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى شەرھلەپ
ئۆتتى. ئاندىن ئەگىتىپ جياڭ جېيشىنىڭ ئىچكى - تاشقى سى-
ياسەتلىرىنى سۆكۈپ، ھەممىسى بىزار بولۇپ روھسىزلانغانلى-
قىنى سۆزلىدى. ئەڭ ئاخىرىدا سۇڭ جۇڭشەننىڭ 3 چوڭ سىيا-
ستىنى سۆزلەپ «خۇاڭپۇ ئىنقىلاۋىنىڭ سىمۋولى پەقەت سۇڭ
جۇڭشەننىڭ 3 چوڭ سىياستىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشلا ھەققى
ئىنقىلاپ بولىدۇ» دىگەننى خاتىمە سۆزى قىلدى. ليۇنىڭ بۇ
سۆزى ئۇرۇشتىن ساقلىنىپ مۇرەسسەلىشىشنىڭ سىگنالى ئىدى.

ليۇنىڭ گېپى ئەمدىلا ئاخىرلىشىشىغا پولكوۋنىك شيۇكېي
سەھنىگە سەكرەپ چىقىپ، ليۇمىڭچۈننى نومۇسسىز دەپ تىللاپ،
گومىنداڭ ئەمەلدارى مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىۋى تۇرۇقلۇق،
كومپارتىيە ئۇچۇن ۋەز - نەسىھەت ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ ئاغزىنى
بۇزدى. ئەلپازى بۇزۇلغان ھالدا تىللاشتىن توختىمىدى،
چېندىيفا نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلسىمۇ ئامال بولمىدى. ئەڭ
ئاخىرىدا يەنە غالجىرلارچە ۋاقىراپ: «پەقەت دەشت - با-
ياۋانلاردا ئۇرۇشۇپ ئۆلسەكلا ئاندىن خۇاڭپۇ روھى بولىدۇ»
دىدى. بۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەلدارنىڭ

يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارنى ھاقارەتلىشى، گومىنداڭ قوشۇنى ئىچىدە كەم ئۇچرايتتى. كېيىن، شى يۇگلىنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشىچە پۇرسىتى كەلگەندە ليۇمىڭچۇننى تىللاشنى بىچىلىك قاتارلىقلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن.

ئىككىنچى ئىش، لياڭكېشۇنىڭ قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈشى: قارا شەھەر يىغىنىدىن ئاۋال لياڭكېشۇن بۇيرۇققا بىنائەن ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇنىڭدىن مەقسەت قىسىمدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئىگەللەش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارغا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىپ، تەرتىپنى مۇقىملاشتۇرۇش ئىدى. مەن بىلەن تاۋجىڭچىڭ ئىككىمىزمۇ بىللە بارغان ئىدۇق. ئالدى بىلەن ماچىڭشياڭنىڭ دىۋىزىيە ئىشتابىغا باردۇق. ماچىڭشياڭ تېچلىق سورۇشۇپلا ئويىگە كىرىپ كەتتى. گوچۈەنلياڭ ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئوفىتسېرلەرنى سۆز ئاڭلاشقا توپلىدى. لياڭخېلى مەنىلىك سۆز قىلدى: «ئىچكىرىدىكى ئۇرۇش گەرچە كەسكىن بولسىمۇ ئەمما ھازىرچە شىنجاڭغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. يەنە بىر مەزگىل مۇقىم تۇرۇشقا بولىدۇ» دېدى. ئۇرۇش مەسىلىسىنى سۆزلىگەندە، «تەمىناتنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى، تەمىنلەشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقى بۇ ئۇرۇش پايدىسىز، ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ھەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكىنى» كۆرسەتتى. قوشۇنلار تارىختىن بۇيان مېھنەتنى تونۇپ، ئىمامنى تونۇمىغان. بىزنىڭ زىمىننى قوغداش مەسئۇلى-



يىتىمىز بار، ئىچكى ئۇرۇشقا ئارىلاشماسلىقىمىز لازىم دېدى. لياڭ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بەزى ئوفىتسېرلەر: «ئۇرۇشمىساق چىقىش يولىنى نەدىن تاپىمىز؟» دېگەندەك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. لياڭمۇ بۇنىڭغا ئىككى بېسلىق جاۋاپ قايتۇردى.

يىغىن تارقالغاندىن كېيىن مەن ۋە تاۋجىڭچىڭ ئىككىمىز بىر نەچچە ئوفىتسېرلەر بىلەن پاراڭلاشتۇق. ئومۇمى جاۋاپ: يۇقۇرى ئۇرۇش قىل دېسە ئۇرۇشىمىز، بۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىز ئەمەس، - دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

گوچۈەنلياڭ مېھمان قىلىۋاتقاندا، ماسىبەي دوكلات بەرگەندەك ئاھاڭدا، لياڭغا قاراپ: «پۈتۈن دىۋىزىيىدىكى ئوفىتسېر - جەڭچىلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى ئۇستۇن، يۇقۇرىدىن - تۆۋەنگىچە ما بۇفاڭنىڭ «جاننى تىككەندىلا ئاندىن جاننى ساقلىغىلى بولىدۇ» دېگەن بۇيرۇقىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئازاتلىق ئارمىيە خۇزۇگۇئەننىڭ بىرەر پولكىنى يەپ تاشلىشى مۇمكىن، لېكىن ما جەمەتىنىڭ بىرەر روتىسىغا چېقىلالىدىكەن، قىيىن ئەھۋالدا قالىدۇ»، - دېدى. گوچۈەنلياڭ ناھايىتى ئۇھ تارتقان ھالدا: «سوقۇشىلى دېسەك، شارائىت ناچار، دەسمايە ئاز، ئۇرۇشمايلى دېسەك، كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ»، - دېدى. بىز مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ماسىبەي سۆزلەپ: «ما جەمەتىنىڭ قوشۇنلىرىنى تەسلىم بولۇشقا كوندۇرۇش ناھايىتىمۇ قىيىن ئىش»، - دېدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىرى ماچىڭشياڭنىڭ پوزىتسىيىسى ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى، بىز لوشۇرپىنىڭ بىرىگادىسىغا

بارغىنىمىزدا لوشۇرېنىڭ مېھمىنى بولغاچقا قوبۇل قىلمىدى سىياسى بولۇم مۇدىرى ماشياۋيۇگە بىز بىر سوھبەت يىغىنى ئۇيۇشتۇرماقچى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتقاندا گەرچە رەت قىلمىغا بولسىمۇ، ئەمما ئاران دىگەندە 20 دىن كوپرەك ئادەم يىغىلدى كوپىنچىسى سىياسى خادىملار ئىدى. يىغىندا بەزىلەر لوشۇرې نىڭ كوپچىلىكىگە «مەن ئەركىنلىكنى تاللىۋالدىم» (كىروچېنكوۋ نىڭ كوممۇنىزىمغا قارشى ئەسىرى) دىگەن كىتاۋنى كورۇشا ئۇندىگەنلىگىنى ئىنكاس قىلدى.

ئۈچىنچى ئىش: چىڭچەنىڭ ھەققەتتە ئوتۇش ئىنكاس لىرى: قورچاق باش ئىشتاپتا، ئوچۇق - ئاشكارا سوزلەشا يول ئېچىپ تام گېزىتى چىقاردى، ئاۋغۇستىڭ باشلىرىدا، يېڭى دېھلىدىكى ئامېرىكا ئاۋازى رادىيو ئىستانسىسى، خوتەندىكى چىڭ چيەن، چېن مىنرېنلار تېلېگىرامما يوللاپ، ھەققەتتە ئوتكەنلىگىنى خەۋەر قىلدى. تام گېزىتىگە بىر پارچە نامى ئوبزور بىلەن بىر ھەجۋى رەسىم كەلدى. ئوبزوردا ئاتالمىش پىرقە مۇتەۋەرى چىڭ چەننى راسا تىللىغاندىن كېيىن تە دىت سېلىپ، «ئەگەر شىنجاڭدا كىمنىكى چىڭچيەننى ئۇلا قىلىدىكەن، ئۇنداقلارغا چوقۇم قاتتىق جازا بېرىلىدۇ» دىيا گەن، ماقالىنى تاۋچىنچۇغا يەتكۈزدۇق، تاۋ بۇ ماقالىنى قا دۇرۇپ قويدى. بۇ ئەھۋاللار ئۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ ھەق قەتكە توتۇشىدىن ئىلگىرىكى ئەلپازى ئىدى.

(4)

ئاۋغۇست ئايلىرى سەددىچىنىنىڭ شىمالىدىكى جايلار گۈل چىچەكلەر باراقسانلاشقان، كۆن نۇرى جەۋلان قىلىدىغان



ئاجايىپ گۈزەل پەسىل بولاتتى. ئەمما 1949 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىمدا، كىشىلەر قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىچىدە بىر كۈننى خۇددى بىر يىلدەك ئوتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. شۇ چاغدىكى ئۇرۇمچى، كىرىزىسكە ۋە پىتنە - پاساتقا تولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مۇنداق 3 خەۋەر تارقالدى. بىرسى لوشۇرېنىڭ مەلۇم پولكى تاۋسىيۇنىڭ ئۆيىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئىككىنچىسى، بېيپ، ما- لار، تاۋسىيۇنى مەجبۇرلاپ، شەرق ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردىكى قىسىملارنى باش ئەگمەسكە چېكىنىپ، مۇداپىئە كورۇشكە بۇيرۇق قىلدۇرۇشنى پىلانلاپتۇ؟. ئۈچىنچىسى: مۇھەممەت ئىمىن ھەز- رەت چوماقچىلار بازىسى قۇرغىلى خوتەنگە كېتىپتۇ، سىنتەبىر ئىچىدە، يەكەندىكى خۇڭ يادۇڭ ئەسكىرىنى باشلاپ، تاڭجىگرەن بىلەن ئېلىشقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرمۇ تارقالدى. بولۇپ- مۇ لەنجۇدىكى قورچاق مەمۇرى مەھكىمىدىكى بىر تۈركۈم ئىش- چېيۇنلار ۋە چوڭ - كىچىك ھەربى - مەمۇرى باشلىقلار لەنجۇدىن شىنجاڭغا چېكىنىپ چىقىپ، يول بويى قۇترات-قۇلۇق قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزۇپ، كىشىلەرنى ئەنسىزلىككە چۈشۈرگەن ئىدى. كەچ كىرگەندە ھەممە يەردە مىلتىق ئاۋازى ۋە دولاقچىلىق پەيدا بولاتتى. جەمئىيەت پۈتۈنلەي قالايمىقان- چىلىق ئىچىدە قالغان ئىدى. تاۋسىيۇ رىياسەتچىلىك قىلغان قاراشەھەر يىغىنى شۇ ۋاقىتتا كىشىلەرنى بەكمۇ قىزىقتۇرغان ئىدى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە تاۋسىيۇ يى- غىندا، ئۇرۇشامدۇق ياكى ئۇرۇشمامدۇق؟ ئۇرۇشساق قانداق ئۇرۇشىمىز؟ ، دىگەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرىگە قويغان. تاۋ بۇ ئىككى ماۋزۇنى ھەرقايسى جايدىن كەلگەن

باشلىقلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۆزى كەلدىكى: لەنجۇ ئازات قىلىندى. ئارمىيە چىڭخەيگە قىستاپ
يېقىنلىنىڭ سىرتىدا ئايرىم كىشىلەر بىلەن مەخپىي سوھبەت ئوتكىزدى. زاۋاللىق يۈزلەندى، ئىككىنچىسى گېنېرال جاڭجىجۇڭ
كۆزگەن. يالغۇز جاۋشىگۇاڭ بىلەن ئىككى كېچە سۆزلەشكەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىلىشىپ، مۇرەسسە قىلىش ۋەزىيىتى مۇ-
بۇ قېتىمقى يىغىن تېچلىق ۋە ئۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ چىڭ قىملاشتى. يېڭىنىڭ ئولۇم ئالدىدا جاھىللىق بىلەن قارشىلىق
رىسى ئېنىق ئاجرالغاندىن باشقا ھېچقانداق نەتىجە چىقمىغان كورسەتمەكچى بولدى. شاۋشياۋتىيەننىڭ ئېيتىشىچە، خۇزۇڭنەن
جەنۇبىي شەنشىدىن غەربىي سىچۇەنگە چېكىنگەندىن كېيىن، تاۋ-
ئەھۋالدا ئاخىرلاشتى.

قارا شەھەر يىغىنىدىن كېيىن، تاۋنىڭ ئۆيىدە ئىككىنچى سىيۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىپ، كوممۇنىستلارغا قار-
«ئۇرۇش مەيدانى» ئېچىلدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدىن سېنتەبىرنىڭ بېشى بازا قورۇشقا تېلېگرام ئەۋەتكەن. كېيىن ماچىڭشياڭ ھىند-
نىڭ ئوتتۇرىدىلىرىغىچە، ھەر كۈنى كەچتە، تاۋنىڭ ئۆيى كېچىچە دەستانىغا قېچىشنى قارار قىلغاندا يېڭىنىڭمۇ ئامالى قالمىدى.
يورۇق تۇراتتى. ئۆينىڭ سىرتىدا 8 دانە برونېۋىكتىن تەش ماچىڭشياڭ مېڭىشتىن ئاۋال، ئاساسلىق ھەربىي باشلىق-
كىل قىلىنغان مۇھاسىرە چەمبىرىكى، مۇھاپىزەتچى باتالىيونلارنى توپلاپ «قۇرئان تۇتۇپ، قەسەم ئىچىش»نى ئۇيۇشتۇ-
رىدىكى بىر پىلىموت روتىسى، يېڭى، ما ئىشتلىرىنىڭ تامدىر رۇپ، ما قوشۇنىغا ھەقىقەتكە ئوتكەندىن كېيىن بولغۇسى بىر
سەكرەپ ئوتۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەييار تۇراتتى. شۇنىڭ قىسىم توپىلاڭنىڭ ئۇرۇغىنى چاچتى. يېڭى، مالار ئىلگىرى - كېي-
بىلەن بىر ۋاقىتتا، لياڭكېشۇن بۇيرۇققا بىنائەن — مانى ئويمن بولۇپ، ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىپ كەتتى. تاۋسىيۇ، بۇر-
زىگە تارتىپ، يېگە ئاسلىق قىلدۇرۇش بىلەن، يېڭى، ما بىرھان شەھىدىلەر، 25 - سېنتەبىر تېلېگراممىا ئارقىلىق ھەقىقەت-
لەشىمىسىنى پارچىلىماقچى بولدى. تاۋسىيۇ ۋە بۇرھان شەھىدىلەر كە ئوتتى.



بۇغدا كولىدە دەم ئېلىش نامى بىلەن، مەخپىي مەسلى
ھەتلەشتى. زېڭ چېڭۇ، جاڭجىجۇڭنىڭ ئالاقىچىسى سۇپىتى بى
لەن، ھاياتىنىڭ خەتەرلىكلىكە قارىماي، ئۇرۇمچىگە كەلدى
ھەمدە يېڭى، مالارنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، تېلېگرا
يوللاپ، ھەقىقەتكە ئوتۇشنى قارار قىلدى.

كوپ تەرەپلىمە نەسىھەتلەر ئارقىسىدا، ماچىڭشياڭ ئۇرۇ
چىدىن كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قارار

خېشىنىڭ تىنچ ئازات بولۇشى ۋە يۇ-
مەن نېفىت كانىنى ساقلاپ قېلىشقا
دائىر ئەسلىمىلەر

## تاڭزۇتەن

خېشى كارىدورى خۇاڭخېنىڭ غەربى، چىڭخەينىڭ شىما-
لىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپىدە گولاڭ، غەرب تەر-
پى شىڭشىڭشىياغىچە تەخمىنەن مىڭ كىلومېتىردەك تار، ئۇزۇن
جاي بولغاچقا «خېشى كارىدورى» دەپ ئاتالغان. خەنۋۇدى
دەۋرلىرىدىن تارتىپ ۋۇۋي، جاڭيې، جۇچۈەن، دۇڭخاڭ
دىن ئىبارەت 4 بەگلىك قۇرۇپ ھونلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇ-
داپىئە كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خېشى كارىدورى بۇرۇندىن
تارتىپلا شىنجاڭغا قاتنايدىغان مۇھىم يول بولۇپ، تارىختىكى
ھۆكۈمران سىنىپلار تالىشىپ كەلگەن ئىستراتېگىيىلىك مۇھى-
جاي. 1938 - يىلى يۇمەن نېفىت كانى ئېچىلغاندىن كېيىن خې-
شى كارىدورى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە تې-
خىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. ياپون باسقۇنچىلىرى
قارشى ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ياپون قاراقچىلىرى
بىر تۈركۈم ئىشپىيونلارنى ئايروپىلان بىلەن ئىچكى موڭغۇل
نىڭ ئېچىناخوشۇندىكى ئېرلىزى دەرياسى ئەتراپىغا تاشلاپ



ھەرىكەتلەندۈردى. ئۇلار سۈيىيۈەننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئې-
چىناخوشۇن ئارقىلىق خېشىغا كىرىپ ماي كانىنى ئىگىلىمەكچى
ھەمدە شىنجاڭغا كۆز تاشلاپ، بىزنىڭ چوڭ ئارقا سەپىمىزنى
قالايمىقان قىلماقچى بولدى. بۇ ئىشپىيونلار ۋاقتىدا يوقىتىل-
غانلىقتىن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى. ئۇزۇن ئۆت-
مەي قورچاق مەركىزىي ھۆكۈمەت گۈكچەنداڭغا قارشى 2 - قې-
تىملىق دولقۇن قوزغىدى. شۇ چاغدا 1942 - يىلى گارنىزون
ئىشتاۋى قۇرۇلدى. دەسلەپتە ۋۇۋېدا قۇرۇلۇپ، كېيىن جۇچۈەنگە
يۆتكەلدى. باش قوماندانى دەسلەپتە لى تېجۇن ئىدى.
ئۇنىڭ ئورنىغا گېنېرال تاۋسىيۇ كەلدى. گارنىزونغا قاراشلىق
3 - جىتۈەنجۈن (ئارمىيە) ۋە يەرلىك پولكلار بار بولۇپ،
ئىچكى موڭغۇلنىڭ ئېچىناخوشۇننى باشقۇراتتى. بۇ ئارمىيىنىڭ
دەسلەپكى باش قوماندانى لى جيەن ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئور-
نىغا گېنېرال جاۋشۇشەن كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جىتۈەنجۈن
(ئارمىيە) تارقىتىۋېتىلدى. ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ياڭدېلياڭ-
نىڭ 42 - كورپۇسى جۇشىكۈەننىڭ 91 - كورپۇسى، يەن مىڭنىڭ
7 - دىۋىزىيىسى، يې چىڭنىڭ 58 - دىۋىزىيىسى، تەن فۇلىننىڭ
10 - دىۋىزىيىسى، شۈي روچىڭنىڭ 18 - ئارىلاشما بىرىگادىسى
قاتارلىق ئاساسىي كۈچلەر، جۇچۈەن، جاڭيې، ۋۇۋي
تەرەپلەرنى قوغداشقا، بىر قىسىملىرى ھەرقايسى
ناھىيىلەرگە ۋە يۇمەن نېفىت كانىغا شۇنىڭدەك شىمالدا
موڭغۇلىيە چېگرىسى مابىڭ شەندىكى گۇڭپۇ بۇلىقى، ئېچىنا
خوشۇندىكى ئېرلى دەرياسى ئەتراپلىرىغىچە جايلاشتۇرۇلدى.

ئامىدا دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ۋە ماي كانىنى قوغداش
بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە شىڭ شىسەي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ،
سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇش ھەمدە جۇڭگو
كوممۇنىستلىرىنىڭ ماي كانىدىكى ئىشچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ،
ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ۋە چېگرى
دىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇپ، قانلىق ھۆكۈمرانلىق
يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. 2 - جاھان ئۇرۇشى باشلىنىپ،
1941 - يىلى نويابىردا، نېمىس فاشىستلىرى موسكۋاغا ھۇجۇم
قىلغاندا شىڭ شىسەي 1942 - يىلى چىڭ تەنچيۇ، ماۋزېمىن
قاتارلىق يولداشلارنى ئۆلتۈرۈپ، كوممۇنىزىمغا قارشى چىقتى،
شۇنىڭ بىلەن قورچاق مەركەزمۇ، 1943 - يىلدىن باشلاپ
خېشىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنى تەدرىجىي شىنجاڭغا يۆتكەپ كىرىپ،
جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلاشنى قەستلىدى. شۇندىن باشلاپ
خېشى بىلەن شىنجاڭ مۇداپىئەدە بىرلەشتى. قورچاق مەركەز ئۆزىگە
قاراشلىق قوشۇنلىرىنى كەينى - كەينىدىن يۆتكەپ، ئۆزىنىڭ
ئاتالمىش غەربىي شىمالنى بىرلەشتۈرۈش ۋە چوڭ ئارقا سەپنى
مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت خام خىيالىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۇرۇندى. چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرىدىن، ياپون باسقۇنچى
لىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە خېشى رايونى كۆپىن
چە ما جەمەتى قوشۇنلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئېزىلدى ۋە
ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىدى. قورچاق خېشى گارنىزون ئىشتاۋى
قۇرۇلغان بولسىمۇ، بۇ، پەقەت زالىم بىلەن زالىمنى ئالماشتۇ



رۇشتىنلا ئىبارەت ئىدى، خالاس. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى
ئېزىش ئۈچۈن، ئېچىنا خوشۇنىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ مۇداپىئە ۋە
ھەربىي ۋالىي مەھكىمىسى قۇرغاندىن باشقا، يەنە بۇ قوشۇنغا
ھەربىي ۋەكىللەرنى كۆپلەپ ئەۋەتىپ، خاقانلىق تەشكىللەپ،
چىلەنشەندىكى موڭغۇل، تىبەت، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنى
ئىنتايىن دەھشەتلىك ئەزدى. قىزىل ئارمىيە 4 - يونۇلۇش
ئارمىيىدىن قېپقالغان كىشىلەرنى ھەر خىل بانىلار بىلەن خالى
غان ۋاقىتتا ئاختۇرۇپ پاراكەندە قىلدى. قورچاق يەرلىك ھۆ
كۈمەتنىڭ ئالۋاڭ - ياساقلىرىغا ۋە قوشۇن چىقىرىش ئىشلىرىغا
ياردەملىشىش بانىسى بىلەن ھەر تەرەپلىمە قاقتى - سوقتى قىلىپ
پايدا ئالدى. شۇ سەۋەپتىن قازاق قەيسەرلىرى كوكرەك كېرىپ
قارشىلىق كۆرسەتتى. 1943 - يىلى قانلىق باستۇرۇش ئۇسۇلى
بىلەن ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى باستى. ماي كانىدىكى ئىشچىلار
ھەرىكىتىنى باستۇرۇش ئەھۋالىغا كەلسەك بۇنىمۇ يېزىپ تۈگەت
كىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى چوڭراق بىر مەسىلە شۇكى
1949 - يىلى ئەتىيازدا ماي كانىدىكى ئىشچىلار ئۇزۇندىن بۇ
يان ئېكىسپىلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىق بولغان
لىقتىن كان ئىدارىسىغا قېپقالغان مائاش پۇللىرىنى بېرىش
توغرىسىدا بىر قانچە قېتىم تەلەپ قويدى. قورچاق كان ئىدا
رىسى ئىشچىلارنىڭ مۇۋاپىق تەلەپلىرىنى ماقۇل كۆرمەستىن،
ئەكسىچە قاتتىق تەھدىت سالدى ۋە ئېيىپلىدى. نەتىجىدە ئام
مىنىڭ غەزىۋى قوزغىلىپ، قورچاق جىڭلىنى ئۇرۇپ ياردار
قىلدى. مەزكۇر كان ئىدارىسى، ئىشچىلار پىلانلىق «توپىلاڭ

قىلدى» دەپ قورچاق گارنىزون باش ئىشتاۋىنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ باستۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا قورچاق باش قوماندان لى تېجۇن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان ئىدى. مەن سەنمۇجاڭلىقتا، قوشۇمچە قىلىپ بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۇ چاغدا شەرقىي گەنسۇدىكى ئۇرۇش جىددىي ئىدى. ۋەقەنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ۋاقىتلىق تەدبىر قوللىنىپ ئادەم ئەۋەتىپ بىر تەرەپ قىلدىم. بىر نەچچە ئادەمنى باش جىنايەتچى دەپ بىر نەچچە ئايدىن قاماپ قويۇپبەردىم.

1949 - يىلى ياز، قورچاق مۇۋەققەت غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى مابۇفاڭ خېشىدىكى قوشۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىنى لەنجاۋ - تيەنشۈي ئەتراپلىرىغا يۆتكەپ، ئارمىيىمىزنىڭ چوڭ غەربىي - شىمالنى ئازات قىلىشنى توسماقچى بولدى. شەرقىي گەنسۇ ئۇرۇشىدا پۈتۈنلەي تارمار بولغان ئەسكەرلەر لەنجۇ ئەتراپىغا چېكىنىپ كېلىپ رەتكە سېلىنماقتا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا غەربىي شىمالنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى باشلىقى، قوشۇمچە سەنمۇجاڭ لىيۇدىن تېلېفوندا ماڭا «شىنجاڭ قوشۇنلىرى شەرققە يۆتكەلمەكچى، مۇبادا لەنجۇ قولدىن كەتسە خېشىغا چېكىنىپ شىنجاڭنى ئارقا سەپ قىلىش كېرەك. ۋۇساۋلىڭ، گاۋتەي قاتارلىق جايلاردا قاتمۇ - قات مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇش، جۇچۈەن ۋە جىيايۈگۈەندىكى ئايرودرۇملارنىڭ مۇداپىئەسىنى ۋە ئۈچۈش نۇۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش لازىم دىدى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، لەنجۇ



ئازات بولدى. خېشىدا چوچۇش پەيدا بولدى. مابۇفاڭغا قاراشلىق قوشۇنلارنىڭ قالدۇقلىرى چىڭخەيدىكى كونا ئۇۋىسىغا چېكىنىپ قوغدانغاندىن باشقا، قورچاق ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋە قورچاق مەركەزنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرىدىكى قوشۇنلار، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خېشىدىكى جاڭيې، جيۇچۈەن قاتارلىق جايلارغا قېچىپ كەلدى. تەرتىپ قالايمىقانلاشتى. بۇ چاغدا، گېنېرال تاۋسىيۇ قورچاق غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ گارنىزونىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. ئىيۇندىن باشلاپ، يەنە قوشۇمچە خېشى گارنىزون قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن شىنجاڭغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ھەقىقەتكە ئۇتۇشكە ھازىرلىنىۋاتاتتى. مەن يەنىلا سەنمۇجاڭ ۋە مۇۋەققەت خېشى گارنىزونىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەيتتىم. سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدىكى جىددىي ۋەزىيەت قوشۇنلاردىكى ئەسكەرى كۈچ يېتىشمەي ئەھۋال ئىنتايىن مۇرەككەپلەشكەنلىكتىن، ھەرقانداق پوزىتسىيىنى ئاشكارىلاش تەس ئىدى. ئەمما گارنىزون قوماندانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆتەۋاتقان بىر ھەربىي خادىمنىڭ ئارمىيە، خەلق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە كارى بولماي تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىمدە بىئارام بولدۇم. بىر قىسىم ئەسكەرى كۈچنى تۇتۇپ تۇرغان ئەھۋالدا باشقىچە چىقىش يولىنى تېپىشقىمۇ مۇمكىن بولاتتى دەپ ھەربىي كۈچنى ئاستا - ئاستا جيۇچۈەن، يۈيمېن ۋە ئەنشى تاشيول بويلىرىغا توپلاپ، شىنجاڭدىكى

قوشۇنلار بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، ھايات - ماماتتا بىرگە بولۇپ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتمەكچى بولدۇم.

شۇ چاغدىكى قورچاق 8 - تەمىنات رايونىنىڭ قوماندانى زېڭجىڭۇ، قورچاق شىنجاڭ گارنىزون ئىشتاۋىنىڭ سەنمۇجاڭى تاۋجىنچۇ، قورچاق غەربىي شىمال ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى پىڭ مىڭدىڭلارنىڭ ھەممىسى گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق كونا سەپداشلىرى ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە زېڭجىڭۇ، تاۋجىنچۇلار خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان. ئازاتلىق ئۇرۇش باشلانغاندا ئۇلار غەربىي شىمالغا كېلىپ، قورچاق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىپ، گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش ھازىرلىقىغا يېقىندىن ياردەمدە بولدى. ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ 1 - بىڭتۇەنى شىنجاڭنى ئىشغال قىلىپ، چىلىيەنشەن تاغلىرىنى ھالقىپ خېشى مىڭلوغا كىردى. سىنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جاڭيېنى ئىشغال قىلغاندا زېڭجىڭۇ گېنېرال تاۋسىيۇنىڭ بۇيرۇغى بىلەن لەنجۇغا كېلىپ، ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ بىرىنچى دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى بىلەن شىنجاڭ ۋە خېشىنىڭ ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئىشلىرى ھەققىدە سوھبەت ئۆتكۈزدى. قوماندان ۋاڭجېن زېڭجىڭۇ بىلەن جاڭيى ئارقىلىق لەنجۇغا كەلگەندىن كېيىن بىزنىڭ 2 - كورپۇس 5 - دىۋىزىيىنىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى لىيۇجىنشىنى ئەۋەتتى. ئۇ جيۇچۇەنگە كېلىپ، پىڭ مىڭدىڭ، ماۋجىشىڭ ۋە مەن قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، پارتىيە مەر



كىزىي ۋە ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى يەتكۈزدى. يۈيمىن ماي كانىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ۋە باشقا ھەقىقەتكە ئۆتۈش ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ماڭا ئىلھام بولدى ۋە چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. مەنمۇ بىرلىكتە ھەقىقەتكە ئۆتۈش قارارىغا كەلدىم. ماۋجىشىڭ بىلەن لىيۇجىنشى كېچىلەپ جيۇچۇەنگە كېلىپ، ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئالدىنقى قىسمى 5 - دىۋىزىيە بىلەن ئۇچراشتى ۋە قورچاق 8 - تەمىنات رايونى 24 - سىنتەبىر جيۇچۇەنگە ماشىنا ئەۋەتىپ ئارمىيىمىزنى غەرپكە توشۇشنى تۇختام قىلدى، 25 - چىسلا، گېنېرال تاۋسىيۇ باش بولۇپ ئىمزا قويۇپ، تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە ئۆتتى، 25 - چىسلا ئازاتلىق ئارمىيىمىز رەسمىي جيۇچۇەنگە يېتىپ كەلدى. خەلقلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ قارشى ئالدى. كەيپىيات ئاجايىپ قىزغىن بولدى. پۈتۈن خېشى ئازاتلىققا ئېرىشىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىنقىلاۋىي تەرتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئورنىغا كەلدى.

ئازات بولۇش ھارپىسىدا، ئەھۋال ئىنتايىن قالايمىقان، زىددىيەت تولا ئىدى. مەسىلەن: قورچاق مۇئاۋىن قوماندان لىيۇرېن، جاڭيېگە چېكىنگەندە بىرتەرەپتىن گولاڭدا تەربىيىلىنىۋاتقان قورچاق 231 - بىرىگادا ۋە باشقا چېكىنىپ قېپقالغان قوشۇنلارنى گاۋتەيگە يۆتكەپ مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاكوپ كولىدى ھەمدە ماڭا، بارلىق قوشۇنلارنى گاۋتەيگە يۆتكەپ، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىپ، ئەڭ ئاخىرقى جان تالىشىشقا تەييارلاندى. مەن ئەمەلىي كۈچلەرنى ساقلاپ

قىلىش ئۈچۈن، تاۋىنىڭ تەستىقى بىلەن، رەت قىلىۋەتتىم. يەنە
بىر تەرەپتىن ليۇرېڭ ئۆزى جاڭېيدىن كېچىسى جىۇچۈەنگە قې-
چىپ كېلىۋېتىپ ماشىنىسى ئاغدۇرۇلۇپ يارىدار بولۇپ، 22 -
چېسلا تاڭ سەھەردە چۈڭچىڭغا قېچىپ كەتتى. قورچاق ئوفىتسېر
جەڭچىلەر ۋەزىيەتكە قارىتا تېخىمۇ دەككە - دۈككىدە بولۇپ،
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلىرىغا نىسبەتەن بارغانسېرى
نەپرەتى ئورلىدى، مەن پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى كۆ-
رۈپ، شۇ كۈنى كەچتە پىڭ مىڭدىڭ بىلەن ھەر قايسى كورپۇس،
دىۋىزىيە مەسئۇللىرىنى يىغىپ، ھەقىقەتكە ئوتتۇش توغرىلىق مۇ-
زاكىرىلەشتۇق ھەمدە مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە قوماندان
ۋاڭ جىڭنىڭ يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدۇق. شۇ چاغدا كوپىنچە
ئادەملەر ھاياجانلاندى. ئەمما ئايرىم كىشىلەر قاتمۇ - قات
غەمگە چوكتى. ھەقىقەتنى ۋە ئومۇمى ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىنى
چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق پىكىردە بىرلىككە كېلىپ، ھەقىقەتكە
ئوتتۇش قارار قىلىندى. ئەمما زاۋاللىققا يۈز تۇتقان بولسىمۇ
جاھىللىق قىلىپ جياڭ خاندانلىقى بىلەن ئىلاھىنىڭ دەرگاھى-
غا بېرىشنى خالايدىغانلار يەنىلا بار ئىدى. 23 - چېسلا قور-
چاق 91 - كورپۇس كوماندىرى خۇاڭ زوشۇن، ھەقىقەتكە ئو-
تۇشكە قارشىلىق كورسىتىپ، غەرپكە قاچقان ۋاقتىدا ئىسكىلات-
نىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ پۇخرالارنى ئۆزى كىرىپ ھەرخىل
ماللارنى ئېلىشقا قۇتراتىپ، ئاقىۋەت ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ
چىقاردى. شۇنىڭدەك جۇچۈەن ۋالىسى ۋاڭ ۋېيۇك، بورۇن
مەن بىلەن بىللە ھەركەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. لې-



كىن ئۇ ئوت كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قورچاق ئولكى-
لىك مۇۋەققەت رەئىسى دىڭ ۋە ھەرقايسى نازىرلار بىلەن بىر-
لىشىپ غەرپكە قاچتى. شۇ ۋاقىت قاش قارايغان مەزگىل بو-
لۇپ، يول قاراۋۇللىرى تىرە - پىرەڭ بولۇپ، تەرتىپ ئىنت-
تايىن مالىماتاڭ ئىدى. يەنە دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، شەھەر سىرتى-
دىمۇ مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى ۋە ئوت
ئاپەتلىرى يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماي رايونى بى-
لەن تېلېفون ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، ماي رايونى، بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرىدى دەپ ھىساپلاپ ئىنتايىن تەشۋىشلەندۇق. كېيىن ئەس-
كەر چىقىرىپ ئوت ئاپەتلىرىنى بىر بىرلەپ ئوچۇرۇپ، ئېھتى-
ياتچانلىق كۈچەيتىلدى ھەمدە تېلېفون ئۇلىنىپ، تەرتىپ ئەس-
لىگە كەلدى. ماي كانىنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئەھۋال تېخىمۇ
ئېغىر ئىدى. ليۇجىنشى بىلەن كورۇشكەندە ئۇ «جياڭ جېيشى
خېشىنى ساقلاپ قالالمايدىغان شارائىتتا يۈيمىن ماي كانىنى
ۋەيران قىلىۋېتىش پىلانى بار»لىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئېيتتى.
شۇڭا بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى توساش ئۈچۈن، مەن تېلې-
فون ئارقىلىق، ماي رايونىدا تۇرۇشلۇق زېنىت توپ روتىسىنىڭ
كوماندىرىغا، قايسى تەرەپنىڭ ئايروپىلانى بولۇشىدىن
قەتئى نەزەر، ماي رايونىنىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە ئۇچۇپ كىرىدى-
كەن ھەممە بۇزغۇنچىلىق سۇيىقەستىنىڭ بارلىقى سېزىلگەن ھا-
مان دەرھال ئوت ئېچىشنى قاتتىق بۇيرۇق قىلدىم. ئەگەر «مەر-
كەز»نىڭ ئايروپىلانى بولسا قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىغاندا
پىڭ ئىككىمىز ئوخشاشلا ئوت ئېچىش، خىلاپ بولغان تەرەپلى-

ۋنى كېيىن سۈرۈشتە قىلىنىش توغرىلىق قەتئىي يوليورۇق بەردۇق. كېيىن بەختكە يارىشا ۋەقە چىقمىدى. ئۇ چاغدا ماي كانىنى قوغداۋاتقان قوشۇن، قورچاق 178 - بىرىگادا 532- پولكنىڭ بىر باتالىيونى ئىدى. مەزكۇر پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى شۈي جۈزىنى ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ ئالاقە باغلىغۇچىسىغا ھەمرا قىلىپ بۇ باتالىيونغا ئەۋەتتىم. ئۇلار بېرىپ مۇداپىئە ئىشلىرىنى ئوتكۈزۈپ بېرىشنى مەسلىھەتلەشكەندە، مەزكۇر باتاليوننىڭ كوماندىرى چىيادەفېڭ ھەققەتكە ئوتۇشكە قارشىلىق كورسىتىپ، مەن بىلەن تېلېفوندا سوزلىشىشكىمۇ ئۇنىمىغان قايتا - قايتا نەسىھەت قىلىپ ۋە پايدا - زىيان توغرىسىدا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاران تەسلىكتە بۇزغۇنچىلىق قىلماسلىققا ماقۇل كەلدى. ئەمما ئازاتلىق ئارمىيىمىزگە مۇداپىئە ئىشلىرىنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىماي كان جىڭلىسى جۇۋنىڭ، مۇھاپىزەتچى ئەترەت ئەۋەتىپ باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 25- چىسلادا ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ 3 - كورپۇس قوشۇنى ماي كانىغا كېلىپ قوغداش ۋەزىپىسىنى ئوتكۈزۈۋالدى. شۇندىن ئېتىۋارەن يۈيمىن ماي كانى خەلق قوينىغا قايتىپ كېلىپ ھەققى بىخەتەرلىككە ئىگە بولدى. ئوكتەبىرنىڭ باشلىرىدا مۇئاۋىن قوماندان پېڭ ۋە گېنېرال تاۋسىيۇ جۇچۇەندە ئۇز- ئارا ئۇچرىشىپ، ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ شىنجاڭغا كىرىشنى قارار قىلدى. خېشىدىكى ھەققەتكە ئوتكەن بارلىق قىسىملار ئازاتلىق ئارمىيىمىزنىڭ 2 - بىڭتۇەن قوماندانى شۈي گۇاڭدانىڭ قوماندانلىقىغا ئاساسەن، تەقسىم قىلىش كومىتېتى قۇ-



رۇلۇپ، جاڭ سەنمۇجاڭ ئوزگەرتىپ تۈزۈشكە رىياسەتچىلىك قىلدى. قورچاق ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمىسى بىلەن خېشى باش ئىشتاۋىدىكى ئەمەلدارلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئوفىتسېرلار چوڭ ئەترىدى تۈزۈپ، لەنجۇغا ئوگىنىشكە ئەۋەتكەندىن باشقا، قورچاق 90 - كورپۇستىكى خۇاڭزۇشۇنىڭ قالدۇق قوشۇنى ۋە 120 - كورپۇستىكى جۇجيالىڭنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرىدىن رەتلەنگەن 231 - بىرىگادا، رەتلەنگەن 178 - بىرىگادىنىڭ 532- پولكى، شىنجاڭ مۇھاپىزەتچى پولكى، توگە ترانسپورت پولكى، شۇنىڭدەك باشقا بىۋاستە قاراشلىق قوشۇن قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي 8 پولك قۇرۇلدى. بارلىق ئوفىتسېر، جەڭچىلەر مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئازاپ - ئوقۇبەت ئىچىدە ئوتكەن خېشى خەلقى، تېچ ئازاتلىققا ئېرىشتى. شىنجاڭغا كىرىدىغان قوشۇنلىرىمىزمۇ ئوڭۇشلۇق ھالدا تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىغا يېتىپ باردى. شۇندىن ئېتىۋارەن كەڭ غەربىي شىمال رايونى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، ئاكتىپ تۈردە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، يېپ- يېڭى تۈسكە كىردى. بۇ پەقەت پارتىيە ۋە ئۇلۇق داھىيمىز ماۋجۇشىنىڭ دانا، توغرا رەھبەرلىكىدىكى فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ كونكرېت ئىپادىسىدۇر. بۇلارنى ئەسلىسەك ئادەم قايتا تۇغۇلغاندەك ھېس قىلىمەن. بىراق، بۇ ئىشلارغا نەچچە 10 يىل ئوتتى. يۇقۇرىدىكى تارىخىي ئەمەلىيەت توغرىسىدا گەرچە خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ياردىمىنى ئالغان بولسامۇ ئېھتىمال يەنىلا تولۇق بولماسلىقى تەبىئىي، شۇڭا خەۋەردار كىشىلەرنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# تېچ ئازات بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئۈرۈمچى

## زەن يۈيلىن

گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى، ئازاتلىق ئارمىيەمىزنىڭ غالىبىيەت خەۋەرلىرىنى قاتتىق قامال قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۈرۈمچىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى تەشۋىق ۋارا- قىلىرىنى مەخپى تارقىتىش ئارقىلىق، لياۋشىن، پىڭجىن خۇەيخىلەردىكى زور غەلىبە خەۋەرلىرىنى ۋاقتىدا جەمىيەتكە تارقىتىپ تۇردى.

كىشىلەر جەمىيەتكە تارقىلىپ يۈرگەن «كومپارتىيە تەش- ۋىق ۋەرەقىسى»گە قارىتا، ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ، ھەممىسىلا بىرەر ۋاراقنى تېپىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قورچاق جخ ئىدارىسىنىڭ تەپتىش باشلىقى خې ×× ئىشپىيونلار ئارقىلىق قولغا چۈشۈرگەن تەشۋىق ۋەرەقىسىنى يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىنىڭ بىر ئاغىنىسىغا «ھېچ كىمگە كۆرسەتمىگىن!»دېگەن شەرت بىلەن بەرگەن. بۇ ئاغىنى- سى يەنە بىر ئاغىنىسىغا كۆرسەتكەن. مۇشۇنداق قىلىپ، يال- غۇز بىر ۋاراق تەشۋىق ۋەرەقىسى نۇرغۇن ئادەملەرگە تارقى- لىپ كەتكەن.



شىئەنىڭ ئازات بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق ۋا- راقىسى «نوۋەتتىن تاشقىرى سان» 5 - نومۇرلۇق قوغۇشۇن ھەرپ بىلەن ئاق گېزىت قەغىزىگە بېسىلغان ئىدى. بۇ تەش- ۋىق ۋاراقىسى ئۈرۈمچىگە تارقالغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ھەربى ۋە ساقچى ئىشپىيونلىرى ئۇۋىسىدىن چۇۋۇلۇپ چىقىپ، بىر تەرەپتىن ئاختۇرۇپ تۇتتى، يەنە بىر تەرەپتىن «پىتنە - ئىغۋالاردىن ساقلىنىمىز.» دەپ ھەممىنى پاراكەندە قىلىۋەتكەن ئىدى! گېزىت گەرچە ئەملىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاشقا جۈر- ئەت قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما «مەركىزىي ئاگېنتلىق، شىئەن ×× كۈن تېلېگراممىسى»دېگەنىدەك ئۇششاق - چۈششەك خە- ۋەرلەرنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش بىلەن، شۇ ئارقىلىق تەۋرىنىپ تۇرغان ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرماقچى بولدى.

شىئەن ئازات بولغاندىن كېيىن، خەلق ئازاتلىق ئار- مىيەمىز شەرقىي گەنسۇدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ گومىنداڭنىڭ غەربىي شىمالدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. جياڭ جيېشى «چېكىنىش»كە تەييار- لىق كۆرۈشتىن ئاۋال، غەربىي شىمالدىكى يەرلىك پادىشا مابۇفاڭنى يۆلەشتۈرۈپ «غەربىي شىمال ھەربى - مەمۇرى ھۆ- كۈمەت» باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. مابۇفاڭ، جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىنى قۇربانلىق قوي قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمما بۇ مەنسەپكە ئۇزۇندىن شۆلگەي ئېقىتىپ كەلگەن مابۇفاڭ ھەرگىز ۋاز كەچمەيتتى. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ماجۇڭشياڭ، ئۆز خوجا-

يىنىغا خوشامەت قىلىش ئۈچۈن، ماگويى، ئەيسا قاتارلىقلار-
نىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن جەمئىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ نامى-
دا داۋراڭ سېلىپ، 1949 - يىلى ئىيۇلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،
ئاتالمىش «شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مابۇفاڭغا سا-
لام بېرىش، سوغا تەقدىم قىلىش ئۆمىكى»دىن بىرنى ئەپلەپ-
سەپلەپ تەشكىللەپ «سوغا» توپلاپ، مابۇفاڭغا «شىنجاڭدىكى
تۆت مىليون ھەرمىللەت خەلقىنىڭ قول‌لاپ - قۇۋۋەتلەيدىغان-
لىقى»نى نامايەن قىلدى. ئەمما كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەل-
بىدە، ئازاتلىق ئارمىيەمىزنىڭ پاتراق شىنجاڭدىكى ھەر مىل-
لەت خەلقىنى ئازاتلىققا چىقىرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا ما-
چىڭشياڭ قاتارلىقلارنىڭ شىرىن خىيالى كۆپۈكتەك يوققا چىق-
تى. نائىلاج ماگويىنىڭ قولىدىكى «تۈگكان مەدىنىيەت ئۇ-
يۇشمىسى»بىر تۈغ ياساپ، ئەيسانىڭ قول ئاستىدىكى «ئۇيغۇر
مەدىنىيەت ئۇيۇشمىسى»بىر «ناخشا - ئۇسۇل ئۆمىكى»نى ئەپلەپ-
سەپلەپ تەشكىللەپ چىقتى. ماچىڭشياڭ ئاجراتقان ماشىنا ئۇلار-
نى لەنجۇغا ئېلىپ ماڭدى. «سالام يەتكۈزۈش» ئۆمىكى لەن-
جۇغا يېتىپ بارغاندا شەرقىي گەنسۇ ئالدىنقى سېپىدىن لەنجۇ-
غا يانغان يارىدار ئەسكەرلەرنىڭ قونغىدەك يېرى يوق، نۇر-
غۇن ئادەملەر باش - ئاياقلىرىنى تېڭىپ، قولتۇق تاياقلىرىغا
تايىنىپ، دوخمۇشلاردا تىلەمچىلىك قىلاتتى. لەن-
جۇدا ئېقىپ يۈرگەن شىنجاڭلىقلار «سالام بېرىش ئۆمىكى»-
دىكىلەرنى كۆرۈپ، رەنجىگەن ھالدا: «بۇ يەرگە نېمە دەپ
كەلدىڭلار!»دەپ تاپا قىلدى. قورچاق غەربىي شىمال ھەر-



بى - مەمۇرى مەھكىمىسى بۇ ۋاقىتتا، زومۇ - زو ئۆزىنى روھ-
لۇق كۆرسىتىپ «سالام قوبۇل قىلىش» يىغىنى ئۇيۇشتۇر-
دى. يىغىنىدا، ئەيسا مابۇفاڭغا بايراق تەقدىم
قىلدى. ماگويى «تەبرىكنامە» ئوقىدى. تەبرىكنامىدا «500
دانە ئات، 5000 سەر ئالتۇن، يۈز مىڭ سەر كۈمۈش دەپ
يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممەيلەن بۇنىڭ بىر ۋاراق قۇرۇق
قەغەزدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.
ئۇرۇمچىدىكى يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ
«سالام بېرىش ئۆمىكى»گە كىرگۈزۈلگەن خادىملىرى لەنجۇغا
يېتىپ بېرىپ 3 - كۈنى، بىزنىڭ 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيە-
مىزنىڭ لەنجۇدا تۇرۇشلۇق يەر ئاستى خىزمەت خادىملىرىنى
ئىزلەپ تاپتى. 1 - دالا ئارمىيىسىدىكى يولداشلار ئۇلارغا
لەنجۇ 8 - ئايدا، شىنجاڭ 9 - ئايدا ئازات بولىدىغانلىقىنى
ئۇچۇق ئېيتىپ، ئۇرۇمچىدىكى يەر ئاستى خىزمىتىنى ئىشلەۋات-
قان يولداشلارنىڭ ئاكتىپ تەييارلىق كۆرۈپ، ئازاتلىق ئۇ-
رۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى كۈتۈۋېلىشىنى ئۈمىت قىلدى.
بۇ چاغدىكى ئۇرۇمچىدە، گەرچە ھاسا تۇتۇپ تىلەمچى-
لىك قىلىپ يۈرگەن يارىدار ئەسكەرلەرنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ،
ئەمما ۋەزىيەت داۋالغۇپ، كىرىزىس ھەممە يەرنى قاپلىغان
ئىدى. بولۇپمۇ لەنجۇدا بايلىقى بار سودا - سانائەت ساھەسى-
دىكى كىشىلەر تەشۋىشكە چۈشۈپ غەم قىلماقتا ئىدى. ماچىڭ-
شياڭ «ھال سوراش ئۆمىكى»دىكى قىسمەن كىشىلەرنىڭ قايتىپ
كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئاتلىق 5 - كورپۇس ئىشتاۋىدا

زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. زىياپەتتە، ماچىڭشياڭ قەدەھ كوتەرگەن
ۋاقىتتا، ئۇنىڭ نەۋكىرى ئالدىراپ - تېنەپ كىرىپ، «لەنجۇ-
دىن جىددى تېلېفون كەلدى» دەپ شىۋىرلىدى. ماچىڭشياڭ
تېلېفوندا سوزلىشىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەستەن ئوزىنى
تەمكىن كورسىتىپ: ماجاڭگۇەن شەرقىي گەنسۇدا خالتا جېڭى
ئۇيۇشتۇرۇپ، كوممۇنىستلارنى پۇتۇنلەي خالتا ئىچىگە سولۇ-
ۋاپتۇ......» دىدى. ئۇ گەرچە جانلىق ۋە تەسىرلىك سوزلىگەن
بولسىمۇ، ئەمما ئولتۇرغانلار لەنجۇدىكى ۋاقتىدىلا «ماجيۇەن-
نىڭ شەرقىي گەنسۇدىكى پاجىەلىك مەغلۇبىيىتىدىن خەۋەردار»
ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇرۇمچىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ خەۋىرى بار
ئىدى.

لەنجۇغا يېقىنلىشىپ قالغان ئازاتلىق كۇنلىرىنىڭ
ئومۇمى ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى، لەنجۇدا تۇرۇشلۇق شىنجاڭلىق-
لار كەينى - كەينىدىن قايتىشقا باشلىدى، ئۇلار قىممەت بول-
سىمۇ ھەربى سامالىيوتلارغا ئولتۇرۇپ، زور تۇركۇمدىكى قور-
چاق دوللار پۇللىرىنى ئۇرۇمچىگە يوتكەپ كېلىپ، بولاڭچىدەك
مال سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق گومىنداڭ-
نىڭ ھوقۇق ۋە كۇچكە ئىگە كىشىلىرى، ھالاكەتنىڭ يېقىنلىشىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، خىلمۇ - خىل يوللاردىن پايدىلىنىپ،
كوپلەپ مال سېتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن پۇل قىممىتى چۇشۇپ،
مال باھاسى ئۇچقاندەك ئورلەپ، ھەممەيلەن مال سېتىۋالدى-
غان دولقۇن بارلىققا كەلدى. جەمىيەتتە «ئاسماندا ئايروپىلان
گۇلدۇرلىسە، يەردە مال باھاسى ئورلەيدۇ» دەيدىغان قوشاقلار



پەيدا بولدى. قورچاق دوللار پۇلى بازاردا بىر ئاپەت بول-
لۇپ، بەزى دۇكانلار «تىجارەتنى توختىتىش»قا مەجبۇر بولدى.
بەزى دۇكانلار گەرچە ئېچىلسىمۇ، ئەمما پوكەي پۇتۇنلەي قۇ-
رۇق ئىدى.

يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلات خەلقنىڭ نارازىلىقى-
غا قاراپ تاشقان بۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سودا - سا-
نائەتچىلەر ئىچىدە دوللارنى مەنئى قىلىش كۇرىشىنى قوز-
غىدى. دەسلىۋىدە بەزىلەر قورقتى. كېيىن ئوز ئالدىغا ۋەكىل
سايلاپ ئولكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى بۇرھان شەھىدىدىن يول-
يورۇق سوراشقا ئەۋەتتى. بۇرھان شەھىدى ئۇدۇل جاۋاپ بەر-
مەستىن، پەقەت «خەلقنىڭ ئىرادىسى» دىگەن ئىككى سوزنى
تەكىتلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇرھان شەھىدى ئىشخانا كاتىۋى نېپ-
فۇلى ئارقىلىق يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتنىڭ بۇ كۇرە-
شىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتقان. سودا - سانائەت ساھەسىدىكى
ۋەكىللەر بۇرھان شەھىدىنىڭ «رازىلىقى»نى بىلگەندىن كېيىن،
شەھەرلىك سودىگەرلەر جەمىيىتىنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ، نەنجىن
بازىرىغا چوڭ خەتلىك ئېلان چاپلىدى. ئېلاننىڭ مەزمۇنى
«دوللار بازارنى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، سودا - سانائەت ساھە-
سىدىكىلەر تىجارەت يۇرگۇزۇشكە ئامالسىز قېلىپ، شەھەرلىك سو-
داجەمىيىتى، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ كۇچلۇك تەلىۋىگە ئاساسەن،
بۇگۇندىن ئېتىۋارەن، دوللار پۇلى بىلەن بازاردىكى تاۋار-
لارنى بۇلاپ سېتىۋېلىشنى مەنئى قىلىدۇ». يەنە: «ئەگەر زور-
لۇق ئىشلەتكۇچىلەر بولسا، دەرھال جەمىيىتىمىزگە يەتكۈزۇپ

بېرىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىغا تاپشۇرۇلسۇن» دېيىلگەن ئىدى. بۇ ئېلان چاپلانغاندىن كېيىن، دەرھال ھەچچە مىڭلىغان ئادەم قورچاق مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى شۆبە بانكىسىنى قورشاپ نەق ئالتۇن ۋە تەڭگىگە ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەزىلەر قورچاق دوللارنى شۇ يەردىلا يىرتىپ تاشلىدى. بەزىلەر ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ، بانكىنىڭ پوكەيىي ئىنچىگە ئاتتى. بانكا باشلىقى لى ×× ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، شەھەرلىك سودا جەمئىيىتىگە بېرىپ، قورشاۋنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئارقىدىنلا ئامانلىق ساقلاش ئىشتابى، قورچاق ج خ ئىدارىلىرىدىكى ئىشپىيونلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ شەھەرلىك سودا جەمئىيىتىگە كېلىپ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈردى. ئۇلارنىڭ گەرچە ئەلپازى بۇزۇق بولسىمۇ، ئەمما شىددەت بىلەن كەلگەن بۇ ھەركەتنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى ھېچ بىلەلمەي، پەقەت بىر پەس قۇرۇق تېرە تاراقشىتتى. ئاڭلىشىمىزچە، قايسى بىر دۇكان قورقماستىن شۇ كۈنى كەچتە، ئۈرۈمچىدە قورچاق دوللار ئۆتمەس بولۇپ قالغان خەۋەرنى لەنجۇغا يەتكۈزگەن. ئەتىسى ئەتىگەندىلا لەنجۇدىمۇ مەنئى قىلىش ھەرىكىتى باشلانغان.

ئازاتلىق ئارمىيە غەربىي شىمالغا چاقماقتەك تېز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۈرۈمچىدە قورچاق دوللارنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىپ 10 - كۈنى 1949 - يىلى 26 - ئاۋغۇست لەنجۇ ئازات بولدى. بۇ خۇشخەۋەر 2 - كۈنى كەچتە تەشۋىق ۋەرەقىسى ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە تارقىتىلدى. شۇ كۈنى ئۈرۈمچى



كىنوخانىسى دەھشەتلىك فىلىم «مۇردىنىڭ قىساس ئېلىش خاتىرىسى»نى قويۇۋاتاتتى. كىنودىن كېيىن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولىدا لەنجۇنىڭ ئازات بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى كۆرۈلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ تەشۋىق ۋەرەقىسى دەرھال ئۈرۈمچىگە تارقىلىپ كەتتى. كىشىلەر: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرى، نۇرغۇن كوممۇنىستلار شىنجاڭدا ئىشلىگەن، ماۋزېدۇڭنىڭ ئىنىسىمۇ مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. ئۇلار ھەرگىز «شياڭنياۋجىڭلار» (گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنى دېمەكچى) «ئىغۋا قىلغاندەك ئۇنچىلىك يامان ئادەملەر ئەمەس» دېيىشەتتى. يەنە بەزىلەر: «پەقەت زەمبىرەك ئوقى بېشىمىزغا چۈشمىسىلا كومپارتىيىنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ بالدۇر كەلگىنى ياخشىراق» دېيىشتى. لەنجۇدا مال - مۈلكى بار سودىگەرلەر لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋالغا ئىنتايىن كۆڭۈل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، جەمئىيەتتە: «كومپارتىيە شەخسىي مال - مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىدىكەن». دېگەندەك ئىغۋالارمۇ تارقىلىپ يۈرەتتى، دېمەك كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى بىر قەدەر قالايمىقان ئىدى. بولۇپمۇ بەزى كاپىتالىستلار ۋە ھاللىق بايلار خېلىلا ئەندىشىگە چۈشتى. بۇ چاغدا جەمئىيەتتە «سودا - سانائەتچىلەرگە مۇراجەت»، «جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سودا - سانائەت سىياسىتى» قاتارلىق تەشۋىق ۋەرەقىلىرى پەيدا بولۇپ، سودا - سانائەت ساھەسىدىكى زاتلارنى ئەكسىلئىنقىلابىي ئىغۋالارغا ئىشەنمەي، شىنجاڭنىڭ ئازاتلىقىنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى. بۇ

تەشۋىق ۋەرەقلىرى قورچاق سودا جەمئىيىتىنىڭ ھويلىسىغىمۇ تاشلانغان. بۇ ۋاراقلار كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. قورچاق سودا جەمئىيىتىنىڭ بىر باشلىقى (يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىشىش ئوبيېكتى) ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن قولىغا چۈشكەن تەشۋىق ۋاراقلىرىنى، قورچاق ساقچى ئىدارىسىغا تاپشۇرغان بولدى. قورچاق ساقچى ئىدارىسى دوللار خەجلەشنى مەنئى قىلىش ۋاراقى بىلەن بۇ قېتىمقى تەشۋىق ۋاراقىسىنىڭ تارقىلىشى سودا - سانائەتچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ يىغىن ئېچىپ ئېنىقلىماقچى بولدى. ئەمما 400 دىن ئارتۇق ئادەمگە ئۇقتۇرۇش قىلىنغان بولسىمۇ، ئاران 20 نەچچە ئادەم كەلدى. قورچاق ساقچى باشلىقى يىغىنغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ بەك ئازلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقلىنىپ: «يىغىننى ئەتە ئېچىشقا ئۆزگەرتىپ قايتا ئۇقتۇرۇش قىلىڭلار!» دىدى. بەزىلەر بۇ تەرەپتە تۇرۇپ: «ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۈستىگە ئاپتومات سىزىپ قويساڭمۇ، كەلمەيدىغانلار يەنە ئوخشاشلا كەلمەيدۇ!» دېيىشتى.

لەنجۇ ئازات بولغاندىن كېيىن، خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى غەلىبىسىرى غەربكە ئىلگىرىلەپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ۋۇۋېينى ئازات قىلدى. بۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى يامانلاشتى. گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي - مەمۇرى ئەمەلدارلىرى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، بەزىلىرى قېچىشقا، بەزىلىرى ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە تەييارلاندى. يەنە بەزىلىرى جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە ھازىرلاندى.



گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك ئېزىشىدىن بىزار بولغان خەلق ئاممىسى، ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىنجاڭغا بالدۇرراق يېتىپ كېلىشىنى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلىپ كۈتەتتى. بىراق تاڭ يورۇشتىن ئاۋۋالقى ئۈرۈمچى بىر خىل غۇۋا كۆرۈنەتتى. بازار چۆل، دۇكانلار تۇرۇق ئىدى. قورچاق ھەربىي، ساقچى، ژاندارمىلاردىن تەشكىل قىلىنغان چارلاش ئەترەتلىرىنىڭمۇ بېشى سىلىنىپ، بۇرۇنقىدەك ھەيۋىسى قالمىغان ئىدى. مانا بۇ ئالامەتلەر «يەر - زېمىننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان بىر ئۆزگىرىش ئۈرۈمچىدە پەيدا بولىدۇ» غانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. بۇ چاغدا پەقەتلا يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتىنىڭ تەشۋىق ۋاراقلىرى خەلققە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇقنى كۆرسىتىپ بېرىپ، خەلقنى ئۆزىگە تارتىش بىلەن شۇ چاغدىكى خەلقنىڭ بىردىن بىر ئۈمىدى بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا تەشۋىق ۋاراقىسىنى تارقىتىدىغانلار پەقەتلا ئەسلىدىكى «كۆرەش جەمئىيىتى» بولۇپلا قالماستىن يەنە «ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى»، «دېموكرات ئاۋانگارتلار جەمئىيىتى»، «شىنجاڭ ئازاتلىقىنى ئىلگىرىلىتىش جەمئىيىتى» ۋە باشقىلارمۇ بار ئىدى. بۇ تەشكىلاتلارنىڭ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەرلىرىنى بېسىپ تارقىتىشقا شارائىتى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى يېزىپ چىققان ماقالىلىرى مەلۇم دەرىجىدە جامائەت پىكرى پەيدا قىلاتتى.

سىنتەبىرنىڭ باشلىرىدا، بۇرھان شەھىدى، نىيېفۇلى ئارقىلىق «يەر ئاستى ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى» غا گومىنداڭنىڭ

يۇقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ئىچ ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە ھازىرلانغانلىقىنى، ئاز سانلىق جاھىللارنىڭ ئوتتۇردا قېيىنچىلىق تۇغدۇرۇۋاتقانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ كۆرەش ئىستىراتېگىيىسىگە دىققەت قىلىشىنى ئېيتتى. نىيپۇلى گەرچە كەسكىن تۇردە: «يەر ئاستى خىزمەتچىلىرىنىڭ كىملىكىنى مەن بىرىنىمۇ بىلمەيمەن» دېگەن بولسىمۇ، بۇرھان شەھىدى يەنىلا «سەن مالال كۆرمەي ئۇقتۇرۇپ كۆرگىن. مەن ئىشىنىمەنكى، سەن چوقۇم بۇ خەۋەرنى ئېلىپ كېلەلەيسەن» دېگەن. بۇرھان شەھىدىنىڭ نىيپۇلى بىلەن دوستلۇقى چوڭقۇر ئىدى. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېخى يورۇتۇلمىغان ئىشلار بولسىمۇ، لېكىن بۇرھان شەھىدى ئۇنىڭغا تايىنىپ ئۆزىنى يىللىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان ئىدى. نىيپۇلىنىڭ ئارقا كورۇنۇشىنى ئانچە - مۇنچە بىلەتتى. بۇرھان شەھىدىنىڭ سوزى ئۇز ۋاقتىدا يەر ئاستى ئىنقىلاۋى تەشكىلاتقا يەتكۈزۈلدى. سېنتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئىچ ھەقىقەتكە ئۆتۈشنىڭ ئېھتىمال بىر ئاز ئىز - دېرىكى بولدى. لىيۇيۇڭشياڭ، بەيۋېنيۇ قاتارلىقلار سودا - سانائەتچىلەرنى يىغىپ، كىچىك مەجلىس ئاچتى. ئۇلار سودا - سانائەت ساھەسىنىڭ نامى بىلەن پۇل يىغىپ 5 دانە ئالتۇن مېدال ياسىتىش، ھەر بىر مېدالنىڭ ئالتۇن مىقدارى 3 سەر بولۇشىنى، مېدالنى قاچماقچى بولغان گومىنداڭ باشلىقلىرىغا تەقدىم قىلىپ، بۇ ۋابائىلاھىنى بالادۇرراق كۆزدىن يوقىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا بۇ پىكىر گەرچە قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما پۇل توپلاش باشلىنىشى-



غىلا سودا - سانائەتچىلەر ئۇمۇمىيۈزلۈك: «بىز ئۆزىمىزنىڭ دەسمايىمىزنى ۋابا ئىلاھلىرىنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە يول قويمايمىز» دەپ پۇل بەرمىدى. ئىمانە توپلانمىغاندىن كېيىن، قۇرچاق مالىيە نازارىتى تۈيدۈرماي دۆلەت غەزنىسىدىن 10 سەر ئالتۇن چىقىرىپ ئىنزاك ياساپ تەقدىم قىلدى.

ماجىڭشياڭ، يې چىڭ قاتارلىق جاھىللار ئۇرۇمچىدىن ئايرىلىپ چەتكە كەتمەكچى بولغان خەۋەر ئاڭلانغاندا ئۇرۇمچى خەلقى: «ئۇلاردىن قۇتۇلىدىكەنمىز» دەپ خۇش بولدى. 28 - سېنتەبىر «شىنجاڭ گېزىتى»دە شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرى ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىچ ھەقىقەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكالىغان تېلېگراممىسى ئېلان قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچى ھاياجانغا تولدى. 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە 10 - دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى، ئالدى بىلەن كوچىلارغا چىقىپ، تەبرىكلەش نامايىشى ئۆتكۈزدى. نامايىش قوشۇنلىرى يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن: «ياشىسۇن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى!»، «ياشىسۇن ماۋجۇشى!» دەپ شوئار توۋلاپ، كوچىلاردىن داغدۇغىلىق ئوتكەن چاغدا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زىچ تۇرغان ئامما چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىدى، بۇنداق قىزغىن كەيپىيات، كوتىرەڭگۇ روھ، بۇرۇن ئۇرۇمچىدە ھەقىقەتەنمۇ كورۇلۇپ باقمىغان ئىدى. سودا - سانائەتچىلەر، ماۋجۇشى بىلەن جۇدې ۋېيىۋەنجاڭنىڭ رەڭلىك رەسىمىنى سىزىپ، تەبرىكلەش نامايىشى ئۆيۈشتۇرۇشقا تەييارلىق كورگەن ئىدى. بىراق شۇ كۈنى ئاخشىمى مەلۇم قىسىم، ھەر قايسى قاتناش كوچا ئېغىزلىرىغا پىلىموت قۇرۇپ، ئەگەر-

دە نامايىش قىلىپ تەبرىكلەيدىغان بولسا، قىرىپ تاشلايدىكەن!» دەيدىغان شۇم خەۋەر تارقالدى. بۇنىڭغا ئۇلۇشۇپلا، قۇمۇل يانكىسىنىڭ بۇلانغانلىقى، كۇچار كوچىلىرىنىڭ كويدۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ شۇم خەۋەرلەر ئەمەلدىلا جانلىنىۋاتقان ئۈرۈمچىگە بىر قېتىم قورقۇنۇچلۇق سايە پەيدا قىلدى. نەچچە كۈن ئۆتمەي، گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مۇتىھەملەر، لۈكچەك ئەسكەرلەر بىلەن بىر بولۇپ 2 دۇكاننى بۇلىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى شەھەرلىك سودا جەمئىيىتى بىر قېتىم جىددى يىغىن چاقىرىپ، تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى، بەزىلەر يىغىندا ئازاتلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرمەستىن ئىلگىرى 3 ۋىلايەت مىللى ئارمىيىسىنى ئولكە مەركىزىگە تەكلىپ قىلىپ، جەمئىيەت تەرتىۋىنى قوغداش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىلەر دەرھال «خەلق پولكى»، «سودا - تىجارەتچىلەر پولكى» قۇرۇپ، سودىگەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئاسراش كېرەك دېيىشتى. سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تەلەپلىرى ھەقەتكە ئوتتۇش دائىرىگە ئىنكاس قىلىندى. ھوكۇمەت دائىرىلىرى توقۇنۇش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «خەلق»-«سودا» پولكى قۇرۇشنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ئىمكان قەدەر ھەقەقەتكە ئوتتۇش قىسىملىرىغا تېچلاندۇرۇش خىزمىتىنى ئوتەشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدى. شۇ كۈنى ئاتالمىش «سودا-سانائەت كاتىپلىرى» ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەر قايسى ئامموۋى



تەشكىلاتلاردىكى بىر قىسىم ۋەكىللەرنى تەكلىپ قىلىپ، ھال سوراش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاكتىپلىق بىلەن ھال سوراش بۇيۇملىرى يىغدى. تەلئەت (ئۇيغۇر) لىۋبىڭيى (تۇڭگان) شۇنىڭدەك ھۇسەنبايلارنىڭ نامى بىلەن، ئىلىمدىن 5 ئاپتوموبىلدا ئەتىر سوپۇن ۋە چاقماق قەن ئېلىپ كەلدى. شەھەرلىك سودا جەمئىيىتىنىڭ لىشەمسى فەن شىجيۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ پۈتۈن شەھەردىكى چوشقا قاسساپلىرىنى يىغىپ چوشقا سويدۇردى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىدىن ئابدۇرېھىم ھاجى تاغدىن قوي سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى ھەمدە شەھەرلىك سودا جەمئىيىتى، سودا - سانائەتچىلەردىن ھال سوراش بۇيۇملىرى ۋە مەبلەغ توپلاشقا مەسئۇل بولدى. بۇ قېتىمقى ھال سوراش ھەركىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، 2 - 3 كۈن ئىچىدىلا لوڭگە، چىش پاراشوكى، تاماكا، يۈز ماي قاتارلىق لازىمەتلىك بۇيۇملاردىن 20 نەچچە ساندۇق توپلاندى. بەزى دۇكانلار لازىمەتلىك بۇيۇملارنى قىزىل قەغەزگە ئوراپ، ئوز دۇكانلىرىنىڭ نامىنى يېزىپ، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى يىغىش ئورنىغا ئېلىپ كەلدى. ناۋايخانىلار ئىخلاس بىلەن گۈنجۈت سالغان مايلىق تۇقاچلارنى ياقتى. بۇ قېتىمقى ھال سوراش بۇيۇملىرىنى يىغىش، پۈتۈنلەي «ئوز ئىختىيارى بىلەن سوغات قىلىش» پىرىنسىپى بويىچە بولدى. ئاممىنىڭ سوغات قىلىش قىزغىنلىقى ۋە ھال سوراش بۇيۇملىرىنىڭ سانىدىن قارىغاندا، ئورۇمچىدە مىسلى كورۈلمىگەن ئىدى.

ھەر مىللەت ۋە ھەر قايسى ساھە ۋەكىللىرىدىن شەكىل-

لەنگەن ھال سوراش ئۆمىكى، ئۇرغۇنلىغان ھال سوراش بۇ-
يۇملىرىنى ۋە ھال سوراش خەتلىرىنى ئېلىپ، ئايرىم - ئايرىم
ھالدا ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ھەقىقەتكە ئۆتىدىغان كورپۇس
مۇھاپىزەتچى قوشۇنلاردىن ھال سورىدى. بۇ ھال سوراش ھەر-
كەتنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولدى. ئەتىسىدىن باشلاپ نۆۋەتچى
قوشۇنلار چىقىپ چارلاش ئېلىپ باردى. بازاردا ئېقىپ يۈرگەن
«تارقاق ئەسكەرلەر» تېزلا يوقالدى. جەمئىيەت تەرتىۋى كۈن-
ساناپ ياخشىلىنىپ، تاقىلىپ كەتكەن دۇكانلار ئېچىلىپ، تىجا-
رەت ئۆز يولىغا چۈشتى.

قىسقىغىنە بۇ 10 كۈن ئىچىدە، «شىنجاڭ گېزىتى» قىيىن
ئەھۋالدا قالغان ئىدى. گېزىتكە زادى نېمىنى بېسىش كېرەك-
لىكى توغرۇلۇق تەھرىرلەرنىڭ كۆڭلىدە سان يوق ئىدى.
كۆپچىلىك، گېزىت سەھىپىلىرىدىن بەزەن ئەھۋاللارنى بىلىشكە
تەقەززا بولسىمۇ، بۇنىڭغا مۇيەسسەر بولالمايتتى. دەل مۇشۇ
چاغدا «دېموكراتىيە ئاۋانگارتلىرى» ناملىق بىر يەر ئاستى
تەشكىلاتى كىشى ئەۋەتىپ «شىنجاڭ گېزىتى»نى ئۆتكۈزۈۋالدى.
ئارقىمۇ - ئارقا ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىدىغان بىر قانچە ماقالە
ئېلان قىلدى. گەرچە بەزى نەزىرىيىۋى نۇقتىلاردا «كۈرەش
جەمئىيىتى»دىكى يولداشلارنىڭكىدىن پەرقى بولسىمۇ، ئەمما
مۇشتىرىلار «يېڭى سۆزلەر»نى ئاڭلاپ خاتىرجەم ئىدى.
شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئە-
زەلدىنلا شاپىگىراپ بىلەن نەشر قىلىنىدىغان «كۈرەش» ژور-
نىلى مىخ مەتبەسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئاشكارا تارقىتىلدى.



«كۈرەش»نىڭ بۇ سانى ئۈرۈمچىدىكى ئامما بىلەن يۈز كۆرۈش-
كەندە كىشىلەر خۇددى گوھەر تېپىۋالغاندەك ھاياجان بىلەن:
«بىز كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق» دېيىشتى.
ئازاتلىق ئارمىيە ئالدىنقى قوشۇنلىرى قۇمۇلغا كىرگەن خەۋەر
تارقىلىشىغىلا ئەسلىدىكى ھەقىقەتكە ئۆتكۈچى قوشۇنلاردىن ھال
سوراشقا تەشكىللەنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «ئۈرۈمچى شەھەر-
لىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ قۇمۇلغا بېرىپ،
ئازاتلىق ئارمىيىنى قارشى ئېلىش ۋەكىللەر ئۆمىكى»گە قات-
ناشتى. بۇ ۋەكىللەر ئۆمىكى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، كېچىدە قۇمۇل-
غا يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، مىنۇت-
سېرى ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ كېلىش خۇشخەۋىرىنى كۈتمەكتە
ئىدى. ئەمما قۇمۇلغا ئالدىن كىرگەن 2 - كورپۇس قوشۇنلىرى
جەنۇبىي شىنجاڭغا باراتتى. شۇڭا ۋەكىللىرىمىز قۇمۇلدا قارشى
ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئاياقلاشتۇرغاندىن كېيىن، 2 - كورپۇس
ئالاقىچىسى ۋاڭ ۋۇيى ۋە شىنخۇا مۇخبىرى گۇەنجۇنفاڭ
يولداشلار بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە قايتتى. شۇ چاغدا ئازاتلىق
ئارمىيە قوشۇنلىرى تېخى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كىرمىگەنلىكتىن،
ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت يەنىلا تىكلەنمىگەن ئىدى. ۋاڭ، گۇەن
يولداشلارنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن دەسلەپتە ئۈرۈمچىگە كەلگەن
بىرىنچى دالا ئارمىيىسىنىڭ ئالاقىچىسى ليۇجىڭشىنىڭ قوشۇلۇشى
بىلەن، مەزكۇر ئىككى يولداشقا مەن مەسئۇل بولۇپ كۈت-
تۈم. ئۇلارنىڭ سىرتتىكى ھەركەتلىرىگە «كۈرەش جەمئىيىتى»
مەسئۇل بولدى. يولداش ۋاڭ ۋۇيىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ۋەزىپىسى

...سىياسى باشقارمىسى ئۈچۈن، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە
...يېزىقتا، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى
قىلىدىغان ھۆججەتلەرنى بېسىش ئىدى. ئۇنىڭ ھەر-
كە...رى ئىنتايىن مەخپىي بولسىمۇ، بىراق بەزى كىشىلەر
ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ دەسلەپكى ئالاقىچىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە
كەلگەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، ئامال قىلىپ بۇ كىشىنى ئىزلەپ تاپ-
ماقچى بولۇشتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى، ئازاتلىق ئارمىيىگە ئېھتى-
رام بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسا، بەزىلىرى گومىنداڭ ئىشپىيون-
لىرىنىڭ يۈرگۈزگەن بۇزغۇنچىلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش
ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى، ئالدىدا سۆزلەنگەن تۆرلۈك نام-
دىكى «يەر ئاستى تەشكىلاتلار» نىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار
ئۆز تەشكىلاتلىرىنى بالدۇرراق مەلۇم قىلىپ، كېيىنكى كۈنلەردە
پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشىشنى ئويلايتتى. بىراق يولداش
ۋاڭ ۋۇيى بىلەن كورۇشكۇچىلەر، پەقەتلا «ئاۋانگارتلار جەمئىيە-
تى» دىكى جياشۇەشى بىلەن ۋاڭ لىمىڭ ئىككىسى بولدى. گەپ-
سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن، ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ دەسلەپكى
ئالاقىچىلىرىنى سۈرۈشتۈرىدىغانلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە
باشلىدى، مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن بىلىشىمىزچە، گومىنداڭ
ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيونلىرىمۇ گۇمان، ۋاڭ يولداشلارنىڭ
ئادرېسىنى ئىزلەپ تېمىسقاپ يۈرگەن. ۋەزىيەتنىڭ مۇرەككەپ-
لىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «كۈرەش جەمئىيىتى» دىكى يولداشلار،
ۋاڭ ۋۇيىنىڭ ھۆججەتلىرىنى بېسىپ چىقىرىشىغا ياردەم بەردى
ھەمدە يولداش لى ۋېنخۇا تەرجىمان بولۇپ تۇرپانغا بېرىپ
2 - كورپۇس قوشۇنلىرىنى كۈتىۋالدى.



گەرچە 2 - كورپۇسنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۆتۈش خە-
ۋىرى مەخپىي بولسىمۇ، ئەمما كىشىلەر ئازاتلىق ئارمىيىنىڭ پال-
دۇرراق ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىشىنى تەشنالىق بىلەن كۈتكەنلىك-
تىن، 2 - كورپۇسنىڭ جەنۇبقا ماڭغان خەۋىرى ئۈرۈمچى-
خەلقىگە ئازدۇر - كۆپتۇر كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدى. دەل
مۇشۇ پەيتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىشپىيونلىرى ھەم-
مىلا يەردە: «تاۋسىيۇ كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ،
ئايروپىلان بىلەن ئىچكىرىگە تىكىۋەتتى»، «بۇرھان مۇكۇنۇۋال-
دى»، «3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى ئازاتلىق ئارمىيە بى-
لەن سوقۇشماقچى» دېگەندەك ئىغۋالارنى تارقاتتى. ئىشپىيون
ۋە بۇزۇق ئادەملەر ھەركۈنى كەچتە قالايمىقان ئوق ئېتىپ،
كىشىلەرنى پاراكەندە قىلاتتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى، ئۈرۈم-
چىدىكى كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يەنە بىر قەۋەت كۆڭۈلسىزلىك
پەيدا قىلغان ئىدى. ئىشپىيونلارنىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ
تاشلاش ئۈچۈن، «كۈرەش» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» لىرى «ئا-
زاتلىق ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى يېقىندا ئۈرۈمچىگە
كىرىدۇ» دېگەن خەۋەرلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە ھۆكۈمەت
ئورگانلىرىدىن «تەشۋىق تەسەللىي ئۆمىكى» ئوتتۇرىغا چىقىپ
ھەر ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك زاتلارنى يىغىپ، ئازاتلىق ئار-
مىيىنىڭ ئۈرۈمچىگە كىرىشىنى كۈتىۋېلىش پائالىيەتلى-
رى توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. 1 - دالا ئۇرۇش ئار-
مىيىسىنىڭ ئالاقىلىشىش ئىشتاۋىمۇ «كۈرەش جەمئىيىتى» دىكى
ئالاقىچىسىغا تېلېگىرامما ئەۋەتىپ، ئاپتوموبىل پولكىنىڭ ئۈ-

رۇمچىگە كىرىش خەۋىرىنى بەردى. 3 ۋىلايەت دائىرىلىرىمۇ چوڭ ئاپتوموبىلدا هال سوراش ماددىي ئەشيالىرىنى بېسىپ «جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنى قارشى ئالىمىز» دېگەن قىزىل پىلاكاتلار ئاسقان هالدا داغدۇغا بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئاساسىي كوچىلىرىغا كىرىپ كەلدى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، ئىشپىيونلار پەيدا قىلغان بۆلۈتلار تېزدىنلا تارقىلىپ يوقالدى. 20 - ئوكتەبىردە ئاپتوموبىل پولكى رەسمىي ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. بۇ كۈنى هاۋا ئوچۇق، كىشىلەر كوچىلارنى پاك - پاكىز سۈپۈرۈپ، تازىلىغان، رەڭمۇ - رەڭ پانۇسلارنى ئېسىپ، ئۆز كىشىلىرىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانغان ئىدى. ئەسلىدە ئاپتوموبىل پولكىنى قارشى ئالىدىغان ئاممىنىڭ، سەندۇقبېيغا توپلىنىشى قارار قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كوپ ساندىكى ئامما سەندۇقبېيدىن - ئۇلانبايغىچە ئىلگىرىلەپ بارغان ئىدى. 10 نەچچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ تاشيول بۈگۈن ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ، داقا - دۇمباق سادالىرى ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. مىللىي سازەندىلەر كىشىنى خوشال قىلىدىغان «مۇقام مۇزىكىسى» چالماقتا ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت 5 ئەتراپىدا، قارشى ئالىدىغان ئامما، يېشىل رەڭلىك ئۇرۇش ماشىنىلىرىنى قوچاقلىغان هالدا، ناخشا، مۇزىكا، پوجاڭزا ۋە ئالقىش سادالىرى ئىچىدە، سەندۇقبېيدىن شەهەر رايونىغا باشلاپ كىردى. قارشى ئېلىش قوشۇنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر، ئازاتلىق ئارمىيىنى قوچاغلاپ، روهلۇق ۋە مەغرۇرانە قىياپەتتە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇۋالغان ئىدى.



پولك كوماندىرى يولداش خۇجيەن، شىنجاڭ خەلقىنىڭ كونا دوستى بولۇپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، چېن تيەنچيۇ، ماۋزېمىنلارنىڭ رەهبەرلىكىدە ۋەتەنىنىڭ چېگرىسىنى قوغداش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ تۆهپىلەرنى قوشقان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ بۇرۇن كۆرەش قىلغان جايغا قايتىپ كېلىپ، باتۇر، ئىشچان هەر مىللەت خەلقى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشكىنىدە چەكسىز هاياجانغا چۆمدى. ئۇ سەممىي كۈلۈمسىرەپ، ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ، ئارىلاپ - ئارىلاپ چاۋاك چالاتتى. قول پۇلاڭلىتاتتى. شۇنىڭدەك ئىككى قولىنى ئۇزۇتۇپ قارشى ئېلىۋاتقان ئامما بىلەن كۆرۈشەتتى. كىشىلەر خوشاللىق بىلەن: «يولداش لاۋخۇ قايتىپ كەلدى» دەپ ۋاقىرايتتى.

# جۇبيەن بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن شىنجاڭ پۇل - مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

جى لو

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل تېگىشىش، پۇل ئامانەت قويۇش ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرى يوق ئىدى. گۇاڭشۈيىنىڭ 13 - يىلى (1887 - يىلى) دىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكە ئەمرى ۋە ئىلى جاڭجۈنى ئۆز تەۋەلىكىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۈرۈمچى ۋە قورغاستا پۇلخانا قۇرۇش، بۇ ئورۇن ئارقىلىق بىر سەر كۈمۈشكە ياكى 400 داچەنگە ئوتىدىغان ياكى 1.000 ياماقتا ئوتىدىغان چەكلەرنى ئايرىم بېسىپ تارقاتتى. كېيىن يەنە بىر مىسقاللىقتىن تىيىن پۇل تارقاتتى. (10 تىيىنگە 1.000 ياماق تېگىشىپ بېرەتتى) دېمەك، بازارلاردا مۇشۇ پۇللار خەجلىنەتتى. بۇنىڭ كەينىدىنلا، تيەنجىندىكى ياڭلىيۇچىڭلىقلاردىن ئۈرۈمچىدە كاتتا دۇكان ئېچىپ ئولتارغانلار (ئومۇمەن تيەنجىنلىك سودىگەرلەر) مۇئەللىگىر - ئاخىر بولۇپ ياغ تىمزا تارقاتتى. ياغ تىمزىنىڭ ھەربىرسى 400 ياماققا ئوتەتتى. بۇ پۇللار ئېلىپ مېڭىشقا ئاسان



بولغانلىقى ئۈچۈن سەرمايە ئوبوروتىنى كېڭەيتىشتە مەلۇم رول ئوينىدى.

شۇ كەملەردە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ھەر يىلى شىنجاڭ ئۆلكە ئەمرىگە، ئىلى جاڭجۈنىگە ۋە تارباغاتاي سەنزەنىگە قاراشلىق ھەرقايسى قوشۇنلارغا بېرىدىغان يازدەم خىراجىتى يەنى، قوشۇنلارنىڭ مائاش - تەمىناتى دەپ ئاتالغان ساپ كۈمۈش جەمئىي 290 تۈمەن سەردىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئىلى جاڭجۈنىغا بېرىلگەن 36 تۈمەن سەر ساپ كۈمۈش بىلەن تارباغاتاي سەنزەنگە بېرىلگەن 14 تۈمەن سەر ساپ كۈمۈشمۇ مۇشۇ سانىنىڭ ئىچىدە. بۇ پۇللار ھەر يىلى شەنشى مالىيە غەزنىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، ئۇ يەردىن گەنسۇغا، گەنسۇدىن مەخسۇس ئادەم تەيىنلەپ تۈركۈمگە بولۇپ شىنجاڭغا يوتكەپ بېرەتتى. پۇلنىڭ تەركىۋىدە 50 سەرلىك يامبۇلار، 30 سەرلىك، 20 سەرلىك ۋە 10 سەرلىك كۈمۈش نوكچىلار، 5 سەر، 3 سەر، 2 سەر ۋە بىر سەرلىك كۈمۈش كويزىلار ھەممە بۇغداي دانچىلىرىغا تەڭ كۈمۈش ئۇۋاقلىرىمۇ بار ئىدى. يوتكەپ مېڭىشتا، ھەر مىڭ سەر كۈمۈشنى ئىگىزلىگى 6 سۇڭ، كەڭلىگى 7 سۇڭ، ئۇزۇنلىقى 2 چى كېلىدىغان ياغاچ ساندۇقلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى مىخلاپ، چەمبەرلەپ، گەنسۇ مالىيە باشقارمىسىنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئىككى پېچەتنى گىرەلەشتۇرۇپ ساندۇقنىڭ ئاغزى ۋە يان تەرىپىگە چاپلىۋېتەتتى. ئۇ كەملەردە لەنجۇدىن شۇيجۇ (جيۇچۇەن) غا 18 ئوتەڭ، شۇيجۇدىن قۇمۇلغا 18 ئوتەڭ، قۇمۇلدىن ئۈرۈمچىگە 18 ئوتەڭنى بېسىپ جەمئىي 54 كۈن، تەخمىنەن 4 مىڭ چاقىـ

رىم يول يۈرۈپ يېتىپ كېلەتتى. شۇ ئۇزۇن چۆل-جەزىرىلەردە يۈرۈدىغان ئاساسلىق قاتناش قورالى ھارۋىدىنلا ئىبارەت ئىدى. چوڭراق شەھەرلەرگە كەلگەندە، بىر قانچە كۈن ھاردۇق ئالاتتى. لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگىچە 2 ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت كېتەتتى. ھەر قېتىمدا، 10 - 20 مىڭ سەر كۈمۈش پۇل يۆتكەپ كېلەتتى. ھەربىر ھارۋىغا يۇقۇرقىدەك كۈمۈش ساندۇقىدىن 30 نەچچىسى بېسىلاتتى. شۇنداق بولغاندا، ھەر قېتىم 10 نەچچە ھارۋا بىرگە ماڭاتتى. ئۈرۈمچىگە كەلگەندە ئالاقىدار خادىملار مەزكۇر كۈمۈشلەرنى بىر بىرلەپ سەرلەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالاتتى. شۇنىڭدەك، مالىيە باشقارمىسى ھەرقايسى دۇكاندارلارنىڭ شاگىرتلىرىنى يىغىپ، كۈمۈش پۇللارنى يۈز سەردىن ئاجرىتىپ خوتەننىڭ سامان قەغىزىگە بولاتقۇزۇپ، ئاندىن مالىيە غەزنىسىگە كىرىم قىلىۋېتەتتى.

شۇ چاغلاردا مالىيە غەزنىسىگە كىرىم قىلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇللارنىڭ ھەممىسى ساپ كۈمۈش ئىدى. دۇكانلاردىكى سودا - سېتىقلار، شەخسلەر ئارا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىمۇ پۈتۈنلەي نەق كۈمۈش بىلەن بولاتتى. بۇلارنى ئېلىپ مېڭىش قولايسىز ئىدى ھەمدە پارچىلاپ زولاپ بېرىشتىمۇ تولا ئاۋارىچىلىق بولاتتى. شۇنىڭدەك يەنە، ئىچكىرىسىنىڭ كۈمۈشى «غەزنە كۈمۈشى» دەپ ئىككىگە ئايرىلىپ، بۇنى - ئۇنىڭغا، ئۇنى - بۇنىڭغا سۇندۇرۇپ ھېساپلاشنىڭ ئۆزىمۇ راسا بىر كاشىلا ئىدى. سودىگەرلەر مال ساتقان پۇللىرىنى ۋە بېيجىڭ، تيەنجىنگە ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن تەييارلىغان



ماللىرىنى قىممەت باھادا تۆگىگە كىرا قىلىپ ۋە قوغدىغۇچى ياللاپ ماڭدۇراتتى. ئۇلار تاشقى موڭغۇلىيە ئوتلاقلىرى بويلاپ كېچە - كۈندۈز تىنىماي مېڭىپ بەلگىلەنگەن مۇددەت (ئومۇمەن 60 كۈن) ئىچىدە كوكخوتقا ئاپىرىپ، ئاندىن بېيجىڭ ۋە تيەنجىنلەرگە يۆتكەيتتى. بۇنىڭدا كاپىتال ئوبوروتى كېچىكىپ، پۇل مۇئامىلىسى ئۆلۈك ھالغا چۈشۈپ قالاتتى. ئەھۋال شۇنداق بولىۋاتقان پەيتتە، پۇل پىرېۋوت قىلىش، ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەنشىدىكى پۇلخانىلار مانا مەن دەپلا ئوتتۇرىغا چىقتى.

1894 - يىللىرى (گۇاڭشۈينىڭ 20 - يىلى) بولسا كېرەك، شەنشىدىكى پۇلخانىلاردىن ۋېيفېڭخۇ، تيەنچىڭشياڭ ۋە شى تۇڭچىڭ ناملىق پۇلخانىلار ئارقا - ئارقىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، كەسپىي ئىشلىرىنى يولغا قويدى. پۇل پىرېۋوت قىلىشتا، ھەر يۈز سەر ساپ كۈمۈشكە بىر پېرىم سەر پىرېۋوت ھەققى ئالدى. دۇكاندارلارغا قەرز بەرسە، ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچۈن 8 پۇڭدىن ئالدى. ئامانەت قويۇلغان پۇلغا، ھەر ئايدا 5 پۇڭدىن، شەخسلەرنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىغا ھەر ئايدا 3 پۇڭدىن ئۆسۈم بەردى. شەخسلەرگە پۇل قەرز بەرگەندە، ئۇلاردىن زولۇك ئۈچۈن دەپ ھەر ئايغا 8 پۇڭ ئەتراپىدا ئۆسۈم ئالدى. بۇ پۇلخانىلار يەنە گەنسۇ مالىيە باشقارمىسىنىڭ شىنجاڭ مالىيەسىگە بېرىدىغان مائاش - تەمىنات پۇلىنى پىرېۋوت قىلىپ ماڭدۇرۇپ بېرىش ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. بۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن، گەنسۇدىن پۇلنى يۆتكەشكە ئادەم

ئېيىنلەپ چىقىم تارتىشتىن، ۋاقىت سەرپ قىلىشتىن قۇتۇلدى، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ پۇلخانىلار دۇكاندارلارنىڭ ئىچ-كىرىدىگە پىرېۋوت قىلىدىغان نەق كۆمۈشلىرىنى قولغا چۈشۈرۈۋالاتتى - دە، ئۆزلىرىگە چىقىش يولى ھازىرلىۋالاتتى ھەممە ھۆكۈمەت-كىمۇ، شەخسلەرگىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بېرەتتى.

1909 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدا پوچتا ئىشلىرى رەسمىي يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، بىراق پوچتىدىن پۇل پىرېۋوت قىلىش ئىشى كېيىنرەك باشلاندى. پىرېۋوت قىلغاندىمۇ ئاز مىقداردىكى پۇللار پىرېۋوت قىلىناتتى. شۇڭلاشقا، دەسلەپكى چاغلاردا، سودىگەرلەر پۇل پىرېۋوت قىلىشتا، مۇتلەق كۆپچى-لىكى تېلېگىرام ئارقىلىق پىرېۋوت قىلىشنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن، سەرمايە ئوبوروتى بۇرۇنقىدىن تېزلەشتى. بۇنىڭ ئار-قىسىدا، تىجارەت ئىشلىرىمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تەرەققى قىلدى. مانا بۇ 3 پۇلخانىنىڭ شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلە كەس-پىنى يولغا قويغانلىقىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەركەت قىلىش دائىرىسى پەقەت ئۈرۈمچى ئەتراپلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەردىن ئىبارەت 3 جايدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى چارپادىشا دەۋرىدىكى جۇڭ-گو - رۇسىيە باشقۇرغان داۋشىڭ بانكىسى پۈتۈنلەي ئىگىلى-ۋالغان ئىدى.

1901 - يىلى (گۇاڭشۈينىڭ 27 - يىلى) چىڭ خانلىقى بىلەن 8 دۆلەت بىرلەشمە قوشۇنى شىنچۇ شەرتنامىسى ئىمزا-لىغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممە ئۆلكىلەرگە تۆلەم



پۇل چېچىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىمۇ ھەر يىلى 40 تۈمەن سەر پۇل تاپشۇرۇشنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئۆلكىنىڭ ئۆزىدە يە-نە توپلەپ ھەر خىل يېڭى مەمۇرى ئىشلار يولغا قويۇلدى. يې-ڭىدىن ئەسكەر ئېلىندى. شۇ ۋەجىدىن، شىنجاڭدا مالىيە كىرى-مى ئاز، چىقىم كۆپ بولۇپ قېلىپ، قىزىل رەقەملەر يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ كەتتى. بۇ قىزىل رەقەملەرنى تىزگىنلەپ ئا-زايتىش ئۈچۈن، گۇاڭشۈينىڭ 30 - يىلى (1907 - يىلى) سابىق مالىيە مەسئۇلى ۋاڭشۈنەن ئىچكىرىدە 400 داچەنگە خەجلىنىدىغان پۇلدىن 100 تۈمەن سەر قەغەز ئاقچا باستۇرۇپ چىقتى. كېيىن چىنجىيتاڭمۇ 20 نەچچە تۈمەن سەر باستۇرۇپ چىقىپ تىرىشىپ كۆردى. شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىكى باش پۇل ئى-دارىسىنى ئۆزگەرتىپ 20 ماددىلىق تەشكىلىي نىزامنامىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى ۋە تارباغاتايلاردا چوڭ-راق پۇلخانا قۇردى. ۋىلايەت، نازارەت، ئايماق، ناھىيە-لەر (تاشقورغان، چارقىلىق، لوپنۇر، قورغاسلاردىن تاشقىرى) دە شۆبە پۇلخانىلار قۇردى ۋە ئۇلارغا جەمى 120 تۈمەن سەر دەسمايە بەردى. بۇنىڭ 4 ئۈلۈشى كۆمۈش، 6 ئۈلۈشى قەغەز پۇل ئىدى. يەنە بانكىنى دوراپ باشقىدىن 6 ماددىلىق كەسپىي نىزامنامە تۈزۈپ بەردى بۇنىڭ بىلەن پۇل پىرېۋوت قىلىش، پۇل ئامانەت ئېلىش ۋە قەرز بېرىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىسىنى جانلاندۇرۇپ، مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتىشنى مەقسەت قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، ساپ كۆمۈشنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، غەزنىدىكى ئالتۇندا بىر مىس-

ۋال، ئىككى مىسقاللىقتىن تىللا قويدۇرۇپ بازارغا چىقاردى ۋە بىر مىسقاللىق تىللاغا 3 سەر ساپ كۈمۈش تېگىشىپ بېرىشىنى بەلگىلىدى. لېكىن تىللا بازارغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، قولغا كىرگۈزۈۋالغانلار قولىدىن چىقارمىغاچقا، تىللا قويدۇرۇش توختاپ قالدى.

شۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت يولغا قويغان كارخانىلار ئىگىلىكنى ئوبدان باشقۇرمىغانلىقتىن قۇرۇق سولەت بولۇپ قالغان ئىدى. مەسىلەن، ھەرقايسى جايلار تارقاتقان قەرز پۇللارنى مىڭ تەسلىكتە يىغىۋالالىدى. بولۇپمۇ ئاقسۇدىكى چوڭ پۇل ئىدارىسى ھەممىدىن كۆپرەك شۇنداق بولدى-دە، دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ كەتتى.

شىنخەي ئىنقىلابى (1911 - يىل) دىن ئېتىۋارەن ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ شىنجاڭغا بېرىدىغان ياردەم پۇللىرى توختىغان ئىدى. ئۆلكىنىڭ باج كىرىمى چەكلىك بولغاچقا غەزنە قۇرۇپ قالدى. شۇ پەيتتە، ئىلىدىكى يېڭى قوشۇنلار قوزغىلاڭ كۆتەردى. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) چىڭ خاندانلىقى تەختتىن چۈشكەن خەۋەر شىنجاڭ ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلگەچكە، ئۆلكە تەرەپ بىلەن ئىلى ئىنقىلابى قوشۇنى جەڭ بىلەن شىخۇ ئارىلىقىدا بىر پەللە ئۇرۇشتى. مىنگونىڭ 20 - يىلى تاشقى موڭغۇلىيىدىكى قورۇن (ھازىرقى ئولانباتۇر) مۇستەقىللىق جاكالاپ قوبدانى بېسىۋېلىپ، ئالتاي (شۇ زاماندا تېخى شىنجاڭغا تەۋە ئەمەس ئىدى) ۋە شىنجاڭنىڭ چېگرا جايلىرىغا تەھدىت سالدى. ئۆلكە تەرەپتىن ئەسكەرلىككە ئادەم ئېلىپ قوشۇننى



كۆپەيتىپ ئالتايغا ياردەم بەردى ۋە گۇچۇڭغا قاراشلىق يەنخۇ، چاغانتوڭگۇ قاتارلىق جايلارنى مۇداپىئە قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ ھال ھەربىي خىراجەتنىڭ ئۇشتۇمتۇتلا كۆپىيىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى. ياڭ زېڭشىن مالىيە نازارىتىگە بۇيرۇق بېرىپ تاش مەتبەدە روسىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاق سوت قەغەزگە 400 داچەن (بىر سەر ساپ كۈمۈشكە باراۋەر) گە ئۆتىدىغان قەغەز پۇل باستۇرۇپ چىقىمىنى قامداشقا كىرىشتى. بازارلاردا بۇ پۇلنى «ئۆلكە تىزىسى» دەپ ئاتايتتى. شۇ ئەسنادا پۇل تېخىمۇ پاخاللىشىپ، قىممىتى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى. شىمالىي تەرەپلەردە ۋە ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا بىر سەر ئۆلكە تىزىسىغا ئاران 120 داچەن تېگىشىكلىك بولىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. پەقەت 3 مىسقال ساپ كۈمۈشكە باراۋەر بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭدەك قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە باج كىرىم شۇ يىللىرى تەخمىنەن 80 تۈمەن سەرگە چۈشۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ھەممىسى داچەن پۇل ئىدى. سابىق مالىيە نازىرى ۋاڭ شۇنەن بېسىپ تارقاتقان قەغەز پۇلنى «كونا خان تىزىسى» ۋە «قەشقەر تىزىسى» دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭ بازارلاردا ئېقىپ يۈرگەن سانى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باج كىرىمى سانى بىلەن ئومۇمەن تەڭمۇ-تەڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تىزىلار قانچە سەرلىك تىزا بولغان بولسا، شۇنچە كۈمۈش تېگىشىۋالغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى. قەشقەر تىزىسىنىڭ ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۈستى، چاررۇسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى روسىيە سودىگەرلىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆلكە تىزىسى ئېلىشنى رەت قىلدۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن

ئۆلكە تىزىسى قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى. پۇلنىڭ كۇرسى ئېغىر چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغلاردا 300 نەچچە سەر ئۆلكە تىزىسىغا ئىچكىرىنىڭ ئاران 100 سەر كۈمۈش پۇلىنى تېگىشكىلى بولاتتى. ئۈرۈمچىدىكى 3 پۇلخانىنىڭ شىنجاڭغا كېلىدىغان تەمىنات ياردەم پۇلىنى پىرېۋوت قىلىش كەسپىنى ئىشلەيدىغان پەيتىمۇ كېتىپ قالدى. چۈنكى ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىنقىلاپ قوزغىلىپ، ئۇرۇش تېخى توختىماي پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، پۇلخانىلار ئۈرۈمچىدىكى كەسپىي ئىشلىرىنى يۈرگۈزەلمەي، تيەنچىڭشىيالىڭ پۇلخانىسى بىلەن شىتۇڭچىلىك پۇلخانىسى ئەڭ ئاخىر بولۇپ كەسپىنى توختاپ قالدى. پەقەت ۋېيفېڭخۇ پۇلخانىسىلا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن سەرمايە توپلاپ، ئۆز تەشكىلىنى تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدا شۆبە بانكىسىنى قۇردى. مانا بۇ شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ بىرىنچى قېتىم يولغا قويۇلغانلىقى بولىدۇ. شۇ چاغلاردا قەشقەردە ئېقىۋاتقان كونا خان تىزىسى ناھايىتى ئىناۋەتلىك ئىدى. گايىدا قەشقەر تىزىسىنى تەڭگىگە تېگىشىش توغرا كەلسە، قەشقەر تىزىسىنىڭ ھەر 100 سەرىگە 5 سەر ئەتراپىدا ئۇستەك قوندۇرۇلاتتى. شۇڭلاشقا تىجارەت بانكىسى قەشقەر كونا شەھەردىمۇ تارماق بانكا قۇرۇۋېلىپ، پۇل پىرېۋوت قىلىش كەسپىنى يۈرگۈزدى.

شىبىنىڭ «شىنجاڭغا ساياھەت» خاتىرىسىگە يازغانلىرىدىن قارىغاندا، مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 7 -



ئايدا، ئۇ قەشقەر كوناشەرگە يېتىپ بارغىنىدا، مەزكۇر بانكىنىڭ باشلىقى ئۇنىڭغا: «بېيجىڭدىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدىم. جايلاردا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بوغۇلۇپ قاپتۇ. پۇل پىرېۋوت قىلىش ھازىرغىچە توختاپتۇ دېگەن. ئەھۋال شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ۋېيفېڭخۇ تىجارەت بانكىسىمۇ ئۆزىنىڭ تاقالغانلىقىنى جاكالىدى. پەنجيەنتىڭ جىڭلىنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ چاغلاردا ياڭزېڭشىن مەزكۇر بانكىغا 100 نەچچە مىڭ سەر پۇلنى مۇددەتلىك ئامانەت قويغان ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن تەڭ، جۇي شىڭيۈك، گۇڭجۈيچىڭ دەيدىغان دۇكانلارنىڭ خوجايىنلىرىدىن ئىبارەت تيەنجىنلىك بىرقانچە سودىگەرلەر مەزكۇر بانكىغا نەچچە ئون تۈمەن سەر قەرزدار بولۇپ قالغان ئىكەن. ياڭزېڭشىن ئۈرۈمچى ئامبىلى جاڭخۇالىڭغا بۇيرۇق بېرىپ، ئاشۇ بىر قانچە سودىگەرنى قاماپ قەرزنى تولەتتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئامانىتىنى تىرىلدۇرۇۋالغۇزماقچى بولغان. بۇ ئەنزە تاكى ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر سوزۇلۇپ ھەل بولمىغان.

ۋېيفېڭخۇ تىجارەت بانكىسى تاقالغىچە، جۇبيەن بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئۈرۈمچىدە پەيدا بولدى. بۇ بانكىنى شۈي شياۋجېن ئىسمىلىك ھەربىي كىشى قۇردى. باش بانكا بېيجىڭدا ئىدى. شاڭخەيدىكى شۆبە بانكىسى 1914 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان. بۇ بانكىلار يېڭى قۇرۇلغاندا، ئىچكى قىسمى يېڭى پۇسۇندا زىننەتلەنگەن. ئامانەت قوبۇل قىلىش كىنىشكىلىرىمۇ يېڭى نۇسخىدا ئىشلەنگەن بولۇپ، نۇرغۇن ئامانەت پۇل

جەلپ قىلغان ھەمدە 1915 - يىلى ئۆز ئالدىغا تىزا تارقات-
قان ۋە بۇ تىزىلار پۈتۈن شەھەردە ئاققان ئىدى. 1916 -
يىلى يۈەنشىكەي قوشۇنى روناق تاپقان ئىدى. شۈي شاۋجىن
4 - ئاي ئاخىرىسىدا ئۇشتۇمتۇتلا بېيجىڭدىن شاڭخەيگە كەلسە،
ئۇنى «شىمالىي مىلىتارىستلار ھوكۇمىتى ئۈچۈن پۇل تەييار-
لاشقا كېلىپتۇ» دەيدىغان گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ تىجارەتچى-
لەرنىڭ دىققىتى قوزغالغان پەيتتە 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى
مەزكۇر جژبيەن تارماق بانكىسى مەيجىيالى بانكىسىدىن ئال-
غان 5 تۈمەن دوللار قەرزنى بېرەلمەي قالدى - دە، بۇ خە-
ۋەر سىرتقا تارقىلىپ ئامانەت قويغۇچىلار ئۆز پۇللىرىنى بان-
كىدىن بەس - بەستە قايتۇرۇۋېلىش بورىنىنى چىقىرىۋەتتى.
بانكا ھەر قانچە ئامال قىلغان بولسىمۇ بۇ دولقۇننى پەسەيتەل-
مىدى. شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ ئارخىۋىدىن قارىغاندا،
1915 - يىلى 4 - ئايلاردا، مالىيە نازارىتىنىڭ ئۆلكىلىك
مەھكىمىگە سۇنغان جژبيەن بانكىسىنىڭ پاي چېكىنى ئېتىراپ
قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى ئالاقىسىدا قىسقىچە
مۇنداق دېيىلگەن: «بېيجىڭ جژبيەن بانكىسىنىڭ ئالاقىسىدا،
ليۈۋېنلۇڭنى شىنجاڭغا كېلىپ پاي توپلاپ بانكا تەسىس قى-
لىشقا تەيىنلەپتۇ. قوشۇمچە قىلىپ ئەۋەتكەن ماددىلارغا مالى-
يە مىنىستىرلىقى ئارقىلىق ئۇلۇغ زۇڭتۇڭغا مەلۇم قىلىپ تە-
ستىق سالدۇرغان خېتىنىڭ نۇسخىسى ئېلىنغان ئىكەن. ئۇنىڭدا
جژبيەن بانكىسىنىڭ جۇڭگو بانكىسىغا ياردەملىشىپ چېگرا
ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلە قۇدرىتىنى مىسلىسىز ئۇستۇرۇشنى مەق-



سەت قىلىدۇ...» دېيىلىپتۇ. بىز غەزنىدىن 3 تۈمەن 6 مىڭ
سەر كۈمۈش چىقىم قىلىپ، مەزكۇر بانكىنىڭ 5 مىڭ دانە
پاي چېكىنى ئالدىمىزغا تارتىشنى پىلان قىلدۇق. 5 مىڭ پاي
5 تۈمەن دوللارغا توغرا كېلىدۇ»، ۋاھاكازا.

يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ليۈۋېنلۇڭ 1911 - يىلى (شۈەنتۇڭ
3 - يىلى) ئۈرۈمچىنىڭ ئامبىلى ئىدى. شۇ يىلى يازدا، چىڭ
سۇلالىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىدىن زەيلەن (يىخېتۇەن
ئەنزىسى تۈپەيلىدىن شىنجاڭغا سۈرگۈن بولۇپ كەلگەن) دىگەننىڭ
پاھىشەسەتەگلىرى ئىشتىراك قىلغان ھاراق زىياپىتىگە قاتناش-
قانلىقى ئۈچۈن، شۇ چاغدىكى ئۆلكە ئەمىرى (مۇپەتتىشى)
يۈەنداخۋا ئوردىغا مەلۇم قىلىپ مەنسىۋىدىن ئېلىپ تاشلاپ
يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتكەن ئىدى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا،
ئۇ قانداق قىلىپ جژبيەن بانكىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئور-
نىتىۋالغانلىقى - تاڭ، 1915 - يىلى بېيجىڭ باش بانكىسى-
نىڭ تونۇشتۇرۇشىنى كۆتۈرۈپ شىنجاڭغا كېلىپ
مالىيە نازارىتى بىلەن ئالاقە باغلىدى. شۇ ۋەجىدىن
يۇقۇرقى پاينى ئالدىغا تارتىشتىن ئىبارەت ئىلتىماس
مالىيە نازارىتىدە تەكلىپ تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇنى
ئۆلكىلىك مەھكىمە تەستىقلىغاندىن كېيىن ليۈۋېنلۇڭ شۇ ئانلا
پاي پۇلىنى قولىغا چۈشۈرۈۋېلىپ، ئۈرۈمچىدە جژبيەن بانكى-
سىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ، ئۆزى باشلىق بولدى. بۇ
بانكىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى تېخى يولغا قويۇلماي تۇرۇپلا
1916 - يىلى بۇ بانكىنىڭ شاڭخەي شۆبىسىدىن ئامانەت پۇللار-

نى قايتۇرۇۋېلىش بورنى كوتىرىلىپ، ئىچكىرىدىكى باش ۋە تارماق بانكىلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن توختاپ قالدى. شۇ قاتاردا شىنجاڭ شوبىسىمۇ توزۇپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، بىر مەزگىلگىچە ئۈرۈمچىدە رەسمىلەشكەن پۇل مۇئامىلە ئورگىنى بولمىدى. مال باھاسى شىددەتلىك ئۆرلىدى. ئۆلكە تىزىسىنىڭ قىممىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى: بىر سەر ئۆلكە تىزىسىغا ئارانلا يۈز نەچچە داچەن تېگىشكىلى، 300 نەچچە سەر ئۆلكە تىزىسىغا ئىچكىرىدىن يۈز نەچچە سەر كۈمۈش دوللار پىرىۋوت قىلدۇرۇۋالغىلى بولىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغاچقا، پۇل مۇئامىلىسى بوغۇلۇپ قېلىپ، سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرىسىگە پۇل پىرىۋوت قىلىپ مال كەلتۈرۈشىگە ئېغىر قىيىنچىلىق تۇغۇلدى. سودىگەرلەر «پۇلنىڭ قىممىتى كېتىپ قالمىسۇن!» دەپ ھەر خىل يوللار بىلەن ھايانكەشلىك قىلدى. مەسىلەن: بىرىنچىدىن، نىكولاي سوممىسىنى سېتىۋېلىپ ئۇنى قەشقەر، ئىلى، تارباغاتايلاردىكى جۇڭگو - روسىيە ئىگىلىگىدىكى داۋشىڭ بانكىلىرىدىن يارچەنگە ئالماشتۇرۇۋالدى ياكى ئەجنەبىلەرنىڭ تاختىلانغان كۈمۈشلىرىگە ۋە ئالتۇنلىرىغا ئالماشتۇرۇۋالدى. ئىككىنچىدىن، ئۆلكە تىزىسىغا مالىيە نازارىتىدىن مالىيە مىنىستىرلىگى تارقاتقان گۈللۈك چەكنى زور مىقداردا سېتىۋېلىپ ياكى پوچتىخانىدىن ماركا سېتىۋېلىپ، پوچتا ئارقىلىق تيەنجىنگە پىرىۋوت قىلىپ كۈمۈش دوللارنىڭ باھاسى بويىچە ساتتى. يەنى 7 مىسقالدىن كوپرەك ئۆلكە تىزىسىغا بىر دوللارلىق گۈللۈك چەك ياكى ماركا سېتىۋېلىپ، ئۇنى تيەنجىندە



ئۆز قىممىتىگە تەڭ كۈمۈش دوللارغا سېتىپ قالتىس پايدا تاپتى. سودىگەرلەر بىرسى بىرسىنى دوراپ تيەنجىنگە بارغاندىن كېيىن قولىدىكى چەك - ماركىلارنى تېزراق پۇل قىلىش ئۈچۈن ھەتتا بىر نەچچە ھەسسە سۇندۇرۇپ سېتىشتىن باش تارتمىدى. ئىچكىرىدىكى ھوكۈمەت ئورۇنلىرى ئۆز جايلىرىدىكى گۈللۈك چەكنىڭ ۋە پوچتا ماركىسىنىڭ باھاسىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ «شىنجاڭدا ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدۇ» دىگەن تامغىنى چەك ۋە ماركىغا بېسىش يولى ئارقىلىق بۇ ھايانكەشلىك يولىنى چەكلىيەلىدى. ئۈچىنچىدىن، 1915 - يىلىدىن 1916 - يىلىغىچە (مىنگونىڭ 4 -، 5 - يىللىرى) ئۈرۈمچى بازىرىدا 7 - 8 مىسقال ئۆلكە تىزىسىغا بىر روبلى كېلەتتى. كېيىن روبلىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ بىر سەردىن ئېشىپ كەتتى. خاربىن، بېيجىڭ، تيەنجىن بازارلىرىدا بولسا بىر روبلى 6 موچەن كۈمۈش دوللارغا باراۋەر ئىدى. نەتىجىدە ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەر روبلى سېتىۋېلىشقا بەس - بەستە كىرىشىپ كەتتى. روبلى سودىسىنى كېلىشتۈرىدىغان بىدىكلەرمۇ پەيدا بولغان ئىدى. تۆتىنچىدىن، ئۆلكە تىزىسى بازارلارنى قاپلاپ كەتكەنلىكتىن، ھوكۈمەت ئۇنى قەشقەر تىزىسىنىڭ قىممىتىگە تەڭلەشتۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، سودىگەرلەرنىڭ ئۆلكە غەزنىسىگە 200 سەر ئۆلكە تىزىسى تاپشۇرۇپ، غەزنىدىن ھوججەت ئېلىۋېلىپ، قەشقەرگە بېرىپ، ۋىلايەت غەزنىسىدىن يۈز سەر قەشقەر تىزىسى ئېلىۋېلىشنى بەلگىلىدى. ئۆلكە غەزنىسى يۈز سەر ئۆلكە تىزىسىنى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ غەزنىسى

دىن ئېلىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن قالغان يۈز سەر پۇلنى ئۇلكە تىزىسىنى يىغىۋالغان ھېساپتا كورۇپ، پۇلنىڭ پاخاللىشىنى ئازايتىشقا سەرپ قىلدى. دىمەك، بىر ئۇلكىدە بىر ھوكۇمەت تارقاتقان تىزىنىڭ قىممىتى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىككى خىل بولۇپ قالغاچقا، چوڭراق دۇكانلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئولكە غەزنىسىگە بەش - بەستە، كوپلەپ ئولكە تىزىسى تاپشۇرۇپ، ئۇنى قەشقەر تىزىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئاندىن جۇڭگو-روسىيە ئىگىلىگىدىكى داۋشىڭ بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى ئارقىلىق تيەنجىنگە پىرىۋوت قىلىپ، ئۇ يەردىن كۆمۈش دوللارغا ئايلاندۇرۇش پىلەن شۇغۇللاندى. 1916 - يىلى ھوكۇمەت قوشۇنلارنى قىسقارتىپ، ھەربى خىراجەت چىقىملىرىنى بارا - بارا ئازايتقان ئىدى. سودىگەرلەر يەنە، ئولكىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىدىن يۈك - تىرە سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ، ئۇنى تيەنجىنگە توشۇپ، چەتئەل سودىگەرلىرىنىڭ ئېكىسپورت قىلىشىغا سېتىپ بەردى. نەتىجىدە، ئولكە تىزىسىغا ئاستا - ئاستا جان كىردى - دە، يۈز سەر قەشقەر تىزىسىغا ئاران 160 سەر ئولكە تىزىسى توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

روسىيەدە ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى كوتىرىلگەندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەممە كەسپىي ساھەلەر دولەت ئىگىلىگىگە ئوتكۈزۈۋېلىندى. ئىلى، تارباغاتاي ۋە قەشقەردىكى جۇڭگو - روسىيە ئىگىلىگىدىكى داۋشىڭ بانكىلىرى پۈتۈنلەي تاقالدى. مەزكۇر بانكىنىڭ باش بانكىسى ئوتتۇرا شەرق تومۇريولى ئىگىلىگى بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى مەزگىلدە فرانسىيە



مەبلەغ قوشقان ئىدى. شۇڭا بۇ پەيتتە، مەزكۇر بانكىنىڭ باش بانكىسى پارىژغا كوچۇپ كەتتى. بۇ بانكىنىڭ شاڭخەي، تيەنجىن، خەنكۇ قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلىرى ئىگىلىك ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە، روسىيەدە ئىچكى ئۇرۇش داۋاملىشىپ تۇرغانلىقتىن بۇرۇن شىنجاڭدىن روسىيەگە ئېكىسپورت قىلىنىۋاتقان ھەر خىل چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە پاختا قاتارلىقلارنى داۋاملىق ئېكىسپورت قىلىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن باھاسى چۈشۈپ كەتتى. سابىق ئىلى بانكىسىنىڭ دىرېكتورى سوۋۇرووۋ شاڭخەيگە كېلىپ، شاڭخەي بانكىسىنىڭ سارجا، سوكنا، تاۋار - دۇردۇن، تۇرلۇك يىپ گەزلىمە ۋە قاراچاي قاتارلىق ماللارنى سېتىۋېلىشى ھەمدە 50 دانە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، يۇقۇرقى ماللارنى شىنجاڭغا توشۇپ سېتىشى، ئۇنىڭ بەدىلىگە يەرلىك ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ، يەنە ئىچكىرىگە توشۇپ چەتئەللىك سودىگەرلەرگە سېتىشى توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇرۇمچىدە جۇڭگو - روسىيە ئىگىلىگىدىكى داۋشىڭ بانكىسىنىڭ شۆبىسىنى قۇرۇپ، بارلىق تىجارەت بانكىلىرىنىڭ كەسپىنى ئالدىغا تارتىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى بۇرۇنقىدەكلا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش خام خىيالىدا بولدى، بىراق، ئىش كوڭۇلدىكىدەك بولۇپ چىقمىدى. يۈك بېسىلغان ئاپتوموبىللار كوكخوت شەھرىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ماڭىدىغان يولى ئوتلاقتىكى قۇملۇق ۋە چول - جەزىرىلەرگە توغرا كېلىپ، ئاپتوموبىللار ماڭالمىدى. ئاندىن بۇ ئاپتوموبىللارنى

شاگخەيگە قايتۇرۇپ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋەتتى. ماللارنى
بولسا، توگە كىرا قىلىپ، 4 - 5 ئاي دىگەندە ئاندىن شىنى-
جاڭغا يەتكۈزۈپ كەلدى. پەقەت سوۋۇرۇۋ قاتارلىق بىرقانچە يې-
لەنلا 1919 - يىلىنىڭ باش كۈزلىرى ماشىنىدا كوكخۇت شەھ-
رىدىن چىقىپ، يول ئۈستىدە نۇرغۇن جەۋرى - جاپا تارتىپ،
80 نەچچە كۈندە ئاندىن ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. كېيىپلا
جۇڭگو - رۇسىيە تەۋەلىگىدىكى داۋشىڭ بانكىسىنىڭ شىنجاڭ
شۇبىسىنى قۇرۇپ ئىشقا كىرىشىۋاتقاندا، قىزىل ئارمىيە تەرىپى-
دىن مەغلۇپ بولغان ئاقگۇۋاردىيىنىڭ بىر قىسمى شىنجاڭ ئول-
كىسىگە قېچىپ كىرىۋالغان پەيتىگە توغرا كېلىپ قالدى - دە،
روبلى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلاندى. مەزكۇر بانكىغا ھىچكىم
ئىشەنمەيدىغان بولۇپقالدى. نەتىجىدە ئۇلار پۇل ئامانەت قو-
يۇش ۋە قەرز بېرىش كەسپىنى زادىلا قانات يايدۇرالماي، پە-
قەت پۇل پىرىۋوت قىلىش بىلەنلا ئوتتى. تاۋار ماللارغا چار-
ۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى تىگىشىش ئىشلىرىمۇ ئانچە ئوڭۇشلۇق
بولمىدى. شۇ يىلى قىشتا، يېڭى قۇرۇلغان بانكىغا ئېھتىياتسىز-
لىقتىن ئوت كېتىپ، كۈل بولۇپ تۈگەشتى. شۇ سەۋەپتىن شاڭ-
خەيدىكى سوۋۇرۇۋنىڭ ئورنىغا باشقا بىر كىشىنى ئەۋەتتى،
بىراق، ئۇ كىشىمۇ كەسپىي ئىشلارنى جانلاندۇرالماي، بانكىنى
يولغا قويۇپ 4 يىل ئوتمەيلا بانكىنىڭ تاقالغانلىقىنى جاكالى-
دى. شۇنىڭدىن كېيىن 9.8 يىلغىچە شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلە
ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان كەسپىي ئورگان بولمىغاچقا، كىشىلەر-
نىڭ ئائىلىسىگە پىرىۋوت قىلىدىغان ئاز ساندىكى پۇللىرىنى



پوچتىخانا قوبۇل قىلىپ بېجىرىپ كەلدى. شۇ مەزگىلدە، پو-
سۇلكا ماڭدۇرۇش كەسپى ناھايىتى تەرەققى تاپتى، ئادەتتىكى
سودىگەرلەر ۋە شەخسلەر ئولكە ئىزىسىغا پاختا ۋە باشقا ئە-
تىۋارلىق مەھسۇلاتلارنى مەسىلەن: بوكەن مۈڭگۈزى، تۈلكە،
سولەيسۈن تېرىسى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىپ، چەكلەنگەن ئېغىر-
لىقتا پارچىلاپ پوسۇلكا قىلىپ، پوچتىدىن ئىچكىرىگە ماڭدۇ-
رۇپ كۈمۈش دوللارغا ساتتى. ئاندىن لايىق تېپىلغان ماللار-
نى سېتىۋېلىپ شىنجاڭغا ئەۋەتىپ تىجارەت قىلدى - دە،
مۇشۇ يوللار بىلەن نۇرغۇن پايدا تاپتى. لېكىن پارچىلاپ پوچ-
تىغا سالغان پوسۇلكىلارنىڭ مىقدارى ئاز، ۋاقتى بەك ئۇزۇن
بولغاچقا سەرمايىنى تېز ۋە كوپلەپ ئوبوروت قىلالمىدى. بۇ-
نىڭ داۋامىدىن، ليۇۋىنلۇڭ قوشۇمچە يولغا قويغان يىڭىنى-
يۈي سودا دۇكىنى ئىچكىرىدىن تاشچاي قاتارلىق ماللارنى
ئەپكەلدۇرۇپ، تېرە - يۇڭ قاتارلىق چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلى-
رىغا تېگىشىپ ئىچكىرىگە يوتكەپ ساتتى، ئاندىن يەنە ئىچكىرى-
سىنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ چىقىپ ساتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر ۋا-
قىتتا پۇل پىرىۋوت قىلىش كەسپىنىمۇبىللە يولغا قويدى.بىراق، بۇ
مەخسۇس پۇل مۇئامىلە كەسپى ئەمەس ئىدى. 1928 - يىلى
جىن شۇرېن شىنجاڭغا ھوكۇمرانلىق قىلىپ ئۇزۇن ئوتمەي،
ھوكۈمەت تەرەپتىن يۈيشىن يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى (ساف-
سىنتورگ) نى يولغا قويدى. بۇ شىركەت تېرە - يۇڭ قاتارلىق
چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ تيەنجىنگە ئاپىرىپ ساتتى
ھەمدە ئاق ئورۇس، گىمىركىن بىلەن بىرلىشىپ ھوكۈمەت بىلەن

شەخسلەر باشقۇرغان قوزا كورپىسى شىركىتى قۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قوزا كورپىسىنى سېتىۋېلىش كەسپىنى مانوپولىيە قىلدى. بۇ كورپىلەر چەتئەللەردە قىممەتباھالىق ئىدى. تىيەنجىن-گە توشۇلغاندىن كېيىن، ئىنتايىن كۆپ پايدا تاپاتتى. 1930 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭدا يەنە ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلدى. بانكىغا سوڭ گوخۇا باشلىق بولدى. تۈگباۋ بانكىنىڭ مالىيە بۆلۈمىگە باشلىق (بەشى بو-غالتىر) بولۇپ بانكىنىڭ رەسمىي ھېساپ دەپتەرلىرى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ بانكا پۇل پىرىۋوت قىلىش، پۇل ئامانەت ئېلىش، قەرز بېرىش ئىشلىرىنى بېجىرگەندىن باشقا يەنە ئۆلكە غەزىنىسىنىڭ كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىردى. شۇنداق قىلىپ، 1931 - يىلى قەشقەردە شۆبە بانكا قۇرۇلدى. مانا بۇ شىنجاڭ ئۆلكىسىدە پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ دەسلەپ يولغا قويۇلغانلىقى ئىدى. بىراق، ئىش ئوڭدىن كېلىۋەرمىدى. قۇمۇل دىخانلىرى دەل شۇ ئەسنادا قوزغىلاڭ كۆتىرىپ جىن شۇرېن ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقتى. ئۆلكە تەرەپتىن قوشۇن ئەۋەتىپ باستۇرماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن شىنجاڭنى ئۇرۇش قاپلاپ، ھەربى خىراجەت كۆپىيىۋەردى. بۇ ھالەتنى ئۆلكە پۇلىنى كۆپلەپ بېسىپ تارقىتىش ئارقىلىق ئوڭشىماقچى بولدى. جىددى ئېھتىياجدىن چىقىش ئۈچۈن، تىزىنى 3 سەر-لىك، 5 سەرلىك ھەتتا 10 سەرلىكتىن قىلىپ باستۇرغان بول-سىمۇ، پۇلنىڭ قىممىتى كۈندىن - كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋەردى. ئىچكىرىدىكى يۈز سەر كۈمۈش دوللار پىرىۋوت قىلىش ئۈچۈن 1200 سەر-



دىن ئارتۇق ئۆلكە تىزىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئۆلكە غەزىنىسىدىن قەشقەرگە يۈز سەر قەشقەر تىزىسى پىرىۋوت قىلىش ئۈچۈن 160 سەر ئۆلكە تىزىسى تاپشۇرۇشقا توغرا كەل-دى، بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن بەلكى يەنە داۋاملىق ئۆسۈپ 300 سەرگە يەتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇمچى، ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا سودا شىركەتلىرى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا بانكىسى قۇرۇپ، پۇل پىرىۋوت قىلىش كەسپىنى يولغا قويغان ئىدى. شۇ چاغلاردا پەقەت قەشقەرلا تېچ ئىدى. ئاز سانلىق سودى-گەرلەر قەشقەرگە ئەۋەتىپ، مەزكۇر بانكا ئارقىلىق تىيەنجىنگە پۇل پىرىۋوت قىلاتتى. پىرىۋوت ھەققى تەخمىنەن 60 پىرسەنت-تىن ئارتۇق بولۇپ، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بوغۇلۇپ يۇقۇرى پەللىگە يەتكەن ئىدى.

1933 - يىلى 4 - ئايدا جىن شۇرېن قوغلىنىپ، شېڭ شىسەي تەختكە چىقتى. ئىلگىرى چىقىرىلغان ئىككى يېرىم مىسقاللىق پارچە تىزىنى 50 سەرلىك تىزىغا ئۆزگەرتىپ باس-تۇردى - دە، پۇلنى ئىنتايىن پاخاللاشتۇرۇۋەتتى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەيگە سوۋېت ھۆكۈمىتى قەرز پۇل بەردى. مالىيە نازىرى جۇبىڭ (يولداش ماۋزېمىن) مالىيە ئىشلىرىنى جىددى تەرتىپكە سېلىپ، سەرلەپ خەجلەيدىغان پۇللارنى دوللارغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ قىممىتى تەدرىجى يۇقۇرى كۆتىرىلدى. بازارلاردا پۇل مۇئامىلىسى بارا-بارا مۇقىملاشتى. گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەز-

گىلدە، مەركىزىي بانكا بىلەن دېخانلار بانكىسى شىنجاڭدا ئىل-
گىر - كېيىن بولۇپ تارماق بانكا قۇرغان ئىدى. فابى ۋە گوۋەن-
جىن دەيدىغان پۇللار شىنجاڭغا ئېقىپ كىرىشكە باشلاپ، پۇلنىڭ
قىممىتى بىر كۈندە نەچچە قېتىم تۆۋەنلەپ بازار سودىسى رەخت
ۋە تاشچاي باھاسى بويىچە يۈرگۈزۈلىدىغان بولۇپ قالدى.
تاماكا قايتۇرۇپ بېرىدىغان پارچە پۇلنىڭ ئورنىنى ئالدى.
تېزلار كېرەكسىز قەغەزگە ئايلاندى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆلكىلىك
بانكا ئۆزى قۇيدۇرغان كۈمۈش دوللارغا ئۆلكە تېزىسىنى تەڭ
قىممەتتە تېگىشىپ بېرىپ، ئۆلكە تېزىسىنىڭ ئىناۋىتىنى مۇس-
تەھكەملەشكە ئىنتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن تېگىشىشنى باشلىغان-
دىن كېيىن، تېزا كۆتىرىپ كېلىپ كۈمۈش دوللارغا تېگىشىۋال-
غۇچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى - دە، تېزىنى كۈمۈش
دوللارغا ئايلاندۇرۇۋېلىش دولقۇنى كۆتىرىلىپ كەتتى. تاكى
تېگىشىشنى توختاتقانغا قەدەر، كۈمۈش دوللار بىلەن ئۆلكە
تېزىسىنىڭ بازار باھاسىدىكى پەرقى يەنىلا تۈگەپ كەتمىدى.
شىڭشىسەي تەختكە چىقىپ تاكى ئازاتلىق ھارپىسىغىچە بول-
غان بۇ بىر مەزگىلدىكى ئۆلكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئەھۋالىنى
ئايرىم يېزىپ چىقىمەن.

يۇقۇرقىلار ئۆزەمنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمدىن
ئىبارەت بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەنچە يېزىۋەردىم، پايدىلانغايسىلەر.



# ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ترانسپورت باش ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى

پەن جژيى

ياڭزېڭشىن شىنجاڭغا ھوكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل-
دە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا سودىگەرلىرى بىلەن بىر قانچە قېتىم
سودا مۇئامىلىسى قىلغان ئىدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، بىر قېتىمدا
ئەنگلىيەدىن تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋالدى؛ يەنە بىر
قېتىمدا، ئامېرىكىدىن دودگې ماركىلىق ئاپتوموبىل سېتى-
ۋالدى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى ياڭخاڭ كوچىسىدا ئامېرىكا
سودىگەرلىرى ئاچقان بېلىۋە ۋالى نامىلىق بانكىلار بار ئىدى.
بۇ بانكىلار چەتئەللەرگە پۇل يىرىۋوت قىلىش ۋە ئىمپورت
ئۆچۈن مال زاكاز قىلىش ئىشلىرىنى بېجىرەتتى.

1925 - يىلى يازدا ئۈرۈمچىدىكى جۇڭگو - روسسىيە
داۋشىڭ بانكىسىنىڭ دىرېكتورى سوۋوروۋ ياڭزېڭشىنغا ئامېرى-
كىدا ئىشلەنگەن بىر كىچىك ماشىنا تەقدىم قىلدى. ياڭزېڭشىن
مۇشۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ نۇرغۇن قېتىم سەيلە - ساياھەتكە
چىققان ئىدى ھەمدە بۇ ماشىنىنى ئاساس قىلىپ، نەنگۇەندە
شوپۇر تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىپ شوپۇر تەربىيەلەشكە باشلىدى.

1926 - يىلى 5 - ئايدا، ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ
تەييارلىق باشقارمىسىنى قۇرۇپ، بۇرھان شەھىدىنى بۇ باشقار-

مىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى، بۇرھان شەھىدى مېنى بۇ ئىشقا تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوموبىل ئىدارىسىنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ۋە ماشىناخانىلارنى قۇرۇشقا كىرىشتۇق. بىناكارلىق چېرتيوژلىرىنى سىزىپ تەييارلاشقا ئاق ئورۇسلاردىن ئېنژېنېر راتچىنا تەكلىپ قىلىندى. چېرتيوژلار خەنزۇچە تەرجىمە قىلدۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش ئېلىپ باردۇق. لايىچىلىق ۋە ياغاچچىلىق ئىشلىرىنىڭ سۈرئىتى بەك ئاستا بولغاچقا، ئىككىنچى يىلى 7 -، 8 - ئايلاردا ئاران 16 ئېغىزلىق ماشىنا ئۆيى، ئىككى كورپۇس ئىشخانا ۋە ياتاق پۈتكۈزدۇق.

1927 - يىلى 8 - ئايدا، شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئاپتوموبىل ترانسپورت باش ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گېمىركىننى بۇ ئىدارىنىڭ دىرېكتورلۇقىغا، بۇرھان شەھىدىنى ياردەمچى دېرېكتورلۇققا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى قىشتا، تيەنجىنگە كىشى ئەۋەتىپ، ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن دودگى ماركىلىق ماشىنىدىن 15 نى ئالدۇرۇپ چىقتى. بۇ ماشىنىلار ئۈرۈمچى گۈچۈڭ ئارىلىقىدا يولۇچى ۋە يۈك توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى.

گېمىركىن — جۇڭگو تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ئاق ئورۇس بولۇپ ئەسلىدە بېلى بانكىسىنىڭ دىرېكتورى ئىدى. ئۇ مائارىپ نازىرى ليۇۋېنلوڭ بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتەتتى. پۇل پەرۋەت قىلىش، ئاپتوموبىل سېتىۋېلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە گېمىركىن قول سېلىپ ئىشلىدى. شۇ كەملەردە شو-



پۇر - مېخانىكىلارنىڭ تولىسى رۇسلاردىن بولغاچقا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنى دىرېكتورلۇققا تەيىنلەپ ئەۋەتكەن ئىدى.

ئاپتوموبىل ئىدارىسى تيەنجىن، خاربىندىن تەكلىپ قىلىپ ئىشقا قويغان ئاق ئورۇسلاردىن ئېنژېنېر راتچىنا، مېخانىك ئىۋانوۋ، ئەنزورگىن، شىمىت ۋە يورگىنىست، مومىن ئەپەندى قاتارلىق 6 - 7 كىشى بار ئىدى. شۇندىن كېيىن شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ قاتارلىق كۇرسانتلاردىن 30 نەچچە نەپەر شوپۇر تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. باش ئىدارە قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەن خوجىلىق بۆلۈم باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدۈم. يولۇچىلارغا ۋە يۈك - تاقلارغا كىرا بېلىتى سېتىش، پۇل يىغىش ئىشلىرىنى قىلدىم. مەندىن باشقا يەنە ۋاڭدېك، فۇسۇكىمىن ئىسىملىك ئىككى نەپەر خەنزۇ كاتى-ۋات ئىشلىرىنى قىلاتتى.

ئاپتوموبىللار دەسلەپتە گۈچۈڭدىن ئۈرۈمچىگە يولۇچى ۋە مال توشىدى. كېيىن يەنە تارباغاتاي بىلەن ئۈرۈمچى ئارىلىقىدا قاتنايدىغان بولدى. جەنۇبىي شىنجاڭغا ناھايىتى ئاز قاتنايتتى، چۈنكى ئۇياقلارنىڭ يوللىرى ناچار بولغاچقا، ماشىنا ئاسان كېرەكتىن چىقاتتى. ماشىنا بېلىتى باھاسى ھەر بىر ئۆتەڭگە بىر يولۇچى ئۈچۈن 8 مىسقال ھېساپلىناتتى. ئۈرۈمچىدىن گۈچۈڭگە 6 ئۆتەڭ ھېساپلىنىپ، ھەربىر يولۇچىدىن 4 سەر 8 مىسقال كىرا ھەققى ئېلىناتتى. شىگالى - يۈك - تاقلىرى ئۈچۈن كىرا ھەققى يېرىم باھا ئېلىناتتى.

ئاپتوموبىل ئىدارىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئىدى. ئىش ھەققى - تەمىناتى بىر

خىل ئەمەس، ئاق ئورۇس مېخانىكلىرىنىڭ ئىش ھەققى ھەممىدىن يۇقۇرى بولاتتى. ئۇلار ھەر ئايغا 180 سەردىن 120 سەرگىچە مائاش ئالاتتى. خەنزۇ خىزمەتچىلەرنىڭ ئەڭ يۇقۇرى مائاش ئالىدىغانلىرى 40 سەردىن ئاشمايتتى. شوپۇر تەربىيىلەش كۇرسىدىكى كۇرسانتلارنىڭ ئايلىقى 12 سەردىن 15 سەرگىچە ئىدى. كۇرسنى پۈتتۈرۈپ ئۇستا بولۇپ چىققاندا، ھەر ئېيىغا 60 سەر ياكى 80 سەر ئىش ھەققى ئالاتتى. شۇ چاغلاردا، شىنجاڭدا خەجلىنىۋاتقان ئۆلكە تىزىسىنىڭ بىر سېرىگە 400 داچەن ياكى بىر سەر ساپ كۈمۈش تەڭگىشىپ بېرىلەتتى. لېكىن تىزىنىڭ قىممىتى مۇقىم بولمىغاچقا، ھەر 3 سەر ئۆلكە تىزىسىغا بىر كۈمۈش تېگىشكىلى بولاتتى. مېخانىكلارنىڭ ئىش ھەققى پۈتۈنلەي كۈمۈش دوللار بويىچە ھېساپلىنىپ، ئۆلكە تىزىسىغا سۇندۇرۇپ بېرىلگەچكە، ئىش ھەققى سوممىسى ناھايىتى يۇقۇرى بولاتتى.

1928 - يىلى «7 - ئىيۇل» سىياسىي ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەندىن كېيىن (ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلگەن ۋەقەنى شىنجاڭدا 7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى دەپ ئاتايتتى) جىن شۇرېن تەختكە چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاتالمىش جۇڭگو - شۋېتسىيە ھەمكارلىقى يولغا قويۇلۇپ سۋېن ھېدىن باشچىلىقىدىكى گېئولوگىك تەكشۈرۈش ئۆمىكى شىنجاڭغا كەلدى. مەن بۇرھان شەھىدى بىلەن مەزكۇر ئۆمەككە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تاموژنى بېجىنى تەكشۈرۈش ۋە كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى قىلاتتىم. سۋېن ھېدىن: شىنجاڭدا ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى يولغا قويۇش



ئۈچۈن تاشيول ياساش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: شىنجاڭدا تاشيول ياساش قىيىن ئەمەس، يول چىڭداش ماشىنىسى (كاتوك) ھەممىدىن زورۇر. ھازىر گېرمانىيىدە يېڭىدىن ئىشلەنگەن يول چىڭداش ماشىنىسى بەك ياخشى دەپ تونۇشتۇردى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى توغرا تېپىپ، بۇرھان شەھىدىنى گېرمانىيىنىڭ سودا - سانائەت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش، يول ياساش ماشىنىلىرى سېتىۋېلىش ھەمدە يول ياساش مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

1929 - يىل كۈزدە، مەن بۇرھان شەھىدى بىلەن گېرمانىيىگە بېرىپ 3 يىل تۇردۇم. ھۆكۈمەتنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن شېرىت ئىسىملىك بىر كىشىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى 1930 - يىلى يازدا شىنجاڭغا باشلاپ كەلدۇق. ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ ئارىلىقىدىكى تاشيولنى ياساشقا كىرىشتۇق. شۇنىڭدەك گېرمانىيىدىن 4 دانە يول چىڭداش ماشىنىسى سېتىۋېلىپ كەلدۇق. تېخنىكنىڭ بىزگە ئىشلەپ بېرىش مۇددىتىنى 3 يىل قىلىپ توختاتتۇق. ھەر ئايدا 300 مارك ئىش ھەققى بېرىلەتتى. شۇ چاغدا بۇ پۇل جۇڭگونىڭ 300 كۈمۈش دوللىرىغا توغرا كېلەتتى. بۇ تېخنىك يول چىڭداش ماشىنىسىنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ھەيدىگۈچى شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە يول ياساش ئىشلىرىدىكى تېخنىكىلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا مەسئۇل بولدى. يول چىڭداش ماشىنىسىنىڭ ھەربىرسى 3.500 مارك، يەتكەش چىقىمى قوشۇلۇپ 4.000 ماركقا توختىغان ئىدى. تاشيول ياساشتا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى شاۋچاڭ دېگەن

ئادەمنى ئۇرۇمچى - گۇچۇڭ تاشيولىنى ياساشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى قىلىپ بەلگىلىدى. يىڭجاڭ (باتالىيون كوماندىرى) ئاداۋدىي، لىيۇجىيەنلەرنى يول ئاسراش ئۇچاستكىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ كۈچى بىلەن يول ياساش ئىشى باشلاندى. مانا بۇ شىنجاڭدا بىرىنچى قېتىم ياسالغان تاشيول ئىدى.



# مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭدا بولغان ئاغرىق - سالاق ۋە شۇچاغدىكى تىبابەتچىلىك - دورىگەرلىك ھەم سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى

جى لو

## 1. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭدا بولغان ئاغرىق - سالاق

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۇيخاننىڭ 25- يىلى (1899- يىلى) 5 ياشتىن ئاشقان ۋاقتىم ئىدى. ئاتا - ئانام بىلەن بىللە خوتەن يامۇلىدا ئولتۇرۇشلۇق ئىدۇق. ماڭا چېچەك چىقتى. دەسلەپتە بەدەنلىرىمگە نوقۇتتەك قىزىل مۇدۇر پەيدا بولدى. ئاندىن ئاستا - ئاستا قاپاردى. بىر قانچە كۈن ئوتتۇۋېدى، يىرىڭلاپ پۈتۈن بەدىنىمگە تارقالدى. چېچەك چىققاندىن كېيىن، ئويدىن سىرتقا چىقماي، ئەتىدىن-كەچكىچە كارۋات ئۈستىدە ھېلى ئۇيانغا، ھېلى بۇيانغا ئېغىناپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. ئاغرىق ئېغىرلاشتى. ھوشۇمدىن كېتىپ بىر قانچە قېتىم ئۆلگىلى تاس قالدىم.

شۇ ۋاقىتلاردا خوتەندە تېۋىپمۇ، دورىمۇ قىس ئىدى.

ئاتا - ئانام ئىت - ئىت بولۇپ، بىر تۇرۇپ ئىبادەتچىلىك
كىتاپلىرىنى ئاقتۇرسا، يەنە بىر تۇرۇپ شىپالىق رېتسېپ سۇ-
رۇشتۇرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئالدىغا كەلگەن دورىلارنى ئىچ-
كۈزۈۋەردى. ئاخىرى نىمە قىلىشىنى بىلمەي ئىسرىق سېلىپ،
ئىلاھىدىن شىپالىق تەلەپ قىلىشتى. 2 ئايدىن كۆپرەك ياتقى-
نىمدىن كېيىن، چېچەك يارىسى بارا - بارا قەقەش تاشلاپ
ساقىيىشقا باشلىدى. 3 ئايدىن كېيىن، ئاندىن ئورنىمدىن
تۇرۇپ كەتتىم. بىرلىق ئورۇقلاپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ
قالغانلىقىم ئۈچۈن، قېلىن كورپىدە ئولتۇرساممۇ كاسام ئاغرىيت-
تى. ھازىر ياۋا چېچەك تامامەن تىزگىنلەندى. لېكىن، يېرىم
ئەسىر بۇرۇنقى شىنجاڭدا بولسا، قانچىلىغان بالىلارنى ھايا-
تىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىنى كىم بىلسۇن؟

شۇ زاماندا، شىنجاڭنىڭ چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىدىمۇ
چېچەك چېكىش ئىدارىسى يوق ئىدى. شۇنىڭدەك، قاتناش
ئىشلىرى قولايسىز بولغانلىقتىن ئىچكىرىدىن ئەۋەتىلگەن چې-
چەك سۈيى ئۇزۇن ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەچكە قۇۋۋىتىدىن كېتىپ
قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ مىقداردا ئەۋەتىلمەيتتى. شۇسە-
ۋەپتىن چېچەك چېكىش ئىدارىسىدىكىلەر جۇڭگونىڭ قەدىمقى
ئۇسۇلى بويىچە، ئادەمنىڭ چېچەك يارىسىنى يەنى، ياۋا چې-
چەك يارىسىنىڭ قەقىشىنى چېچەك سۈيى قىلىپ ئىشلىتەتتى.
ئادەمنىڭ چېچەك قەقىشىنى ئىشلەتكەندە ھەرخىل كېسەللىكلەر-
نى پەيدا قىلىشتىن تاشقىرى يەنە خەتەر پەيدا قىلاتتى. شۇ-
نىڭدەك چېچەك چېكىش ئىشى ئومۇملاشمىغانلىقتىن، بالىلار-



نىڭ ئاتا - ئانىسى بالىلىرىنىڭ بىلىگىنى قەلەمتىراچ بىلەن
تىلىپ چېچەك چېكەتتى. بۇنىڭدا قاتتىق ئاغرىيتتى. ۋاھالەنكى
چېچەك چەككەندىن كېيىن ياكى چېچەك سۈيى قۇۋۋىتىدىن كې-
تىپ قېلىپ ياراشماي قالسا ياكى ئادەمنىڭ چېچەك قەقىشى-
دىن ئىشلەنگەن چېچەك سۈيىنى ئىشلىتىپ خېيىم - خەتەرگە
ئۇچرىسا ھەممىسىنى تەقدىرگە باغلاپ چېچەك چېكىش ئىدا-
رىسىغا بېرىشنى خالىمايتتى. شۇڭلاشقا چېچەك چېكىش ئىدارى-
سىنىڭ ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئەھ-
ۋال جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ ئېغىر ئىدى. دىمەك مىنگونىڭ
دەسلەپكى يىللىرىدا، شىنجاڭ بويىچە بالىلارغا پەقەت چېچەك
چېكىلمىگەن دېيىشكە بولىدۇ. بالىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى توغ-
رىسىدا بىرەر سانلىق مەلۇمات بولمىسىمۇ، لېكىن، ئىنتايىن
قورقۇنچلۇق ئىدى. شۇ چاغلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەر دىنىي
ئېتىقات مۇناسىۋىتى بىلەن، بالىلىرىغا چېچەك چىقسا «خۇدايىم
ساقلىسۇن» دەپ تىلىگەندىن باشقا، دورا - پۇرا ئىچكۈزۈپ
ئولتۇرمايتتى. شۇڭلاشقا ئاز سانلىق مىللەت بالىلىرىنىڭ ئۆ-
لۈش نىسبىتى خەنزۇلارنىڭكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ
ئۆزىگە خاس مىللىي ئىبادەتچىلىكى ۋە دورىگەرلىكى بار بولسى-
مۇ، بىراق ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى (بولۇپمۇ ئاياللار) پىرى-
خۇن - باخشىلارغا ئىشىنىپ، ئىبادەتچىلىككە ئىشىنەيتتى.
ئېسىمدە قېلىشىچە؛ مەكىتتە بىردولان يېزىسى بار، دولانلىقلار-
نىڭ تولىسى پېرە ئويناپ كېسەل كورۇشنى كەسىپ قىلىۋالغان-
لىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇلارنى دولانلار دەيتتى. دولانلارنىڭ

پېرە ئويناش ئۇسۇلى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى «داخان»لارنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. داپ چېلىپ، ئۇسۇل ئويناپ، بېشى ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشكەنگە قەدەر چۆگىلەيدۇ. بۇنداق ئۇسۇل بىلەن كېسەل داۋالاپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئەلۋەتتە. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى سىنىپلار تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ۋە سەھىيە دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. جامائەت تازىلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. تاكى ئاغرىپ ئۆلگەنگە قەدەر ھەممىنى تەقدىرگە باغلايتتى.

ياڭ زېڭشىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇپەتتىشى ئىدى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن يۈەن شىكەي ئۇنى شىنجاڭنىڭ بىرىنچى قېتىملىق دۇدۇلىقىغا قوشۇمچە ئۆلكە باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا ھۆكۈمرانلىق چوڭ ھوقۇقىنى 17 يىلدىن ئارتۇق ئىگەللىدى. ئۇ لاۋزىغا چوقۇنۇپ ئۇنىڭ تەلىماتىنى ئۆگىنەتتى. شۇنىڭدەك تىبابەتچىلىكتىن ئانچە - مۇنچە خەۋىرى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقىغا، تىبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئىدى. مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى 2 - ئايدا (1912 - يىلدىن 1913 - يىلغىچە) خوتەن، كېرىيە، لوپ ناھىيىلىرىدە ۋابا پەيدا بولغان ئىدى. دەسلەپ كېسەل تەگكەندە، كىشىنىڭ بېشى ئاغرىپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ، ئىشتىھاسى تۇتۇلاتتى. كەينىدىنلا قان سەپرا قىلاتتى ياكى ئىچى سۈرەتتى. بەزىلەرنىڭ بوينىغا، بىقىنىغا يارا چىقاتتى - دە، بىر - ئىككى كۈندىلا ئۆلۈپ كېتەتتى. شۇنىڭدەك، بىرەر ئادەمگە



كېسەل تەگسە، 3 - 4 كۈن ئىچىدىلا، پۈتۈن ئۆيدىكىلەرگە تارقاپ ھەممەيلەن ئۆلۈپ تۈگىشەتتى. يارىسى ئېغىز ئالغانلاردىن بەزەن بىرلىرى تەلىيىگە يارىشا ئۆلمەيمۇ قالاتتى. بۇ كېسەل دەھشەتلىك يۇقۇملۇق كېسەل ئىدىكى، ئۇنىڭ زادى قانداق كېسەل ئىكەنلىكىگە شۇ زاماندا ھېچكىم ئۇچۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ۋابا دەسلەپ يۈز بەرگەندە بىرەر جاي بىلەنلا چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، كارانتىن قىلىشتەك چارە - تەدبىرلەر قوللىنىلمىغاچقا بۇ كېسەللىك 3 ناھىيىگە يامراپ كەتتى.

مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلدىن 1917 - يىلغىچە) غا يەتكەندە، ۋابا كېسەللىكى بىلەن 10 تۈمەندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلگەن دېيىشىدۇ (ئەمما ھېچكىمشى تىزىملاپ كۆرگەن ئەمەس). بۇ كېسەلنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يۈننەن ئۆلكىسىدە يۈز بەرگەن يەل يارىسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال ئۆلكىلىرىدە پەيدا بولغان چوما كېسەللىكلىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى.

شۇ چاغلاردا، بۇ 3 ناھىيىدە چەتئەل مۇھاجىرلىرى بار ئىدى. خوتەن ناھىيىسىدە 400 دىن ئارتۇق ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى سودىگەرلەر (كۆپچىلىكى ھىندى ۋە ئافغانلار) 300 دىن ئارتۇق رۇسىيىلىك سودىگەرلەر (تولىسى رۇسىيە تەۋەلىكىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ئىدى) كېرىيە ناھىيىسىدە 60 تىن ئارتۇق ئەنگلىيىلىك، 400 دىن ئارتۇق رۇسىيىلىك سودىگەرلەر، لوپ ناھىيىسىدە 50 ئائىلىدىن ئارتۇق ئەنگلىيىلىك، 40 ئا-

ئىلىدىن ئارتۇق رۇسىيىلىك سودىگەرلەر بار بولۇپ ھەممىسى
قوشقاندا بىر مىڭكىشىدىن ئاشاتتى. چار رۇسىيىنىڭ قەشقەردە
تۇرۇشلۇق كونسۇلى قەشقەر دوتەيىنىڭ جىددى تەدبىر قوللى-
نىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئەمەلدار بولغانلار قاقتى -
سوقتى قىلىپ يالماپ يۇتۇشنىلا بىلگەچكە، بۇ ئىشقا كوڭۇل
بولمىدى. ئۇلار قىلاي دىسىمۇ كۈچى يەتمەيتتى. شۇڭا قۇرۇق
گەپ بىلەن ئوتكۇزۇۋەردى. كېسەل بارغانسېرى ئەۋج ئالدى.

مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) ئىلىدىمۇ ۋابا كې-
سەلى يۇز بەردى. كېسەللىك ئەھۋالى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 3
ناھىيىنىڭكىگە ئوخشايتتى. بۇ كېسەللىكنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭدىن تارقىلىپ بارغانلىقى ئېنىق. يولداش تۇڭ باۋنىڭ
ئېيتىشىچە: شۇ يىللىرى ئىلىدا ناھايىتى كوپ ئادەم ئولگەن
ئىكەن. ئولۇك ساندۇقلىرى قىس بولغانىنىڭ ئۇستىگە ئولۇك-
لەرنى قويۇشقىمۇ ئادەم تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان.
چاررۇسىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى رۇسىيىلىك سودى-
گەرلەرنىڭ كەينى - كەينىدىن ئولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ،
ئىلى دوتەيىنىڭ جىددى تەدبىر قوللىنىشىنى تەلەپ قىلسا، ئۇ-
نىڭغىمۇ كىشىنى قانائەتلەندۇرگىدەك جاۋاپ قايتۇرالمىغان
ئىكەن. رۇسىيىنىڭ قەشقەر ۋە ئىلىدا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرى
بۇ ئىشنى رۇسىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا مە-
لۇم قىلغاندا، رۇسىيە كونسۇلخانىسى بېيجىڭ تاشقى ئىشلار
مىنىستىرلىكىدىن ۋابادىن مۇداپىئە كورۇشنى تەلەپ قىلغان.
تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ياڭ زېڭشىنىڭ چاپسان بىر تەرەپ



قىلىشىنى ئۇقتۇرغان. تېلېگىراممىدا: رۇسىيە كونسۇلى قەشقەرە
ئىلى قاتارلىق جايلاردا كېسەللىك ئەۋج ئالغانلىقىدىن خە-
ۋەر تېپىپ، ئامال قىلىپ يوقىتىش ۋە تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. سىلەر مىللى تىۋىپلارنى ۋە دوختۇر-
لۇقتىن خەۋىرى باركىشىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تېزلىكتە تەكشۇرۇپ
چارلاپ ۋاقتىدا يوقىتىشىڭلار لازىم....» دېيىلگەن. بۇ كېسەل-
لىكنىڭ شۇنچە ئۇزۇن داۋام قىلغانلىقىنى يەرلىك ئەمەلدارلار بىلىپ
تۇرسىمۇ بىلمەسكە سېلىپ كارى بولمىغانلىقتىن، تاكى چەتئەللىكلەر
مەركىزىي ھوكۇمەتكە مەلۇم قىلىپ، ئۇيەردىن تېلېگىرامما كەلگەن-
دىلا ئاندىن ياڭ زېڭشىن كوڭۇل بولگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ
قانچىلىك ئىقتىدارسىز ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

ياڭ زېڭشىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تېلېگىراممى-
سىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەركەتكە كەلدى،
گاۋجۇنسۇڭ، گاۋخۇاتىڭ، ۋۇشۇ قاتارلىق 3 نەپەر تىۋىپنى تە-
يىنلىدى. ئۇلار 4 ئاتلىق ھارۋىغا كومۇلاچ دورا، تالقان دورا،
مەلھەم دورا ھەمدە ۋاباغا قارشى ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل مەخ-
سۇس دورىلارنى بېسىپ خوتەن قاتارلىق جايلارغا بېرىپ
ھەقسىز داۋالاشنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىش، داۋالىمىغاندىن
كورە، كېچىكىپ بولسىمۇ داۋالىغان ياخشىراقتەك كورۇنسىمۇ،
ئەمەلىيەتتە ھېچنېمىگە ئارا تۇرمىدى. پەقەت ئەمەلدارلارنىڭ
بۇ ئالۋىڭىنى ئوتكۇزۇۋېتىشىدىنلا ئىبارەت كولكىلىك بىر ئىش
ئىدى. ئات ھارۋىسى ھەر كۇنى بىر مەنزىل يول يۇرەلەيتتى،
ئۇرۇمچىدىن خوتەنگە 60 ئوتەڭ بولۇپ، يول ئۇستىدە ھايال

بولمىغان تەقدىردىمۇ 2 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. ئادەتتىكى چاغلاردا كىشىلەر ئۇ يەرگە 3 ئاي چامىسىدا يېتىپ بارالايتتى. شۇڭا، بۇ 3 تىۋىپ ئۇ يەرلەرگە يېتىپ بارغىچە، كېسەللىك ئوز كۈچىنى كورسىتىپ بولغان پەيتكە توغرا كەلدى. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەملەر ئولۇپ تۇگەپ بولاي دىگەندە يېتىپ باردى. بۇ 3 تىۋىپ ھەر ئايلىقىغا 80 سەردىن قەشقەر تىنزىسى ئېلىپ، يېرىم يىل لاغايلاپ يۈرۈپ دورا تارقىتىپ، 4 ئايغىچە تۇرۇپ ئىشىنى تۇگەتكەن بولدى. ياڭزېڭشىن ئوزىنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى بېيجىڭ ھوكۇمىتىگە مەلۇم قىلىپ، تۇترۇقسىز گەپلەر بىلەن ئىشىنى تۇگەتتى. يوللىغان مەلۇمات خېتىدە: «خوتەن ئامبىلى شىۋېنگاۋ، كېرىيە ئامبىلى پىڭسىجىن، لوپ ئامبىلى گۇيفىنلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاشۇ ناھىيىلەردىكى خەلقلەردىن ۋابادا ئولگەنلىرى كوپ بولغاندا بىر نەچچە تومەن، ئاز بولغاندىمۇ نەچچە مىڭغا يەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى.......» دېيىلگەن. بۇ مەلۇماتتا ۋابانىڭ پەيدا بولغان ۋاقتى، تارقىلىش ئەھۋالى، ئولگەنلەرنىڭ ھەقىقى سانى، ئالدىنى ئېلىش - داۋالاشتىكى كونكرېت چارىلار ئېنىق سوزلەنمىگەن ياكى بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى قانداق يوغۇشتۇرۇلىدىغانلىقى، شۇنىڭدەك بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالدىنى ئېلىش-داۋالاش پىلانلىرى ھەققىدە پىكىر قويۇلمىغان. ئىلىدىكى ۋابا توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ بولمىغان، پەقەت: «ئولكىمىزدە تىۋىپ قىس، تىبابەتچىلىكنى ئۇگەنتىش كۇرسى قۇرماقچى بولدۇق» دېگەننىلا ئېيتىپ قويغان. لېكىن ئۇ، بۇ دېگەنلىرىنى ئوز ۋاقتىدا ئەمەلدە كورسەتمىدى.



مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) 8 - ئايلاردا، ئۈرۈمچىدىمۇ ۋابا كېسەلى پەيدا بولدى، ناھايىتى تېز تارقىلىپ ھەممە ئويلەردە ئاغرىغانلار ۋە ئولگەنلەر بولدى. كوچىدا كېتىۋاتقانلار تۇيۇقسىزلا ھالسىزلىنىپ، يول بويلىرىدا يىقىلىپ چۈشكەن ئەھۋاللار كورۇلدى. ئاغرىقنىڭ خاراكتېرى خۇددى جەنۇبىي شىنجاڭدىكىدەك بولۇپ، باش ئاغرىيتتى، قىزىتما ئورلەيتتى، پۇت - قوللار جانسىزلىنىپ قىمىرلىغۇسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. شۇ چاغلاردا ئۈرۈمچىدىكى تىۋىپلار مۇنداق بىر نەچچە خىل كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئىدى. بىر خىلى ھوكۇمەت ئورگانلىرىدا ئىشلەپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا كېسەل كورىدىغانلار ئىدى. مەسىلەن: خې جۇچۇەن، سۇڭ يۇكۇي، سۇڭ شىنجۇ، گاۋجۇنسۇڭ، جۇچىڭچىڭ قاتارلىقلار. يەنە بىر خىلى تىبابەتچىلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان تىۋىپلار ئىدى (ئۇ چاغلاردا تەكشۇرۇشتىن ئوتكۇزىدىغان، گۇۋانامە بېرىدىغان تۇزۇملەر يوق ئىدى) مەسىلەن: ۋاڭ گوۋەنسەن، ۋاڭ خەندىڭ، چىن شاڭفۇ قاتارلىق تىۋىپلارنىڭ ئوزىمۇ ۋابا پەيدا بولغاندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن ئاغرىپ يىقىلدى. دورىخانىلاردىكى دوكانچىلارغىمۇ كېسەل تەگدى. شۇ چاغلاردا بىر قەدەر كاتتا جوڭيى دورىخانىلىرىدىن مەسىلەن: نىندېتاڭ، يۈەنتەيتاڭلار رېتسېپنى كوپرەك قوبۇل قىلاتتى. خېرىدارلار دورا سېتىۋالغىلى كەلسە، دوكانچى ۋە خوجايىنلار ئاغرىق دەردىدىن دورا تەڭشەپ بېرەلمەي، خېرىدارلارنىڭ دورىنى ئوزى تەڭشىۋېلىشىغا يول قويغان ئىدى. بۇنىڭدىن شۇ ۋا-

قىشتىكى ۋابانىڭ نەقەدەر دەھشەتلىك ئىكەنلىگىنى كورۇۋالى-
غىلى بولىدۇ. كېسەل يېنىكرەك تەككەنلەر ئولۇمدىن قۇتۇلۇپ قالات-
تى. كېسەل ئېغىرراق تەككەنلەر بىر نەچچە كۈندىلا ئولۇپ تۈگىشەتتى،
ئاغرىق پەيدا بولۇپ بىر ھەپتە ئىچىدىلا بازاردىكى ئولۇك ساندۇ-
دۇقلىرى سېتىلىپ تۈگىگەن ئىدى. ئۇرۇمچى گەرچە ئولكە مەر-
كىزى بولسىمۇ بۇ يەردە جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭ-
دىكى كېسەل تەككەن رايونلارغا ئوخشاشلا، كېسەلنىڭ ئالدىنى
ئالىدىغان ۋە داۋالايدىغان ئورگان يوق. ئولگەنلەرنىڭ سانى-
دىنمۇ ئىستاتىستىكا رەقەم يوق ئىدى. دىمەك مىنگونىڭ 7 - يى-
لى ئۇرۇمچىدە پەيدا بولغان كېسەلنىڭ زادى قانداق كېسەل
ئىكەنلىگىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ياڭزېڭشىن كېسەللىكنىڭ جىد-
دى يامراپ ئوزىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىغىغا كوزى
يەتكەندە ئاندىن پۇل ئاجرىتىپ، كوپلەپ دورا ئالدۇرۇپ،
ئولكىلىك مەھكىمىنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئالدىغا بىر قانچە داش-
قازان ئېسىپ دورا قايناتقۇزۇپ، يولدىن ئوتكەنلەرگە بىر تا-
ۋاقتىن ئىچكۈزدى، چوڭ-چوڭ دورىخانىلاردىمۇ دورا قاينىتىپ
كېسەللەرگە ئىچكۈزدى بۇ خىل داۋالاش چارىسىمۇ ئاز-تولا تە-
سىر كورسەتكەنلىكتىنمۇ، يىل ئاخىرلىشىپ قىشنىڭ سوغىغى كى-
رىش بىلەن تەڭ كېسەللىكمۇ ئاخىرلاشتى.

يولداش بۇرھان شەھىدىنىڭ ئېيتىشىچە: مىنگونىڭ 7 -
يىلى ئۇرۇمچىدە پەيدا بولغان ۋابا ئەسلىدە ماناستا داۋغان
(سۇغۇر) دىن پەيدا بولۇپ ئۇرۇمچىگە تارقالغان ئىكەن. جەنۇ-
بىي شىنجاڭدىكى كېسەللىكنىڭ چوما ئىكەنلىگى ياكى ئەمەسلى-
گىنى ھېچكىمشى مۇئەييەنلەشتۇرەلمىگەن. پىشقەدەم يىلكرۇسەي



ۋەيەندىنىڭ ئېيتىشىچە: گۇاڭشۇي خانلىغىنىڭ 21 - يىلى
(1895 - يىلى) شىنجاڭدا بىر قېتىم بوغما كېسەللىگى پەيدا
بولۇپ، تېز تارقاپ ۋە كېڭىيىپ مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ بو-
لۇپمۇ باللارنىڭ ئولۇمىگە سەۋەپ بولغان. شىنجاڭنىڭ ھاۋا
كىلىماتى قۇرغاق، قىش ئۇزۇن، ئاھالىسى ئاز ۋە تارقاق بول-
غاچقا قائىدە بويىچە يۇقۇملۇق كېسەل ئاسانلا ئەۋج ئېلىپ،
ئېغىر ئاپەت تۇغدۇرالماسلىغى لازىم ئىدى. بىراق ھوكۇمران-
لار كوڭۇل بولمىگەنلىگى ئۇچۇن، كېسەللىك تارقالغان پېتى
بىرقانچە يىلغا سوزۇلۇپ كەتكەن.

## 2. تىبابەتچىلىك كۇرسىنىڭ ئېچىلغانلىغى ۋە دوختۇرلۇقنىڭ شىنجاڭدا دەسلەپكى ئەھۋالى

مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) ياڭزېڭشىن ئۇرۇم-
چىدە تىبابەتچىلىك كۇرسى ئاچتى. كۇرس مۇدىرلىغىغا گاۋجەن-
سۇڭنى، ئوقۇتقۇچىلىققا سۇڭشىنجۇ، جۇچىڭچىڭ ۋە ليۇبايەنلەر-
نى، ئىمتىھان ئېلىش ئىشلىرىغا سۇڭيۈيكۇينى تەيىنلىدى. لا-
ۋازىمەت ۋە يۇگۇر - يېتىم ئىشلىرىغا بىردىن ئادەم بەلگىلىدى.
ئاز-تولا تىبىي بىلىمگە ئىگە ياشلاردىن 40 كىشىنى ئوقۇشقا
قوبۇل قىلدى. ئوقۇغۇچىلارغا ھەر ئايدا 10 سەردىن تۇرمۇش
ياردەم پۇلى، 6 سەردىن تاماق پۇلى بېرىپ تۇردى. چىراق،
ئوتۇن، كومۇر خىراجىتى ھوكۇمەتتىن بولدى. ئوقۇش باش-

لانغاندىن كېيىن، ھەركۈنى 6 سائەتتىن دەرس ئوقۇتتى. ئۇلار 3 يىلدا كۇرسنى پۈتتۈردى.

بۇ كۇرس يېڭىچىمۇ ئەمەس، كونىچىمۇ ئەمەس بولۇپ ھازىرقى جۇڭيى ئىنىستىتۇتىغا پەقەت ئوخشىمايتتى. يىڭنە بىلەن داۋالاش، تاشقى كېسەل ۋە بالىلار كېسەللىكى بۆلۈملىرى يوق ئىدى. مۇئەللىملىرى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەردىن بولسىمۇ، كەسپىي تىۋىپلەردىن ئەمەس ئىدى. دەرسلىك ماتېرىياللار چېن شۇيۈەن ۋە شۈي لىڭتەيلەرنىڭ تېبابەتچىلىك ھەققىدىكى ئەسەرلىرى، ۋاڭ رېنئەننىڭ رېتسېپلار ھەققىدىكى ئىزاھاتلىرى، مۇھىم دورا ئۇسۇملۇكلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر، ۋۇجۈيتۇڭنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر توغرىسىدىكى تەھلىلىدىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭيى تېبابەتچىلىكىگە دائىر تۆت چوڭ كلاسسىك ئەسەر، ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمى، كېزىك ھەققىدىكى پارچىلار، قەدىمدىن بويانقى ئۇسۇملۇك دورىلار توپلىمى قاتارلىقلاردىن پايدىلاندى. بۇلاردىن باشقا، ئاياللار كېسەللىكىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرى ھەققىدە، داۋالاش دىئاگنوزلىرى ھەققىدە، تېبابەتچىلىك ھەققىدە سوئال - جاۋاپلار، لى شىجېننىڭ تومۇر تۇتۇش ھەققىدىكى نەزەرىيىسىمۇ ئاساسىي ئوقۇتۇلىدىغان كىتاپلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ئومۇملاشتۇرۇلغان بۇنداق ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، كونىچە ئۇسۇللاردىن بىر ئاز ئالغا باسقان بولسىمۇ، ھازىرقى جۇڭيى ئىنىستىتۇتىدىكى تۈرلەر ۋە دوختۇرلۇقنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىگە سېلىشتۇرغاندا، ئىنتايىن قالاق ھېساپلىناتتى.



مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) كۇردا، ئوقۇغۇچىلار 3 يىلنى توشقۇزماي تۇرۇپ ئوقۇش پۈتتۈردى. ياڭزېڭشىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن 40 نەپەر ئوقۇغۇچىنى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى چوڭ - چوڭ شەھەرلىرىگە دوختۇر قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ كۇرس داۋاملاشتۇرۇلمىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار جايلارغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بىرىنچى شۇ يەرلەردىكى چېچەك چېكىش ئىدارىسىغا چۈشتى ھەمدە چېچەك چېكىشنى قوشۇپ ئىشلىدى، شۇ چاغلاردا پوچتا ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، چېچەك سۈيى ئىچكىرىدىن ۋاقتى - ۋاقتىدا كەلتۈرۈلگەچكە، ياۋا چېچەكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. يۇرت ئەھلىمۇ چېچەك چەكتۈرۈشكە بارا - بارا ئۆگىنىپ قالدى. خەنزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىلىرىغا چېچەك چەكتۈرەتتى. ئاز ساندىكىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى يەنىلا مىللىي داۋالاشقا ئىشەنمەي، بالىلىرىغا چېچەك چەكتۈرمەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە: مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) ئەتىيازدا، مەن ئاقسۇدا ئامبال ئىدىم. شۇ چاغدا، باش دوختۇر لۇ زېيتەن ھەر يىلى ئەتىيازدا، يېزىلارنى ئايلىنىپ يۈرۈپ چېچەك چېكەتتى. ئۇيغۇر قېرىنداشلار بالىلىرىغا چېچەك چەكتۈرۈشنى خالىمىغاچقا، لۇ زېيتەن يېزىنىڭ ئۇياق - بۇياقلىرىغا بېرىپ قويۇپلا قايتىپ كېلەتتى-دە، مۇنچە كىشىگە چېچەك چېكىلدى دەپ بىر پارچە رويخەتنى يوللىۋېتەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇ يېزىغا بارغاندا يۇرت ئاقساقاللىرى خەلق-

تىن پۇل يىغىپ، ئۇنىڭغا پارە بېرىپ چىچەك چەككۈزمەيتتى. شۇڭا لۇك زەيتەنىنىڭ رويخەت مەلۇماتى پۈتۈنلەي يالغان ۋە قۇرۇق رەسمىيەت ئىدى.

تىبابەتچىلىك كۇرسى شىنجاڭغا 40 نەپەر تىۋىپ يېتىشتۈرۈپ بەردى. ئۇلار جايلارغا بېرىپ ئاز - تولا تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كونا جەمئىيەتتە خەلق نامرات بولغاچقا، كېسەللىكنى داۋالىتالىغانلار ئانچە كوپ بولمىدى. شۇنىڭدەك جۇڭيى تىۋىپلىرى جەمئىيەتتە ئانچە ئېتىۋارلىق بولمىغانلىقتىن تىببىي كۇرسنى پۈتتۈرگەنلەرمۇ ئەپلەپ - سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈش يولىنى ئىزلەپ كەسىپ ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكىلەر نەچچە ئون يىلغىچە تىبابەتچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق ئۇسۇپ داڭلىق تىۋىپلاردىن بولۇپ يېتىشتى. شۇ كۇرستا ئوقۇپ چىققان چىن خاۋرەن، ليۇ شىڭۇ، چاڭ شەندا، جاڭ زىچاۋ، تيەن جىلىنلەر ئازاتلىقتىن كېيىنمۇ ئىزچىل تۈردە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى. ئۇلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك جۇڭيى دوختۇرخانىسىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا ئىشلەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى 60 - 70 ياشلارغا كىرگەن مۆيسىپىتلەر. قالغانلارنىڭ نەگدىن تولىسى ئۆلۈپ كەتكەن. يۇقۇرقى 5 دوختۇردىن باشقا، شۇ كۇرسنى پۈتتۈرگەن يەنە بىر خۇيزۇ تىۋىپ ھازىر تۇرپاندا.

ئىككىنچىدىن، مىنگونىڭ تۇنجى يىللىرى شىنجاڭدىكى غەربچە دوختۇرلۇقنىڭ دەسلەپكى ئەھۋالى ھەققىدە توختالماق-



چىمەن: گۇاڭشۇي خانلىقى دەۋرىدە چاررۇسىيىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىلىرىدا ۋە ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ كېسەللىكىنى كورىدىغان دوختۇرخانىلار تەسىس قىلىنغان ئىدى. غۇلجا شەھىرىنىڭ دوڭ مەھەللىسىدىكى كاتولىك دىنىي ئىبادەتخانىسىدا بېلگىيىلىك پوپ لياڭ مىندى كاتولىك دىنىنىڭ يەرلىك مۇرىتلىرىغا ۋە شەھەر ئاھالىلىرىغا چىچەك چېكىپ داۋالاپ قويياتتى. گۇاڭشۇي خانلىقىنىڭ 30 - يىللىرى (1904 - يىلى) بولساكېرەك. شۋېتسىيىلىك دىن تارقاتقۇچىلار قەشقەر كونىشەھەردە دىن تارقاتقان ۋە دوختۇرخانا ئاچقان ئىدى. غۇلجا ۋە قەشقەر شەھەرلىرى رۇسىيە بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ئۇ چاغلاردا سودا مۇئامىلە يولىغا قويۇلۇۋاتقانلىقتىن، خەلقلەر ياۋروپاچە داۋالىنىش ۋە ياۋروپا دورىلىرىنى ئىچىشنى ئانچە يات كورمەيتتى. شۇڭلاشقا بىر قىسىم ئۇيغۇرلار چەتئەل شىپاخانىلىرىغا بېرىپ داۋالىناتتى ياكى چىچەك چەكتۈرەتتى. مانا بۇ شىنجاڭنىڭ ئەڭ دەسلەپكى غەربچە دوختۇرلۇق ئىشلىرىنىڭ ئەھۋالى. ئۇ چاغلاردا ئۈرۈمچى تەرەپلەردە تېخى ياۋروپاچە شىپاخانىلار يوق ئىدى. تاكى 1917 - يىلى ئوكتەبىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلىنغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم ئاق ئورۇسلار شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پېتشىنكا ئىسىملىك بىر ئويلۇك رۇس بولۇپ، ئۇ ئەسلىدە رۇسىيىدە دوختۇرلۇق قىلغان ئىكەن. ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن دوختۇرلۇق قىلىپ كۈن كەچۈردى. دەسلەپتە، رۇسىيىلىك سودىگەر ۋە يەرلىك ئاز سانلىق ئۇيغۇر-

لار كۆپرەك بېرىپ داۋالاندى. بەلكىم شۇ مەزگىلدە بولسا كې-
رەك، ئۈرۈمچىدە خىرىستىيان دىنى ئۇيۇشمىسىدىكى ئەنگىلىيە-
لىك پوپ ماتخېيۇ دوختۇرلۇق قىلىپ كېسەل داۋالايتتى. ئۈ-
رۈمچىدە يەنە كاتولىك دىنىدىكى پوپ گېرمانىيىلىك شىپنايې-
مۇ كېسەل داۋالايتتى. شۇ چاغلاردا خەنزۇلاردىن غەرب دوخ-
تۇرلىرىغا ئىشىنىدىغانلار ئاز بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە مىللى
تېۋىپلارغا كۆرۈنەتتى. 1928 - يىلىغا كەلگەندە سېۋىن ھېدىن
ئېكىسپېدىتسىيە ئۆمىكى بىلەن كەلگەن شىۋېتسىيىلىك دوختۇر
خېمار، ياڭزېڭشىنىڭ باجىسى ليۇ رېنتەننىڭ ئىششىق كېسىلى-
نى داۋالىغاندىن كېيىن، ياۋروپاچە دوختۇرلۇققا خەنزۇلار
ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. 1931 - يىلى ئۈرۈمچىدىكى خى-
رىستىيان دىنىنىڭ ئىچكى ئۆلكە ئۇيۇشمىسىدىكى ئەنگىلىيىلىك
پوپ ماچېدى شاڭخەيدىن بىر چوڭ ئاپتوموبىلدا گەنسۇ
چېگرىسىدىكى ئوتلاق يولى بىلەن شىنجاڭغا كەلدى. ئۇنىڭ
بىلەن بىر قانچە مىسسيونېر (دىن تارقاتقۇچى)لارمۇ كەلگەن
ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن رەسمىي دوختۇر بولۇپ
ماتخېيۇ پوپ بىلەن بىرلىكتە دوختۇرلۇق قىلدى.

جىن شۇرېن ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە (1930 -
يىلدىن كېيىنكى يىللار) شىنجاڭدا ئۇرۇش يىللىرى بولدى.
شۇ چاغدا ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى ئىچىدە شىنجاڭغا قېچىپ ئۆت-
كەن ئاق ئورۇسلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئاق ئورۇس قوشۇ-
نى بار ئىدى. باش - ئاخىرى يوق داۋام قىلغان شۇ ئۇرۇش-
لاردا ئاق ئورۇسلار قوشۇنى خېلى جىق چىقىم تارتتى. بۇ-



لارنىڭ ياردار ۋە ئاغرىقلىرى ياۋروپاچە داۋالىنىشقا ئادەت-
لەنگەچكە، شۇ ۋاقىتتىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش كاتىۋى
تاۋمېنيوي قاتارلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاددى بولسىمۇ
بىر دوختۇرخانا قۇرۇپ ئالدىنقى سەپتە ياربىلانغان ۋە ئاغ-
رىغان كوماندىر، جەڭچىلەرنى داۋالىدى. بۇ دوختۇرخانىنىڭ
ئورنى ھازىرقى بېيىمىڭ دوختۇرخانىسىنىڭ ئورنىـ 1 ئىدى.
دوختۇرخانىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىداشىنكوۋ، شىبناي
ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دىنىي ئۇيۇشما پوپلىرىدىن ئىككى كى-
شىنى تەكلىپ قىلىپ ھەرقايسى بۆلۈملەرگە باش دوختۇرلۇققا
بەلگىلىدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلغانلىرىم ئۈرۈمچىدە بىرىنچى قېتىم
قۇرۇلغان دوختۇرخانىنىڭ ئەھۋالىدىن ئىبارەت. 4 نەپەر باش
دوختۇرنىڭ ھەممىسى چەتئەللىكلەر ئىدى، ۋاھالەنكى، ئىچكى
ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان ئەنگىلىيە تەۋەلىكىدىكى ئىككى
دوختۇر ئۇزاق ئۆتمەيلا كېزىك ساقىيالماي ئۆلۈپ
كەتتى.

ئاخىرىدا، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى شىنجاڭنىڭ
جۇڭيى دورىگەرلىكى ۋە ياۋروپاچە دورىگەرلىك توغرىسىدا توخ-
تىلىپ ئۆتىمەن. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەس-
لىدە بار بولغان تىبابەتچىلىكتە ۋە دورىگەرلىكتە قوللىنىۋاتقان
دورىلارنىڭ تولىسى تەييارلانمىغان خام دورىلاردىن ئىبارەت
بولۇپ، بەك ئاددى ئىدى. شۇڭلاشقا زوزۇڭتاڭ شىنجاڭغا لەش-
كەر تارتقاندا، ئۇلار بىلەن بىللە يۈرگەن دورىگەرلەر كومۇ-

لاش دورا، تالقان دورا، مەلھەم دورا ۋە ئوزۇق دورىلارنى كوپلەپ ئىشلەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خەنزۇلار توپلىنىپ ئولتۇرغان شەھەرلەردە جۇڭيى دورا دۇكانلىرى بارلىققا كەلدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئۈرۈمچىدىكى نىندېتاڭ، يۈەنتەيتاڭ دەپ ئاتالغان بىر قەدەر چوڭ دورا دۇكانلىرى گۇاڭشۇي خانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا شىنجاڭغا چىققان قوشۇنلار بىلەن بىللە چىقىپ بارا - بارا تەرەققىي تاپقان دۇكانلار بولۇپ، ئۇلار دورىخانىلىرىغا مەخسۇس تېۋىپ تۇرغۇزاتتى.

ياۋروپاچە دورىگەرلىك جەھەتتە، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، بېيجىڭلىق ماتىرىن ئۈرۈمچى شەھەر ئىچى داشىزىدا (ھازىرقى 1- ئامبولاتورىيىنىڭ ئورنىدا) دورىخانا ئېچىپ، دائىم لازىم بولىدىغان يۈرگۈن ياۋروپاچە دورىلارنى ساتاتتى. بۇ دورىلارنىڭ تولىسى چەتئەلدىن كەلتۈرۈلەتتى. ماتىرىن يەنە دورىخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە چاققان قىلىپ بىر دوختۇرخانا قۇردى. بىراق داۋالانغۇچىلار كوپ بولمىدى. ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك ماللاردىن، شىنجاڭغا ئېھتىياجلىق بولغانلىرىدىن پايدا تاپقىلى بولاتتى. بۇ شىنجاڭدىكى سودا ئىشلىرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن دۇكانلارنىڭ تولىسى چەرچىن ماللىرى بولغاچقا بەزى دائىم لازىم بولۇپ تۇرىدىغان تەييار دورىلار دورا دۇكانلىرى قۇرۇلماستىن بۇرۇنلا شىنجاڭغا كىرگەن ئىدى.

ئەمدى ھوكۇمەتنىڭ تىببىي دورىگەرلىكنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: مىنگونىڭ تۇنجى يىللى-



رىدىكى شىنجاڭ ھوكۇمىتى ئىنتايىن چىرىكلەشكەن، ئىقتىدارسىز ئىدى، خەلقنىڭ تىببىي دورىگەرلىك ۋە سەھىيە ئىشلىرىغا زادى كوڭۇل بولمەيتتى. شۇڭا تىببىي دورىگەرلىكنى باشقۇرىدىغان تۈزۈممۇ يوق ئىدى. كىمنىكى دوختۇر بولىمەن دىسە، سەھىيە تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە ئىمتىھانىدىن ئوتكۈزۈلمەيتتى، روخسەت خېتى ئېلىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. دورىگەرلىك ئىشلىرى بىلەنمۇ كارى بولمايتتى. رېتسىپلەر راست، دورىسى يالغان بولسىمۇ كارى بولمايتتى. مەس قىلغۇچى دورىلار بىلەنمۇ، قۇۋۋىتىدىن كەتكەن دورىلار بىلەنمۇ، ھەتتا زەھەرلىك دورىلار بىلەنمۇ كارى بولمايتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا خەلق ئاغرىق - سالاق بىلەن ئولسىمۇ، قاپاقۋاش دوختۇرلارنىڭ قولىدا ئولسىمۇ ھوكۇمەتنىڭ كارى بولمايتتى.

## 3. شۇ دەۋردىكى ئۈرۈمچىنىڭ تازىلىق ئەھۋالى

مىنگونىڭ دەسلىۋىدە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر تۈمەنگە يېقىن ئاھالە ياشايتتى. شەھەر ئىچىدە ئاران 3 يەردە توپلىشىپ يۇيۇنىدىغان كىچىك كولچەك مونچا بار ئىدى. پەقەت بىر يەردىلا بىر قانچە ۋاننا بار ئىدى. خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مونچا يوق ئىدى. مۇشۇ 3 يەردىكى مونچىنىڭ خېرىدارلىرىمۇ پەقەت كاتتا سودىگەرلەر بىلەن ھوكۇمەت خىزمەتچىلىرىدىن ئىبارەت ئىدى. ئادەتتىكى ئاھالىلارنىڭ ئويلىرىدە يۇيۇنۇپ-تارىنىدىغان ئۇسكۈنىلىرى يوق ئىدى،

ئۇلار مونچىغىمۇ بارمايتتى، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى ياز
كۈنلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە يۇيۇنۇپ قوياتتى. مۇتلەق كۆپچىلى-
گى يىل 12 ئاي يۇيۇنمايتتى.

ئادەتتىكى ئاھالىلار، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەت-لەر سوغاق سۇ ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئۈرۈمچى شە-ھەر سىرتىدا ئاساسەن خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاش-قان بولۇپ ئۇلار دىنىي ئېتىقات بىلەن شەخسى تازىلىققا بىر-قەدەر دىققەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇش ئۇسۇلى بىرسى سە-راپ، بىرسى پارمونچا ئىدى. بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈرك مونچىسى دەپ ئاتايتتى. شۇ كەملەردە نەنلياڭ تەرەپلەردىكى رۇسىيىلىك سودىگەرلەرنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدە يۇيۇنۇش ئۆيلىرى بار ئىدى. شەھەر سىرتىدا بىر نەچچە تۈمەن ئاز سانلىق مىل-لەت خەلقى ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ پار مونچىسى پەقەت بىرلا ئورۇندا بار ئىدى. كونىچە سەرراپلارمۇ بىر ئىككى يەردىلا بار ئىدى، دېمەك شۇ چاغلاردا ئازسانلىق مىللەتلەر دائىم ۋە ئومۇمىيۈزلۈك مونچىغا كىرىپ يۇيۇنمايتتى.

مۇھىت تازىلىقىنى ئالساق تېخىمۇ ناچار ئىدى. مىنگو-نىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئۈرۈمچىدە تازىلىق قوشۇنى يوق ئىدى. ئاھالىلارنىڭ ئەخلەت - سۇپرەندىلىرى، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرىدىكى ئەخلەت، كۈللەر كوچىلاردا دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. كۆز ۋاقتىدا قوغۇن-تاۋۇز شاپاقلىرى ۋە مېۋە شۆپەكلىرى كو-چىلاردا دۆۋىلىنىپ سېسىپ كېتەتتى. قاساپلار كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىغا كانارا قۇرۇپ قوي - كالىلارنى كوچىدىلا سويۇپ،



ئېسىپ ساتاتتى. ئۈچەي- قېرىنلارنى شۇيەردىلا ئادالايتتى. قاس-ساپ دۇكانلىرىنىڭ ئەتراپىدا لالما ئىتلار ئولىشىپ، تاشلان-غان بەزلەرنى تالىشىپ خىخىرىشاتتى. ئۇچاغدىكى قاتناش -تىر-انسپورت قورالى، ئاساسەن ئات ۋە خېچىر قوشىدىغان ئىك-كى چاقلىق ياغاچ هارۋا ئىدى. شەھەر ئەتراپىدىكى يۈزلىگەن هارۋا دەڭلىرى بولغاچقا كوچا يوللىرى بىر قەۋەت تېزەك بىلەن كۆمۈلۈپ تۇراتتى. هارۋا دەڭلىرىدە قىغ دېگەن تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتەتتى. هاۋا بىرئاز ئىسسىغاندىلا چىۋىن قاينايتتى. ئۈرۈمچىدە قىش ئۇزۇن، قار كۆپ چۈشەتتى. كوچا - كوچى-لاردا دۆۋىلىنىپ ياتقان قارلارنى سۈپۈرۈشكە ئادەم چىقمايتتى، ئادەم ۋە ئات، ئۇلاغلار دەسسەپ چىڭدىۋېتەتتى، قىش كۈنلىرى هەممە ئائىلىلەرگە كۆمۈر كېرەك بولغاچقا، كۆمۈر هارۋىلىرى كۆپ بولاتتى. 4 ئاتلىق هارۋىلارغا بىريېرىم توننا كۆمۈر بې-سىپ كوچىمۇ - كوچا يۈرۈپ بازار ئىزلەپ ساتاتتى. شۇنداق بولغاچقا بۈگۈنى ياققان قار شۇ كۈنى چىڭدىلىپ، ئەتىسى ياققان قار ئەتىسى چىڭدىلىپ، قاتمۇ - قات مۇزلاپ ئەتىياز كىرگىچە بىرەر گەز قېلىنلىققا يېتىپ باراتتى. شۇڭلاشقا قىش كۈنلىرى ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا يۈرۈش تەس ئىدى. كوچا ئاھالىلىرى يۈندىنى دەرۋازا ئالدىغا توكەتتى، ئەخلەت - چاۋا-لارنى دەرۋازا سىرتىغا تاشلايتتى - دە، ئەتىياز كىرىش بى-لەن مۇزلار ئېرىپ، يوللار پاتقاقچىلىق بولاتتى، پاتقاقتا تېيىلىپ، پۇت پېتىپ قېلىپ ماڭغىلى بولمايتتى. «توگىنىمۇ چوكتۇرۇۋېتىدۇ» دەيدىغان سوزلەر مۇبالىغە ئەمەس ئىدى.

ئىككىنچىدىن، سېسىقچىلىق بولۇپ كېتەتتى.

ئۈچىنچىدىن، مىكروپلار ئەدەپ كېتىپ، ئاسانلا كېسەللىك پەيدا بولاتتى.

ئۇ ۋاقىتتا ئۆلكە مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىنىڭ ھالى شۇنچىلىك بولغان يەردە باشقا شەھەرلەر قانداق بولماقچى؟ شۇڭلاشقا ئاغرىق - سىلاقنىڭ كۆپ بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

خوش! ئۆتمۈشنى ئەسلەپ بۈگۈنگە نەزەر سالساق، نە-ربىمىز قىرىق نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. لېكىن شۇ زاماننىڭ قالاقلىقىنى ھازىرقى ياشلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

1964 - يىل 5 - ئايدا يېزىلدى

تەرجىمە قىلغۇچى كې پېيلىن



# شىنجاڭ - سۇيۈەن شىركىتىنى ئەسلەش

گوڭ بىچىڭ

40 نەچچە يىلدىن بۇيان غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ قاتناش - ترانسپورتىدا، شىنجاڭ - سۇيۈەن - شىن-سۇي ترانسپورت شىركىتىنىڭ مەلۇم تۆھپىسى بار. ئەگەر ئازادلىقتىن كېيىنكى 14 يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىياتى بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. ئەمما شۇ چاغدا شىنجاڭ - سۇيۈەن ئوتتۇرىسىدا قاتنىغان ئاپتوموبىللار يولۇچى ۋە ماددى ئەشيالارنى توشۇپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى.

## 1. شىن-سۇي شىركىتىدە ئاپتوموبىل قاتناشتىن بۇرۇنقى غەربىي شىمالنىڭ قاتناش ئەھۋالى

40 نەچچە يىل بۇرۇن، ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا قاتنايدىغان يول ئىككى ئىدى. 1 - شەنشى، گەنسۇ ياكى چىڭخەيدىكى ھارۋا يولى، يەنى زوزۇڭتاڭ، ليۇجىنتاڭلارنىڭ ئەسكەر

باشلاپ چىققان يولى. 2 - تاشقى موڭغۇلىيە ياكى سوۋېيۇەن،
نىڭشادىكى چوڭ - كىچىك ئوتلاقلاردىن ئۆتكەن توگە يولى
ئىدى. موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چوڭ
ئوتلاق ئۈزۈلۈپ، ئادەتتە كىچىك ئوتلاقتىن ماڭىدىغان بولدى.
شۇ چاغلاردا مەيلى سودىگەر، يولۇچى يۈك - مال توشۇش بول-
سۇن بىر نەچچە ئاي يول يۈرۈپ يول ئازاۋى - گور ئازاۋى
بولغان ئىدى. بەزى چاتاقلارغا دۇچ كەلسە، ۋاقىت ئېچىمۇ
ئۈزۈراپ، بەزىدە تولۇق بىر يىل يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدا، ھەرقاي-
سى ئۆلكە ئۆز ئالدىغا خەلقنى ئېزىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىل-
سا، سىرتقا قارىتا باشقا ئۆلكىلەرنىڭ زېمىنىنى بولۇۋېلىشنى
ھەمدە كىشىلەرنىڭ بېرىش - كېلىش مەسىلىسىدە قامال قىلىشنى
قەستلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىيەتچى ھوكۇمەت نەپ ئې-
لىش ياكى خەلق مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بىلەن يوقۇرى
ئەمەل ۋە ئۈستۈن تەمىناتقا ئېرىشەتتى. «دولەت ۋە خەلق
ئۈچۈن» دىگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

جاھانگىرلار ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت، غەربىي شىمال-
دىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە، بولۇپمۇ شىنجاڭغا كوز تىككەتتى.
ئۇلار ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق
مەقسىدىگە يەتمەكچى بولاتتى. ئۆتمۈشتىكى ستەيىن
قاتارلىقلار ئارخېئولوگىك تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ،
جۇڭگونىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى بۇلاپ
كەتتى. بۇنىڭ ئارقىدىنلا سۋېن ھېدىننىڭ ئاسارە - ئەتىقىلەر-



نى تەكشۈرۈش ئۆمىكى، جۇڭگو - فرانسىيە تەكشۈرۈش ئۆمەك-
لىرىنىڭ ھەممىسى باشقىچە نىيەت بىلەن كېلىشىپ، جاھانگىر-
لارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق،
مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇلىماقچى ياكى جۇڭگو خەلقىنىڭ
قان - تەرىنى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى تالان - تاراج قىل-
ماقچى. جاھانگىرلار خېلى بۇرۇنلا جۇڭگونىڭ غەربىي شىما-
لىدىكى قاتناش - ترانسپورتنى قولغا چۈشۈرۈشنى كوزلەيتتى.
ئەنگلىيە، ئامېرىكا جاھانگىرلىرىنىڭ ماشىنىلىرى جۇڭگونىڭ
ھەر قايسى جايلىرىدا بازىرىنىڭ ئىتتىك بولۇشى، فرانسىيە
جاھانگىرلىگىنىڭ كوزىنى قىزارتىپ قويياتتى. شۇڭا ئۇ جۇڭگو-
نىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ بوشلۇقنى كورۇپ، پۈت تىقىشنى
ئويلىدى. ۋەتەن خائىنى ۋاڭ جىڭۋېي باشچىلىغىدىكى ھوكۇمەت،
فرانسىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ئالدامچىلىغى ۋە بېسىمى ئاستىدا،
مىللىي مۇناپىق جۇمىنيىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن، جۇڭگو-
فرانسىيىنىڭ غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى
تەشكىل قىلىنىپ، غەربىي شىمالنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدە
ماشىنا بىلەن يۈرۈپ، خېرىدار تېپىشنى پىلانلىدى. ئەنگلىيە
جاھانگىرلىكى ئەلۋەتتە كېيىن كەلگەنلەرگە يول قويمايتتى.
ياڭ زېڭشىنمۇ چەتئەللەرگە يول قويۇپ بىرەر بالا - قازاغا
يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، ھەر خىل ئاماللارنى ئىشلىتىپ
كۆچەپ رەت قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە: 1928 - يىلى باھاركۈن-
لىرى شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى جاڭ ۋېيگاۋنىڭ
ئۆيىدە ئېنگلىزچە بېسىلغان «شىن - سۇي ئاپتوموبىل قاتناش

پىلانى» نىڭ لايىھىسىنى كۆرگەن ئىدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ پىلاننى ئۆز ۋاقتىدا ياڭزېڭشىن كۆرگەن، شۋېتسىيىلىك سۇدبان دېگەن كىشى ئېلىپ كەلگەن. بۇ شۋېتسىيىلىك زادى قايسى جاھانگىرنىڭ غالچىسى ئىكەنلىكىنى سورىمىغان ئىكەنمەن. كېيىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا ياڭزېڭشىن بېشىنى لىڭشىتىپمۇ قويمىغان. شۇ يىلى ئىيۇل ئايلىرى ئىچىدە ياڭزېڭشىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جىن شۇرېن تەختكە ئولتۇردى. غەربىي شىمالغا قاتناش يولىنى تۇتاشتۇرۇش ئىشىنى مەلۇم كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، جىن شۇرېن، ئىچكىرى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئاجرىلىپ تۇرۇش شىنجاڭغا ۋە ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، ئەجنەبىلەر ۋە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت كېلىپ بۇ ئىشنى باشقۇرسا، جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، جۇبىڭنىڭ شىن - سۇي شىركىتى قۇرۇشىغا يول قويدى.

## 2. شىن - سۇي شىركىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە ئىشلەش دائىرىسى

جۇبىڭ بۇرۇن ياڭزېڭشىننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «ئاق كۆڭۈل، ئېھتىياتچان» بولغانلىقتىن ياڭزېڭشىن بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. جۇبىڭ كۆپ يىللىق خىزمەت جەريانىدا بىر ئاز پۇل توپلاپ ھەمدە بىر ئاز قەرز پۇل ئېلىپ، ئۈرۈمچىدە بىر كىتابخانا ئېچىپ، مەدەنىي بۇيۇملار، كىتاب - سۈرەت ۋە كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر تىجارىتى قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ تىجارىتىنى ئۈرۈمچىدىكى 8 چوڭ



سودىگەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، مال يۆتكەش مەسىلىسىدە ئۇلار بىلەن ئوخشاشلا باش قاتۇراتتى. قانداق قىلغاندا مال يۆتكەشنى تېزلىتىپ، ۋاقىتنى قىسقارتىش بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك پايدا ئېلىشنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا ئويلىغان ئىدى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن بۇيان، ئۇ، سودا - سېتىقتا پۇل بىلەن ھېساپلاشماي، خېرىدارلارنىڭ كۆڭلىنى ئىستەيتتى. بەزىبىر شىنجاڭدا ئۇزۇن يىل «ئەمەل تۇتقان» كىشىلەر يىققان پۇللىرىنى ئۇنىڭغا ئامانەت قويۇپ، پايدا ئالاتتى. ئۇمۇ بۇ پۇللار بىلەن دەسمايىسىنى تولدۇراتتى ۋە تىجارىتىنى تەرەققىي قىلدۇراتتى. ئۇ ئىچكىرىدىن مال يۆتكەشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، 8 چوڭ سودىگەرگە ئوخشاش تيەنجىندە ئىش باشقۇرۇش ئورنى قۇردى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكىرىگە ئادەم ئەۋەتكەن ھەر خىل پۇرسەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بېيجىڭ، تيەنجىنلەرگە بېرىپ، نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى، كۆرگەن - بىلگىنى ئارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابخانىسىنى شىركەتكە ئۆزگەرتىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتتى. جىن شۇرېن ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈردى. نىڭشيادىكى ماخۇڭكۇي، چىڭخەيدىكى مابۇفاڭ ۋە سۈييۈەندىكى فۇزۇيىلارنىڭ ماقۇللۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، شىن - سۇي ئاپتوموبىل شىركىتىنى قۇرۇپ، ئاپتوموبىل قاتنىشى بىلەن شۇغۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ - سۈييۈەن ئارىلىقىدا بېرىش - كېلىش يولغا قويۇلۇپ، غەربىي شىمالدىكى قاتناش ترانسپورتىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

شىن - سۇي شىركىتىنىڭ دەسلەپكى پىلانىدا ئاچماقچى بولغان يول لىنىيىسى ئىككى بولۇپ، بىرسى: قۇمۇلدىن تارتىپ مېڭشۇي ئېرلىزى ئارقىلىق يەنخەي، سەندەنمياۋ، بەيلىڭمياۋلاردىن ئۆتۈپ سۇيىيۇەنگىچە ئىدى. يەنە بىرسى قۇمۇلدىن باشلىنىپ جۇچۇەن، جاڭيې، ۋۇۋېي، لەنجۇلاردىن ئۆتۈپ شىئەنگە باراتتى. مۇھىم نۇقتىنى سۇيىيۇەنگە بارىدىغان لىنىيىگە قويۇپ، كېيىن ئىككىنچىسىنى تەك ئېلىپ بېرىپ، ئارىلىقتىكى قۇمۇلدىن، ئېرلىزى دەرياسىدىن جيۇچۇەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بەزىبىر ئۆزگەرتىشلەرنى كىرگۈزدى. قۇمۇل، جيۇچۇەن، سۇيىيۇەن، لەنجۇ ۋە شىئەنلەردە مەخسۇس بېكەتلەر، مەخسۇس باشقۇرغۇچىلار يوق ئىدى. كېيىنچە، تىجارەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن لەنجۇ، شىئەن ئىككى ئورۇندا شوبە شىركەتلەرنى قۇرۇپ، تيەنجىندىكى شىركەتلەر بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشتى. جۇڭيىڭ، شىركەتتىكى ئىشلار ئالدىراش بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ، يالغۇز بۇ شىركەتكە جىڭلى بولۇپ، شىنجاڭ-تيەنجىن ئوتتۇرىسىدا قاتناپ يۈردى.

قاتناش قوراللىرى جەھەتتىن، خاتىرەمدە قېلىشىچە، ئىككى تەرەپتىن ئىجارىگە سېتىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. دەسلەپتە ئىشلەتكەن ئاپتوموبىللارنىڭ تولىسى فورت، دودگې ماركىلىق بولۇپ، كېيىن شوفىلەننىمۇ ئىشلەتتى. ئىجارىگە سېتىۋېلىش ئورنى، دەسلەپتە تيەنجىن، كېيىنچە شاڭخەيگە يۆتكەلدى. دەسلەپتە قاتناشقان ماشىنىلار 10 دانە، قىسمەن ۋاقىتلاردا 20 گە يېتەتتى. شىركەت ئىچىدە ئادەتتىكى تىجارەتچى خا-



دىملاردىن باشقا، تېخنىكلارمۇ بولۇپ، مەخسۇس خىللاپ سېتىۋېلىشقا، تەكشۈرۈپ ئوتكۈزۈۋېلىش ۋە رېمونت قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئىدى.

شىن - سۇي شىركىتىنىڭ ترانسپورت ئىشلىرى ۋە كەسپىي دائىرىسى تەدرىجى كېڭەيدى. ئاپتوموبىللار دەسلەپ قاتنىغاندا، نۇرغۇن كىشىلەر قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئېھتىمال ئۇزۇنغا بارمايدۇ دەپ كىرا بېرىشكە جۈرئەت قىلمىدى، يەنە ھەرقايسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ گەرچە ماقۇللۇغىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاكتىپ مەدەت بېرىشى ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشيول بولمىغانلىقتىن، ئاپتومۇبىلنىڭ يۈرۈشىدە ھەرخىل قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى. كېچىك ئوتلاقتا تايىنىپ قاتناۋاتقان ھەرقايسى تۆگە كارۋانلىرى، ئۆزىنىڭ جانىجان مەنپەئەتى ئۈچۈن، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن يېڭىدىن باش كۆتەرگەن ئاپتو - ترانسپورت ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بالدۇرراق يوقىلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. لېكىن ھەرقايسى بېكەتلەردىكى خىزمەتچى خادىملار ئىسسىق - سوغاق، بوران - چاپقۇن دېمەي، غورىگۇل تاماق يەپ، سوغاق سۇ ئىچىپ، ھەرخىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش بىلەن كېچە - كۈندۈز تىرىشىپ ئىشلەپ، شىنجاڭ - سۇيىيۇەن ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشقا كاپالەتلىك قىلىپ، غەربىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ يەرلىك ۋە پىششىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشىغا، يولۇچىلارنىڭ ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

شىن - سۈي شىركىتىنىڭ ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا يۆتكەپ كىرگەن ماللىرىدىن، رەخت، يىپەك، تۇۋار، چاي، قەن شېكەر، ئاياق كىيىمى، تۇماق، دېڭىز كوكتاتلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە رەسىم - كىتاب مەدىنى بۇيۇم قاتارلىقلار بار ئىدى. شىنجاڭدىن: يۇڭ - تېرە، ئۈچەي، كىشمىش ئۈزۈم، گۈلە - قاق، قوغۇن قېقى ۋە باشقا يەرلىك مەھسۇلاتلار توشۇلاتتى. تيەنجىن، بېيجىڭدىكى بەزى سودىگەرلەر ئۇلارنىڭ ماللىرىنى شىنجاڭغا ئەپكىرىپ، بۇ يەرنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇشنى خالايتتى. شىنجاڭدىكى چوڭ سودىگەرمۇ، تيەنجىن بىلەن ئۈرۈمچىدە مال تەييارلاپ 8
شىن - سۈي ئوتتۇرىسىدىكى قاتناشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ سودا ئىشلىرىدىكى مونوپولىيىلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ھەمدە بۇ ئارقىلىق تيەنجىن - ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشلىرىنى كېڭەيتمەكچى بولاتتى.

شىن - سۈي شىركىتى، ئۇلارنىڭ قاتناش قوراللىرىنى ئىشلىتىشتىكى قولايلىقتا تايىنىپ، شىنجاڭدىن تارتىپ ئىچكىرىگىچە بولغان جايلاردا مال توشۇش ئارقىلىق، سودا-سېتىقنى كېڭەيتىپ، سەرمايىسىنى تولۇقلىدى؛ شىنجاڭدىكى ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرى، ئاپتوموبىل ترانسپورتىنىڭ ئاسانلىقىدىن پايدىلىنىپ تىجارەت قىلدى. شىن - سۈي شىركىتى مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، تەدرىجى تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭنىڭ كۆرپە (تېرە) ئۈچەيلىرى تيەنجىندە كۆپلەپ ئېكسپورت قىلىناتتى. شۇ يەرنىڭ دەللاللىرى سىنىپى،



ئىمكانىيەتنىڭ بىرىچە ياخشىراق كۆرپە ۋە ئۈچەينى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، جاھانگىر خوجايىنلىرىغا سوغا قىلاتتى. شۇڭا شىن-سۈي شىركىتىدىكىلەر مۇشۇ خىلدىكى كىشىلەر ئۈچۈنمۇ تولا يۈگۈرۈپ، ئايىغى تېشىلدى، ئاپتوموبىل ترانسپورتى سۈرئەتتە تېز بولغانلىقتىن، تېرە - ئۈچەيگە بولغان ئېھتىياجمۇ بارغانسېرى ئېشىپ باردى. شىنجاڭدىكى سېتىۋېلىش مىقدارىمۇ كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى. دەل تېرە - ئۈچەينى توشۇپ، ئوقەتنىڭ راسا كۈچىيىۋاتقان پەيتىدە، زور تۈركۈمدىكى تېرە، سۈييۈەن تەۋەلىگىگە كىرگەندە، ياش ماللارنى ئولتۇرۇشنى مەنئى قىلىش دېگەن ئۇقتۇرۇشنى بانا قىلىپ توسىلىپ قالدى. ئاپتوموبىل خوجايىنلىرى مال ئىگىلىرىنىڭ نۇرغۇن قېتىم سوزلىشىشى ئارقىلىق يۈزىدىن كېيىن توشۇپ كىرمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، مېڭىشقا رۇخسەت ئالدى.

شىنجاڭنىڭ كىشمىش ئۈزۈمى، قوغۇن قېقى، گۈلە-قاقلىرىنى بۇرۇن پۈتۈنلەي تاغارغا قاچىلاپ ئىچكىرىگە يۆتكەپ كىرىپ، ھەرقايسى دۇكانلارغا ياكى پارچە تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەرگە سېتىپ بېرەلەيتتى. قاچىلاش جەھەتتىن ناچار بولغاچقا، سودا - سېتىقتا مەلۇم چەكلىمىگە ئۇچرايتتى. جۇبىنىڭ مۇشۇ نۇقتىنى تۇتۇۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدىلا تاللاپ سېتىۋېلىش، قايتا پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا تيەنجىنگە بارغاندىن كېيىن، چىرايلىق قاچىلاپ، ھەرخىل تەشۋىقاتلارنى يۈرگۈزدى. نەتىجىدە يالغۇز ئىچكى ئۆلكىلەردە كۆپلەپ سېتىلىپلا قالماستىن، يەنە بىر قىسمى چەتكە چىقىرىلدى.

## 3. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى شىن - سۇي شىركىتى

1938 - يىلى جۇبىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن جىياڭ جيېشى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىگە بىر دانە ئايروپىلان ئىئانە قىلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا جۇڭگونىڭ شىمالىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر قولدىن كەتكەن. شىن - سۇي شىركىتىنىڭ بەزى ئاپتوموبىللىرىمۇ مۇسادىرە قىلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر شىركەت تىجارەتتىلا زەربە يەپ قالماستىن بەلكى بىر مەزگىل ھۇشىغىمۇ كېلەلمىگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، جۇبىنىڭ شىن - سۇي شىركىتىنىڭ باش شىركىتىنى چۇڭچىڭغا يۆتكەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سۈيىيۈەن، تيەنجىنلەردىكى تىجارەتلەر ئۈزۈلۈپ توختاپ، شىئەن، لەنجۇلاردىمۇ ھېچقانداق تىجارەت بولمىدى. شەرقىي جەنۇپ ۋە شىمالىي جۇڭگونىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدىن چېكىنىپ چىققان ئاپتوموبىل سودىگەرلىرى، ئۆزلىرىدە بار بولغان ئاپتوموبىللارنى تەشكىللەپ، غەربىي جەنۇپتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ ۋە چېگرىدىن ئۆتۈپ بېرىمىغا بارىدىغان ھەر خىل مال، ماددىي ئەشيا ۋە ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى يۆتكەشنى ئۈستىگە ئالدى. ھەر قايسى يوللاردىكى ترانسپورت ئادەتتىن تاشقىرى تىقما - تىقماق ۋە ئالدىراش ئىدى. شۇ چاغدىكى شىن - سۇي شىركىتىدە ئاپتوموبىل ناھايىتى ئاز، ھەتتاكى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما



جۇبىنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، زور تۈركۈمدىكى ئاپتوموبىللارنى ئىجارىگە ئېلىپ، غەربىي جەنۇپتىكى ھەر قايسى ئۆلكە — گۈيياڭ، ليۇجۇ، كۇنمىڭ قاتارلىق جايلاردا شۆبە شىركەتلىرىنى قۇرۇپ، شەخسى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مال ۋە ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇپ، شىمالىي جۇڭگو ۋە غەربىي شىمالدىكى چېكىنىشتىمۇ راۋاج تاپتى. تەرەققىياتنىڭ بەكمۇ تېزلىكى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىدىن ئىشلىتىلگەن كىشىلەر بىر دەك بولماي، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىركەتتىكى نۇرغۇن كىشىلەر ترانسپورتنىڭ ئالدىراش پەيتلىرىدىن پايدىلىنىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتۇپ، بايلاپ كەتكەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قازىنىپ، ياپون تەسلىم بولغاندىن كېيىن، شىن - سۇي شىركىتىنىڭ باش شىركىتى شاڭخەيگە يۆتكىلىپ، جۇبىنىڭ، تيەنجىن، سۈيىيۈەن، جيۇچۇەن، لەنجۇ ۋە شىئەنلەردىكى تىجارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى پىلانلىدى. ئۇ جىياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ پىلانى ئەمەلگە ئاشماي، يەنىلا باش شىركەتنى چۇڭچىڭغا يۆتكەپ كەلدى. ئەمما بۇ چاغدىكى غەربىي جەنۇپنىڭ ھەر قايسى ئۆلكىلىرىدىكى كەسپىي ئىشلار، ياپون تەسلىم بولۇپ، سۇسلاپ قالغانلىقتىن، جۇبىنىڭ لەنجۇ، شىئەنلەردىكى شۆبە شىركەتلىرىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىجارەت مەركىزىنى غەربىي شىمالغا يۆتكىدى.

غەربىي شىمالدىكى تىجارەت ئۈزۈلدىن توختاپ قال-

قان. ئۇنىڭ ئۇستىگە شىڭ شىسەي، جۇبىڭ ۋە شىن- سۇي شىر-
كىتىنىڭ شىنجاڭدىكى مال-مۈلۈك ۋە ماددى ئەشيالىرىنى پۈ-
تۈنلەي مۇسادىرە قىلىۋالغانلىغىدىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى
قاتتىق تەۋرەپ، غەربىي شىمالنىڭ ھەر قايسى شوبە شىركەتلى-
رىدىكى خىزمەتچى خادىملار، يوتكىلىپ كەتكەن ياكى تارقى-
لىپ كەتكەن ئىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، پەقەتلا شۆيەر-
دىكى كەسپىي بار ئەل- ئاغىنىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قايتى-
دىن ئەسلىگە كەلتۈردى. باش شىركەتتە ئاپتوموبىل يوق، شوبە
شىركەتلەر تىجارەتنى باشلاش ئۈچۈن چۆكچەكتىن يوتكىلىپ
كەلمەي بولمايتتى. باش شىركەت ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىۋاتى-
قان بىر نەچچە ئاپتوموبىللار يەنىلا غەربىي جەنۇپ يوللىرى-
دىكى مۇھىم ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. شۇڭا غەربىي شىمالدىكى
ئاپتوموبىللارنى باشقىلاردىن ئىجارىگە ئېلىشقا توغرا كەلدى.
سىچۇەندىن شىئەن، لەنجۇغىچە قۇرۇق مېڭىشقا بولمايدۇ. زور
تۈركۈمدە يۈك تاپقاندىلا، ئاندىن يۇقۇرىدىكى پىلاننى ئە-
مەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى. شۇ چاغلاردا، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭ-
خەيلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر، قاراچاي، تاشچاي، كو-
رەكچايلارغا مۇھتاج ئىدى. ئىچكىرىدىكى كەلگەن ئاز سانلىق
مىللەت سودىگەرلىرىمۇ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى غەربىي جە-
نۇپتىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىشنى ئارزۇ قى-
لاتتى. بەزىلەر چۆكچەكنىڭ، چېگرىدۇلارغا بېرىپ، مۇقىم مال ئال-
غۇچى بولۇپ ئىشلەشنى ئويلايتتى. شۇ چاغدا شىركەت بىرتۈر-
كۈم مالنى لەنجۇغا يوتكەش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، ئاز مىق-



داردىكى تاشچاينى شىئەنگە ئېلىپ كېلىپ، تىجارەت ئۈچۈن دەس-
مايە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لەنجۇ بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىشىپ، يولۇچى ۋە سودا ماللىرىنى توشۇش ۋە چاي سودىسى
قىلىشنى كېلىشىپ، بۇ ئارقىلىق تىجارەتنى تەرەققى قىلدۇردى.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چاي ئىستېمالى-
لىدا پەرق بار ئىدى. ئۇيغۇرلار قاراچاي ياكى تاشچاي ئىچىش-
نى، تۇڭگانلار خۇنەن چېيى ئىچىشنى، قازاقلار بولسا كورەكچاي
ئىچىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئادەتتە باشقا چايلار بولمىغاندىمۇ،
قاراچاينى ئىچىشكە بولۇۋېرەتتى. شىئەن شوبە شىركىتى دەس-
لەپتە پەقەت پارچە - پۇرات تاشچاي ئېلىپ ساتاتتى. كېيىنچە
خېرىدارلار كۆپىيىپ، ئېھتىياجمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئېشىپ بار-
دى. ئاز سانلىق مىللەت خېرىدارلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي
كېلىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپرەك قاراچاي ياكى پۈ-
تۈنلەي قاراچاي ئېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، لەنجۇدىكى شوبە شىر-
كەتمۇ، كۆپرەك قاراچاي يوتكەپ كېلىپ، گەنسۇدىكى ئاز سان-
لىق مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ-
رۇن غەربىي شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ياريتىدىغىنى
كونا تيەنتەي ماركىلىق قاراچاي ئىدى. سودىگەرلەر پايدا تې-
پىش ئۈچۈن بىر قىسىم چايلارغا تيەنتەي ماركىسىنى بېسىپ سې-
تىشقا باشلىدى.

## 4. شىن - سۇي شىركىتىنىڭ ئىشتىن توختىشى

1945 - يىلدىن كېيىن، شىن - سۇي شىركىتىنىڭ پىلا-
نى غەربىي جەنۇپتىن غەربىي شىمالغا يوتكىلىش، زورۇر

تاپقاندا، تىيەنجىن، سۇيىيۇەنلەردىكى كەسپىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش، شۇنىڭدەك غەربىي جەنۇپتىكى باشقۇرۇشنىمۇ بوشاتماسلىق ئىدى. شۇ چاغدا باش شىركەت، بيۇروكرات كاپىتال مىلكىشىلىك شىركىتىنىڭ بىر تۈركۈم ماللىرىنى شىنجاڭغا يۆتكەپ كىرىشنى ئۈستىگە ئالدى. ھەمدە بىر قىسىم نەرسىلەرنى شىئەنگە يۆتكەپ كېلىپ، شوبە شىركەتنىڭ ئۇلاپ توشۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. شىئەن شوبە شىركىتى، بۇ چاغدا جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتى-نىڭ بىر تۈركۈم پاختىلىرىنى شىئەندىن چۆگچەكغا يۆتكەپ بېرىشنى ئۈستىگە ئالغان ئىدى. ئومۇمىي كەسپىتىن قارىغاندا، بۇ بىر ياخشى خاھىش بولۇپ، تىجارەتنىڭ رىتىمىنى ساقلاپ ئۈزلۈكسىز ئورلەش ۋەزىيىتىگە پايدىلىق ئىدى. يەنى بۇ شىن-سۇي شىركىتىنىڭ بۇرۇنقى گۈللەنگەن دەۋرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىغا مېڭىش دېمەكتۇر. بىراق، كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە شىئەن شوبە شىركىتىگە ئۇشتۇمتۇت زەربە بەردى. توقۇمىچىلىق شىر-كىتىنىڭ چۆگچەكگە يۆتكەيدىغان پاختىنىڭ ئەسلى خوجايىنى، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇشنى تەلەپ قىل-غان. كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق توختام قىلىنغان پاختىنى گۇاڭ-يۈەنگە توشۇپ كېلىپ، سۇ يولى بىلەن توشىماقچى بولغان. پاخ-تا ھول بولۇپ چىرىپ كەتكەن. توقۇمىچىلىق شىركىتى زىياننى تولەتمەكچى بولغاندا، شوبە شىركەتنىڭ تولەپ بېرىشكە قۇد-رىتى يەتمەي، بارلىق مال - مۈلكىنى رەنىگە قويۇپ، ئۆزلۈ-گىدىن ئىشتىن توختىدى. لەنجۇدىكى شوبە شىركەتنىڭ بۇرۇن قەرزى بولغانلىقىدىن، تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كې-



يىنمۇ، راۋاج تاپماي، جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇپنىڭ ھەرقاي-سى ئۆلكىلىرىدە 20 نەچچە يىل تىجارەت قىلغان شىن - سۇي شىركىتى ئۈن - تۈنسىز توختاپ قالدى.

## 5. ئاخىرقى سۆز

شىن - سۇي شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلى-شىدىن تارتىپ توختاپ قالغانغا قەدەر، ئۇنىڭ ئاكتىپ بىر تەرى-پى بار، توختىتىشقا مەجبۇر قىلىنغان خىلمۇ - خىل سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى. ئەگەردە رەھبەرلىك كىشىلەرنى مۇۋاپىق ئىشلەتە-كەن بولسا، دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئىنتايىن پاي-دىلىق بولاتتى. بۈگۈن بىز گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ ماڭ-غان بۇ ترانسپورت ئىشلىرىنى ئەسلەپ ئۆتكىنىمىزدە، ئەپ-سۇسلانماي تۇرالمايمىز. بۇنداق زور شىركەتتە، ئالدى بىلەن تەشكىلىي ئاپپارات ساغلام بولمىدى. رەھبەرلىك قابىلىيىتى نا-چار بولدى. دەسلەپتە بىر باشلىق ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالغان بولسا، ئاخىرىدا «ئالتە ئۆشكىگە، يەتتە تېكە» دې-گەندەك، خىزمەت ھوقۇقى بىردەك بولمىدى. ھەر قايسى ئورۇن-لاردىكى رەھبەرلەرنىڭ، شەخسىيەتچىلىكى چېكىدىن ئاشتى. بەزى-لىرى كەسىپكە خام، بىراقى پىلانلىشى كەمچىل بولدى. ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە، بەش قول بىردەك بولماي، ماتېرىيال پى-لانلىق ئىشلىتىلمەي، بەزىلىرى قۇۋلۇق - شۇملۇق بىلەن، رەھبەرلىك ئورنىنى تارتىۋالدى. تىجارەت جەھەتتىن بىر تۈ-

تاش پىلان بولمىدى. ماددى ئەشيالارنى توشۇش ۋە قەرز پۇللارنى تولەشتە، ۋاقىت ئارقىغا سوزۇلۇپ، توختامغا دەخىل يەتكۈزدى. سىرتقا بولغان تەشۋىقاتلار كوپتۈرۈلۈپ، ئىچكى قىسىمدا مۇكاپاتلاش، جازالاش ئېنىق بولماي، نىيەت بۇزۇلدى.

جۇبنىڭ شىن - سۈي شىركىتىنى دەسلەپ قۇرغاندا، شىنجاڭ هوكۇمىتى مەبلەغ ئاجراتقانمۇ ياكى جىڭشۇرېن پاي قوشقانمۇ بىلمىدۇق. دەللال بىنىپلار مەبلەغ قوشقانمۇ، بۇ توغرىلىقمۇ گەپ - سوز ئاڭلىمىدۇق. پەقەت 1933 - يىلى شۇ چاغدىكى «مەمۇرى پالاتادىن 200 مىڭ يۈەن يارەدەم تەلەپ قىلغان» دىگەن سوزنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ پۇلنى ئالدىمۇ - يوق ئانچە ئېنىق ئەمەس، شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى هوكۇمەت ۋاقتىدا، هەر قانداق ئىشنى قىلىمەن دىسە ئەكسىيەتچى هوكۇمرانلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۇلارغا ئازراق مەنپەئەت يەتكۈزمىسە خاتىرجەم ئىشلەپ كېتىشكە بولمايتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە 1935 - يىللىرى شىن - سۈي شىركىتى، شىنجاڭدىن سۈيىيۈەنگە نۇرغۇن قوغۇن يوتكەپ بارغان. سودىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن نەنجىڭدىكى هەر قايسى پالاتا ئەزالىرىغا قوغۇن سوغا قىلغان. قاچىلانغان كىشمىش ئۈزۈم، گۈلە - قاق، قوغۇن قاقلىرىنىڭ ماركىسى ئەنگە ئېلىنىش ۋاقتىدا، بۇ شىركەت يەنىلا سوغا بېرەتتى.

شىن - سۈي شىركىتى 20 نەچچە يىل ئىگىلىك باشقۇرۇپ، قاتناش قوراللىرىنى سېتىۋېلىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ۋە ئادەتتىكى چىقىملاردىن باشقا، زادى قانچە



لىك چوڭ پايدا ئالدى، يىللىق ساپ پايدا قانچىلىك؟ مانا بۇلارنى يات كىشىلەرنىڭ بىلىشى ناهايىتى تەس. هەر قايسى شوبە شىركەتنىڭ ئادەملىرىمۇ ئوز دائىرىسىدىكىنىلا بىلەتتى.

بۈگۈن شىن - سۈي شىركىتىنى ئەسلەش، هەرگىزمۇ ئۇنىڭ تاپقان پايدىسىنى ياكى باشقا ئاجىزلىقلىرىنى كورسىتىش ئۈچۈن ئەمەس. مەن بۇ يەردە كىشىلەر بىلمەيدىغان ياكى سەل قارىغان بەزى ئىشلارنى سوزلەپ ئوتۇشنى خالايمەن. قايسى ۋاقىت ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق. بۇ شىركەت بىر تۈركۈم شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن ئىچكىرىگە ھەقسىز توشىدى. ئىچكىرىدىكى ماللىرىنى شىنجاڭغا توشىيالمىغان يەنە بىر نەچچە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرگە ياردەم قىلدى. يەنە شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى مەكتەپلەرگە بىر تۈركۈم رەسىم، كىتاپ ۋە مەدەنى بۇيۇملار ئىئانە قىلدى. تيەنجىن، نەنجىڭلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم پۇلى بەردى. بۇ هەركەتلەر هازىرقى كۈندىن قارىغاندا، خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان بۇ شىركەتنىڭ خەلققە بۇنچىلىك ياردەم قىلىپ قويۇشى هېچگەپ ئەمەس. شۇنىڭدەك بىزمۇ بەك ئازدەپ هىس قىلمىمىز. لېكىن ئاشۇ ۋاقىتتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاكتىپ تەرىپىمۇ بار ئىدى.

شىركەتنىڭ تەشكىلى توغرىسىدا خاتىرەمدە قالغىنى شۇكى: ئەينى ۋاقىتتا جۇبنىڭ شىنجاڭ رەئىسى جىن شۇرېن، سۈيىيۈەن رەئىسى فۇزوبى، نىڭشيا رەئىسى ماخۇڭكۈي، چىڭخەي رەئىسى مابۇفاڭ، گەنسۇ رەئىسى دىڭباۋشەن قاتارلىقلار

ئاپتوموبىل قاتنىشىغا يول قويغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى بىلەن
تيەنجىندىكى بودا شىركىتىنىڭ ئاساسى بىلەن كېڭەيتىشكە
باشلىدى. باش شىركەت دەسلەپتە ئۈرۈمچىدە قۇرۇلۇپ، كېيىن
تيەنجىنگە يۆتكەلدى. جۇبىڭ بۇ ئىككى ئارىلىقتا قاتناپ يۈردى.
تەييارلىق ۋاقىتلىرىدا، جۇبىڭنىڭ تيەنجىندە تۇرغان ۋاقتى
ئۇزاقراق بولدى. دەسلەپكى ماشىنا سىناق ۋاقتىدا، جۇبىڭ،
ياڭشاۋنۇڭ، موپىڭلىڭ قاتارلىقلار ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تيەن-
جىندىن ئۈرۈمچىگە كەلدى. يولنى تەكشۈرۈپ - قۇمۇلدا ۋە
ئېرلىزى دەرياسىدا بېكەت قوردى. شىئەن، لەنجۇلاردا تارماق
شىركەت قۇرۇش تەييارلىقىنى كوردى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا
قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە شىئەن، لەنجۇلاردىكى تارماق شىر-
كەتلەر ئىشتىن توختاپ، ئۇ يەردىكى خادىملار غەربىي جەنۇپ-
قا بېرىپ ئىشلىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلى-
بە قازانغاندىن كېيىن، جۇبىڭ ماكاۋ، شىئەندە شۇبە شىركەت
قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى تاپشۇردى. غەربىي شىمال
ئىنىستىتوتىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى لېكتورى يەنرۇي بىزگە ئۇي-
غۇرچە تەرجىمانلىق قىلدى. شىئەن شۇبە شىركىتىنىڭ ھەر ئاي-
دىكى تىجارەت سوممىسى ئوخشاش ئەمەس. بەزىدە ئارانلا
خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى بىلەن بارلىق چىقىملارغا يېتەتتى.
بەزىدە مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولۇپ، ئارتۇقىنى باش شىركەت-
كە تاپشۇراتتۇق. كېيىنچە تىجارەتنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىدىن،
جۇبىڭ سىرت بىلەن سوزلىشىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، مېنى
باش شىركەتكە ياردەمچى قىلىپ قويدى. ئەمەلىيەتتە مەن



باش جىڭلىغا ھېچقانداق ئىشتا ياردەمدە بولمىدىم. شۇنىڭدەك باش
شىركەتنىڭ ھېچنىمىسىنى ئالدىنئالا ئاڭلاپ باقمىدىم. شۇڭ-
لاشقا مېنىڭ باش شىركەت ۋە باشقا شىركەتلەرنىڭ ئەھۋال-
لىرىدىن بىلىدىغىنىم بەكمۇ ئاز.

شىن - سۇي شىركىتىگە بۈگۈنكى كوز قاراش بىلەن
قارىغاندا، ئۇ ئاللىقاچان تارىخنىڭ كونا قالدۇغى بولۇپ قال-
دى. جۇبىڭ بۇ ئادەم ھازىر ھاياتمۇ - ئەمەسمۇ؟ باشقا قۇۋ-
لۇق - شۇملۇقلارنى قىلدىمۇ؟ بۇ توغرىلىق ھېچكىم بىر نەر-
سە دېيەلمەيدۇ. مەن ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ بارلىق ھەركەتلىرى-
گە قاتناشقان ئەمەس. شۇنىڭدەك شىئەندىمۇ قىسقىلا ۋاقىت
بىللە بولدۇم، شۇڭا ئەتراپلىق ۋە تەپسىلىي بايان قىلالمايمەن،
ماتېرىياللار پەقەتلا مۇكەممەل بولمىغان بىر ئەسلىمە بولۇپ،
تولۇقسىز جايلىرى كوپ، تۈزىتىپ پايدىلىنىشىڭلارنى ئۈمىد
قىلىمەن.

# 1933 - يىللار جەنۇبىي ...جاڭ ۋەقەسىدىن ئەسلىمە

## خېۋىر تومۇر

(1)

ماجۇڭيىڭ 1 - قېتىم شىنجاڭغا كىلىپ قۇمۇلغا قىلغان هۇجۇمىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ گەنسۇغا قايتىپ كەتكەندە، قۇمۇلدا قېپقالغان ماشىمىڭ، 1932 - يىلى كۈز ئايلىرى ئارقا يول بىلەن تۇرپانغا چىققاندا، تۇرپاندا مەھمۇت مۇھىتى، توخسۇندا توختى ئېلى باشچىلىغىدا خەلق قوزغىلىڭى تەييار بولغان ئىدى. ئالدى بىلەن تۇرپان خەلقى قوزغىلىپ پىچانغا هۇجۇم قىلدى. لېكىن هۇجۇم ئوڭۇشلۇق بولمىدى. چۈنكى پىچاندا تۇرۇۋاتقان ئاق ئورۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قورالى خىل بولغاچقا، كوپىنچە تاياق - توقماق بىلەن قوزغالغان خەلق ئۇلار بىلەن كۈچ ئېلىشالماي تۇرپانغا قايتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن تۇرپانغا هۇجۇم قىلدى. ماشىمىڭ قىسىملىرىمۇ پىچانغا قىلىنغان هۇجۇمغا قاتناشتى. لېكىن ئۇ هەم پىچاندىن مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىپ لۈكچۈن - دىغاي ئەتراپلىرىدا پاسسىپ هالەتتە قالغان ئىدى.

قۇمۇل، پىچان، تۇرپان قاتارلىق ھەممىلا يەردە قوز-



غىلاڭ كوتىرىلىپ باش ئايىغىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان قالايمىقان ۋەزىيەت شەكىللەنگەندە، توخسۇندا توختى ئېلى (توختى تۆەنجاڭ) باشچىلىغىدىكى خەلق قوزغىلىڭى كوتىرىلدى. شۇ چاغدا توخسۇندا جىن شۇرېن هوكۈمىتىنىڭ بىر لىيەن (روتا) ئەسكىرى بار ئىدى. توخسۇنلۇقلار، سەمەت شاڭيو قاتارلىق بىر قانچە كىشىنى ۋەكىل قىلىپ ھەربىيلەرگە كىرگۈزۈپ: «هازىر ھەممىلا يەردە قوزغىلاڭ كوتىرىلىپ قالايمىقان بولۇپ كەتتى، شۇڭا سىلەر قوراللىرىڭلارنى تاپشۇرۇپ ۋاقتىدا توخسۇندىن كېتىڭلار. قورال تاپشۇرساڭلار، هاياتىڭلارغا كاپالەت بېرىمىز، ئۇرۇمچى تەرەپكە يولغا سېلىپ قويىمىز» دىگەندە جاڭ لىيەنجاڭ باشچىلىغىدا، ھەربىيلەر ماقۇل كورۇپ قورالىنى تاپشۇرىدۇ. توختى ئېلى باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭچىلار قوراللارنى هارۋىغا بېسىپ چىقىپ، ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ رەسمى قوزغىلاڭ كوتىرىدۇ. قوزغىلاڭچى خەلق تولاراق جازانىخور، گوروكەش، ئەپيۇنكەش، توڭگۇز باققان خەنزۇلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ ئولتۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئولتۇرۇلگەنلەر ئانچە كوپ ئەمەس. بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغانلار شەھەردە ئولتۇراقلاشقان جازانىخور، گوروكەش ئائىلىلەردىنلا ئىبارەت. توخسۇندا خەنزۇلار كوپرەك ئورۇنلاشقان ئىلانلىق رايونىدىكى تيەن ئائىلىسى. لى، سۇڭ، مىڭ ئائىلىلىرى ھېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغىنى يوق. بەلكى ئۇلارنى ئىلانلىقتىكى زايىت قازى دىگەن كىشى ئوز قورۇسىغا توپلاپ ساقلاپ قالغان.

توخسۇندىكى قوزغىلاڭ بىر قەدەر ئوڭۇشلۇق بولغىنىنى
كورگەن ماشىمىڭ ئەسكەر تارتىپ توخسۇنغا كېلىپ، قوزغى-
لاڭچىلار باشلىغى توختى ئېلىغا «تۆەنجاڭ»لىق ئەمەل بېرىپ
بىرلىكتە قارا شەھەرنى ئىشغال قىلىشقا ماڭىدۇ.
قارا شەھەردە ھاپىز زۇڭجاڭ دېگەن بىر كىشى بار ئىدى.
بۇ كىشى ئىچىدىن ماسلىشىپ، قارا شەھەرنى ئوڭايلا
ئىشغال قىلغاندىن كېيىن كورلىغا قاراپ ماڭىدۇ. كورلىدا
جەن لۈيجاڭ باشچىلىغىدا ھوكۇمەت ئەسكىرى بار ئىدى. ئۇ-
نىڭ بىلەن قاتتىق بىر كۈن سوقۇش قىلىپ، كورلا خەلقىنىڭ
ياردىمى ئاستىدا غەلىبە قازاندى. جەن لۈيجاڭ قاتتىق قارشى-
لىق كورسىتىپ، ئاخىرى بولالمىغاندا، خوتۇن - بالىلىرىنى ئوزى
ئېتىپ ئولتۇرۇپ، قولىغا ئىككى تاپانچا ئېلىپ ئوچۇق مەيدان-
غا چىقىپ قانداقتۇر بىر تەرەپكە قاچماقچى بولىدۇ، لېكىن
ئۇ قېچىپ كورلا دەرياسىدىكى (شەھەر ئىچى) مۇزلۇققا چىققاندا
قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئېتىپ ئولتۇرۇلىدۇ.

توختى ئېلىنىڭ ئاكىسى تومۇر ئېلى كۇچاردا ھارۋىكەش
باشلىغى (شاڭيۇ) ئىدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىسىنىڭ قومۇل قوز-
غىلىڭىغا ماسلىشىش توغرىسىدا ئالدىنقى يىللاردىلا مەسلىھەتى
بار ئىدى. شۇڭا ئۇ، ئىنىسى توختى ئاخۇننىڭ كورلا تەرەپكە
كەلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۇچاردىن كورلىغا قاراپ يولغا چى-
قىدۇ. بۇ چاغدا توخسۇن، تۇرپان، پىچاننى باستۇرۇش ئۈچۈن
شىڭ شىسەي باشچىلىغىدا چوڭ قوشۇن چىققان ئىدى. شۇڭا
توخسۇنلۇقلار، توختى تۆەنجاڭغا خەت يېزىپ؛ ئۈرۈمچى تەرەپ-



تىن چوڭ قوشۇن كېلىۋاتىدۇ، چاپسان قايتىپ كېلىڭلار دەپ
خەۋەر قىلىدۇ. توختى تۆەنجاڭ توخسۇنغا قايتماقچى بولۇپ،
ئاكىسى تومۇر ئېلىغا خەت يېزىپ، ئاكىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭ
تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى تاپىلاپ، ئۆزى توخسۇنغا قايتىدۇ.
قوزغىلاڭچىلار كورلىدىن ئىككى قونۇپ 3 - كۈنى توخسۇنغا
يېتىپ كەلگەندە، شىڭ شىسەينىڭ ئۈچ ئاھىيىنى باستۇرۇش
ئۈچۈن كەلگەن چوڭ قوشۇنى پىچان، تۇرپاندىكى چوڭ قوز-
غىلىڭچىلارنى تۈگىتىپ توخسۇنغا كېلىۋاتقان ئىدى. توختى
تۆەنجاڭ 100 دەك ئادىمى بىلەن توخسۇننىڭ خودۇڭ رايونىدىكى
قارا بۇلاق دېگەن يېرىدە شىڭ شىسەي قوشۇنلىرىنى قەھرىمانى-
لارچە توسايدۇ.

شىڭ شىسەينىڭ جازا قوشۇنىدا 5 - 6 يۈز ئاتلىق ئاق
ئورۇس ئەسكەرلىرى، بەيسىنويىن باشچىلىغىدىكى 4 - 5 يۈز
ئاتلىق موڭغۇل ئەسكەرلىرى ۋە خۇاڭخۇزا (سېرىق ساقال -
قىزىل ساقال — مەنىسىدە) دەپ ئاتالغان، شەرقىي شىمال
پىدايى قوشۇنلىرىدىن ئىبارەت 2 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇن
ئىدى. ئادەم سانى يۈزگە يەتمەيدىغان توخسۇنلۇقلاردا ھەر
قانچە غەيرەت بولسىمۇ، بۇ قەدەر چوڭ قوشۇنغا تەڭ كېلەلمەي
تارمار بولىدۇ. ماشىمىڭ قوشۇنلىرى بۇ ئۇرۇشقا قاتناش-
ماي بىر پايمۇ ئوق ئاتماستىن ئارغىبۇلاق تەرەپكە كېتىدۇ.
توخسۇنلۇقلارنىڭ ئولگىنى ئولۇپ، قاچقىنى قېچىپ تاما-
مەن تىتچىت بولىدۇ. توختى تۆەنجاڭ ئۈچ كۈندىن كېيىن
قولغا چۈشىدۇ. ئازراق سوراققا تارتىپ غەربىي دەرۋازىنىڭ

قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈردۇ. ئىنىسى

تا ئۆلدۇ.

كچىلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن

ىرى تۇخۇمىدا مىسلىسىز چوڭ

ن يۇر كۆزدۇ. 3 كۈن ئۇدا چاپ - چاپ قىلىپ
ئۆچۈرۈلگەن ئەركىنى ئولتۇردى. كىشىلەرنىڭ
ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا شۇ قېتىمقى قىرغىندا ئۈچ مىڭ
دەك ئادەم ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇ قەدەر كۆپ
بولمىسىمۇ، لېكىن بىر مىڭغا يېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى چاپ - چاپتا
بويىنىغا قىلىچ تەككەندىن كېيىن ھۇشىدىن كېتىپ، ئۆلۈكلەر
ئارىسىغا يىقىلىپ، كېيىن ھۇشىغا كېلىپ ھاياتىنى ساقلاپ
قالغانلاردىن ھازىر مەن بىلىدىغان ئىككى ئادەم تۇخسۇندا
ھايات بار. ئۇلارنىڭ بويىنىدىكى قىلىچنىڭ ئىزى ئانچە يې-
نىك ئەمەس.

(2)

تۆمۈر ئېلى كۇچاردىن چىقىپ، چېدىرغا كەلگەندە،
ئىنىسى تۇختى تۆەنجاكنىڭ يازغان خېتى بىلەن ماشىمىكنىڭ
«تۆەنجاڭ» دەپ بەرگەن ئۇنۋان قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدۇ.
شۇنىڭ بىلەن تۆمۈر ئېلى ئارقىغا قاراپ قايتىدۇ. چېدىر،
يېڭىسارادىن بىرمۇنچە پىدائىيلار قوشۇلىدۇ. دەسلەپ قوشۇلغان
پىدائىيلار: ئىمىن پالۋان، ھاپىز چاققان، موسا (كېيىنكى
چاغلاردا پەيجاڭ بولغان)، ئىسمايىل قارى، ھوسەيىنەم، ھاپىز
(بۇ ھەم پەيجاڭ بولغان)، قادىر مولla، ئېلى ئاقساقال،



نەمەت مىراپ، زاكىر (قازاق)، شاكىر (قازاق) قاتارلىقلار.
بۇلار 20 نەچچە ئاتلىق كىشى يېڭىساردىن چىقىپ بۈگۈرگە
قاراپ ماڭىدۇ. بۇلارنىڭ قوراللىرى شىراقلىق قارا مىلتىق
ئىدى. ئەمما بۇلار بۈگۈرگە يېتىپ بارغىچە، تۆمۈر خەلپەت
دىگەن ئادەم بۈگۈرلۈكلەر بىلەن شەھەرنى ئېلىپ بۇلاڭ - تا-
لاڭ قىلغان ئىكەن. بۇ ئەسنادا ماشىمىكنىڭ ئەۋەتكەن مالۇيجاڭ
دىگەن ساقاللىق تۇڭگان يېتىپ كېلىپ، بىزدىن بىخەۋەر شە-
ھەرنى ئېلىپ ئولجا قىپتۇ دەپ تۆمۈر خەلپىنى گۇناغا تارتىپ
ئۆلۈمگە ھوكۇم قىلدى. تۆمۈر ئېلىمگە بۈگۈردىن يەنە بىرمۇن-
چە ئادەم ۋە قورال قوشۇلدى. تەخمىنەن 60 دەك ئاتلىق كۇ-
چارغا قاراپ ماڭدى. ماشىمىكنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمىمۇ 50
دەك بار ئىدى. بۇلار كۇچارغا كېلىپ، تۆمۈر ئېلى شامالباغ
قەلئەسىگە چۈشتى. خوييزۇ ئەسكەرلەر ساي بويىغا جايلاشتى.
خوييزۇ ئەسكەرلەر كۇچارغا كېلىپلا بانا تېپىپ ئىسلامىباي
دىگەن ئادەمنى باغلاپ ئۇنىڭدىن تۆرغۇن پۇل - مال ئالدى.
بۇ ئارقىلىق قورقۇنچ سېلىپ باشقا بايلاردىنمۇ پۇل - مال
ئالدى. قوزغىلاڭچىلار يېتىپ كەلگەن ھامان كۇچارنىڭ سې-
پىل دەرۋازىسى ئېتىلدى. شەھەر ئىچىدە ھوكۇمەتنىڭ مەمۇرى
ئەمەلدارلىرى ۋە بىر باتالىيون (يىڭ) ئەسكەر بار ئىدى. ئۇ-
لار سېپىل ئۈستىدىن قارشىلىق كۆرسىتىپ شەھەرنى مۇداپىئە
قىلاتتى.

كۇچاردا تۆمۈر ئېلىغا: — ھەمدەم بەگ ھاجى (كۇچار-
لىق. قەشقەرگە بارغاندا لۇيجاڭ بولغان)، ئەھمەتخان (كۇ-

چارلىق. قەشقەرگە بارغاندا لۈيجاڭ بولغان)، ھامۇتخان (قۇمۇللۇق. ئەسلى سودىگەر بولۇپ تومۇر ئېلىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. بۇ ئادەممۇ شۇ يەردە قوشۇلۇپ قەشقەرگە بارغاندا لۈيجاڭ بولغان. ئازاتلىقتىن كېيىن قۇمۇلدا مۇئاۋىن ۋالى بولۇپ 79 - يىلى ۋاپات بولدى)، ئابلا غوجا قاتارلىق كىشىلەر يەنە بىرمۇنچە پىدائىيلار قوشۇلدى. ئادەم سانى كۆپەيدى. كۇچار شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشنى جۈمە كۈنىگە توختام قىلىپ سەھرا - سەھراغا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

كۇچاردا ئەزەلدىن جۈمە كۈنى بازار بولاتتى. لېكىن بۇ جۈمە كۈنى ئادەم تېخىمۇ كۆپ توپلانغان ئىدى. خەلق جۈمە نامىزىدىن كېيىن، ئامىن دەپ تاياق - توقماق كۆتىرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. شەھەر سېپىلىنى چۆرىدەپ ئامىن دەپ گۈكىرەپ خۇدادىن نۇسرەت تىلەشتى. لېكىن شەھەر سېپىلىغا يېقىن بارغىلى بولمايتتى. سېپىل ئۈستىدىن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ئوق ئېتىپ يېقىن بارغىلى قويمايتتى. قوزغىلاڭچىلار سېپىلنىڭ شامالباغ دەرۋازىسىغا ئوت قويۇشنى پىلان قىلدى. ئوتنى كىم ياقىدۇ؟ بۇ چاغدا بىر نەپەر ساتىراچ يىگىت (ئىسمى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ) مەن بارىمەن دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. دەرھال بىر تۇلۇق كىرسىننى ئېلىپ دومىلاپ خەندەككە چۈشۈپ دەرۋازىغا قاراپ دومىلەپ كېتىۋاتقىنىدا سېپىلدىن ئېتىلغان ئوق تېگىپ ئۆلدى. ئاندىن يەنە بىر يىگىت پەيدا بولۇپ، بېرىپ كىرسىن تۇڭنى ئېلىپ چاققانلىق بىلەن دەرۋازا ئەگمىسىگە يېتىۋالدى ۋە كىرسىننى چېچىپ



دەرۋازىغا ئوت ياقتى. تەخمىنەن يېرىم سائەت كۆيگەندىن كېيىن دەرۋازىنىڭ بىر قانىتى يىقىلىپ چۈشتى، تومۇر ئېلى باشچىلىقىدا ئاتلىقلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا قارىماي ئات سەكرىتىپ شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تاياق - توقماق كۆتەرگەن ئامما بېسىپ كىردى، بۇ ئەھۋالدا شەھەر ئىچىدىكى چوڭ - چوڭ باشلىقلار خوتۇن بالا - چاقىلىرى بىلەن دورا ئىسكىلاتىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئابدۇرېھىم شىجاڭ (ئون بېشى) ئىسىملىك بىر ئەسكەرگە بۇيرۇق بېرىپ دورىغا ئوق ئاتقۇزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دورا پارتلاپ، پۈتۈن كۇچار شەھىرى زىلزىلىگە كېلىپ قارا تۇمان ئاستىدا قالدى، دورىخانىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى تەرەپ - تەرەپكە ئۇچۇپ، بىر پۇتى شامالۋاقتا، بىر قولى قۇتلۇق ئورىدىغا چۈشۈپ تىرى - پىرەك بولىدۇ، قوزغىلاڭچىلار ئابدۇرېھىم شىجاڭنى تۇتىۋېلىپ دورىخانىغا ئوت قويدۇڭ دېگەن گۇنا بىلەن ئۆلۈم جازاسى بەردى. شۇنداق قىلىپ كۇچار شەھىرى تامامەن ئىشغال قىلىندى.

كۇچار ئېلىنغاندىن كېيىن تومۇر ئېلى ئۆز ئادەملىرىنى بىر قۇر رەتكە سالدى، ھەمدەمبەگ ھاجى ھەربى مۇشاۋىرلىق قىلىپ ئون ئادەم بىر بەن بولىدۇ، 30 ئادەم بىر پەي بولىدۇ، بىر لىيەندە ئۈچ پەي ئەسكەر بولىدۇ دەپ مۇزاكىرىلىشىپ ئەھمەتخان (كۇچارلىق) ھامۇتخان (قۇمۇللۇق) لەرنى لىيەنجاڭ تەيىنلەيدۇ. يەنە بىرمۇنچە پەيجاڭلار بەلگىلىنىدۇ.

شۇ كۈنلەردە شىنخۇا ناھىيىسىدىن ھادى ئەلەم دېگەن كىشى شىنخۇانى ئېلىپ تومۇر ئېلىگە قوشۇلۇپ ھەرىكەت قىلىش

ئۇچۇن ئۇز ئادەملىرى بىلەن كۆچارغا كەلگەندە كۆچاردىكى مەپىزۋاك ماشىنىكىنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىرلىشىپ، بىزدىن خەۋەرسىز شەھەرنى بۇزۇپتۇ دېگەن گۇنا بىلەن ھادى ئەلەمگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، بېشىنى كېسىپ بىر خادىغا سانچىپ بازاردا سازايى قىلدى. ئەمەلىيەتتە مەپىزۋاكنىڭ تىكىنىدىكى يەر توغرىسىدا ھادى ئەلەمگە كونا ئاداۋىتى بولغانلىقتىن شۇ پۇرسەتتە مەپىزۋاك ئۆچ ئېلىش تۈپەيلىدىن تۇككان ئەسكەر باشلىقى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھادى ئەلەمگە ئۆلۈم جازاسى بەردى. بۇ ئىشقا نارازى بولغان تومۇر ئېلى، كۆچارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ۋاڭغوجىغا تاشلاپ بېرىپ، ئەسكەر تارتىپ ئاقسۇغا يۈرۈپ كەتتى.

**(3)**

باي ناھىيىسىدە ئۇرۇش بولمىدى. ياقائېرىق دېگەن جايغا يېتىپ بىر كېچە قونىدى. بۇ چاغدا قەشقەردىن ياك تۇەنجاڭ (ياك چىمىن) 4 - 5 يۈز ئەسكەر بىلەن كېلىپ ياقائېرىقنىڭ جەنۇبىدىكى تاجى خوراز دېگەن تاغلىق رايونغا ئورۇنلىشىپ يول توسايدۇ. بۇ خەۋەرنى چاملىق بىر ئادەم ئارقا يول بىلەن كېلىپ تومۇر ئېلىگە خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەر ئەتىگەن ناماز ۋاقتىدا ئاڭلاندى. قوزغىلاڭچىلار ناشتىمۇ قىلماستىن ئاتلىنىپ تاققا قاراپ ماڭدى، تومۇر ئېلىنىڭ ئەسكەرلىرى 200 ئەتراپىدا، تۇككان ئەسكەرلىرى 50 - 60 ئەتراپىدا ئىدى. ئۇرۇش بولغان جاي ياقائېرىقتىن بىرەر كىلومېتىر نېرىسىدا بولۇپ كۈن قىزدى بولغان ۋاقىتتىن باشلانغان ئۇ-



رۇش تاكى كەچ پېشىنگىچە داۋام قىلدى. ياك تۇەنجاڭنىڭ زەمبىرەكچى قىسىملىرى ئۈزلۈكسىز زەمبىرەك ئېتىپ تۇردى، ئۇرۇش ئىنتايىن قاتتىق بولدى، مىلتىق ئوقلىرى خۇددى يوغان قازاندا قوماچ قورۇغاندەك تاراسلاپ ئېتىلىپ تۇردى. كەچ پېشىن بولغان ۋاقىتتا 3 - 4 يۈز ئەسكىرىدىن ئايرىلغان ياك تۇەنجاڭ ئازغىنە ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قاچتى. ئوق ئاۋازلىرى شالاڭلاشتى. تومۇر ئېلىنىڭ ئادەملىرى ھەر بىرسى 8 - 10 تالدىن غەنىمەت ئالغان مىلتىقلارنى ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ ياقائېرىققا قايتىپ كەلدى. 20 دانە زەمبىرەك ① ئولجا ئېلىندى، بىر ھارۋىدا ئوق غەنىمەت ئالدى، ھارۋىنى خۇداۋەردى ئىسىملىك ھارۋىكەش ھەيدىگەن ئىكەن، بۇ ھارۋىكەش شۇنىڭدىن كېيىن بۇتەرەپكە ئەل بولۇپ ھارۋىنى ھەيدەۋەردى، تۇككان ئەسكەرلىرىمۇ ئولجا ئالدى. مۇشۇ ئۇرۇشتا تۇككان ئەسكەرلىرى ئۇرۇشقا كۈچ چىقارماي، ئولجىغا كەلگەندە كۈچ چىقارغانلىقى توغرىسىدا ئۇيغۇرلار نارازى بولدى. ئەسىر ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنى ئۇيغۇر تۇرۇپ ياك تۇەنجاڭغا ئەسكەر بولۇپ بىزگە قارشى ئوق ئاتتىڭمۇ؟ دېگەن گۇنانى قويۇپ باغلاپ كوچىغا ئېسىپ قويدى. خەقلەر بۇ ئەسىرلەرنى ئۇرۇپ ساقال - بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ جىق ئازاپ سالدى. كېيىن ئۇلارنى تەۋبە قىلدۇرۇپ ئۆز ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئەسكەر قىلىۋالدى.

---

① زەمبىرەك، كالتا، ئاغزىدىن ئوقلايدىغان، 19 - ئەسىردىكى زەمبىرەكلەر ئىدى.

مەغلۇپ بولۇپ قاچقاندىن كېيىن
چىلارغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇپ-
ى بىر سارايغا (دەڭگە) توپلاپ
قىرىپ تاشلاپ ئاقسۇغا ئۆتۈپ

لاشقان كۈنى مۇزات تەرەپتىن
بىر نەچچە نەپەر قاچقان ئەسكەر چۈشۈپ قالغان ئىكەن. بۇلار ياقىدىكى ئەھۋالنى بىلمەستىن، تويۇقسىزدىن كېلىپ قالغاچقا يا ئارقىغا قايتالماي بىر قوتانغا سولۇنۇپ قالدى. بۇ ئەسكەر-لەر جاكپېيۇەن قىسىملىرىدىن بولۇپ، قورالى خېلى ئىكەن. قوزغىلاڭچىلار دەرھال بۇلارنى قورشاپ ئۈچ كۈن سوقۇش قىلدى. ئۇلاردا بەش ئاتار مىلتىق، قوزغىلاڭچىلاردا توققۇز ئاتار، يالاڭ ئاتار ۋە قارا مىلتىق. بۇلار ئوز ئارا ئوق ئې-تىشقاندا بەزەن ئوقلار قوزغىلاڭچىلارنىڭ مىلتىقىنىڭ ئاغزى-دىن كىرىپ چاقماقنى بۇزۇپ مىلتىق تۆت-قۇچىنىڭ قولىنى مەجرۇھ قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولدى. يېڭىساردىن قوشۇلغان ھاپىز پەيجاڭ دىگەن ئادەمنىڭ قولى ئاشۇ سوقۇشتا يارىدار بولغان. دىمەك، قوتان ئىچىدىكىلەر مىلتىق ئېتىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىكەن. قوتانغا يېقىنلاپ بېرىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. تۆڭگان ئەسكەرلىرى بۇ سوقۇشقا قاتناشمىدى، ئۇيغۇرلار قوتان-غا زەمبىرەك ئاتماقچى بولدى. لېكىن زەمبىرەك ئېتىشنى بىلىدىغان كىشى يوق ئىدى. بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەمدەم بەگ ھاجى پىكىر قىلىپ: كۈچاردا خۇداۋەردى ھاجى



ئىسىملىك دورىگەر ئادەم بار، ئۇ كىشى ھىندىستاندا زەمبىرەك ئاتقاننى كۆرگەن ئىكەن. بىلسە شۇ ئادەم بىلىدۇ- دىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچارغا ئات چاپتۇرۇپ بۇ ئادەمنى 2 - كۈنى يەتكۈزۈپ كەلدى. دىمەك قوتانغا ھوجۇم قىلىشنىڭ 3 - كۈنى خۇداۋەردى ھاجى زەمبىرەكنى بەتلەپ بىر پاي ئاتتى. لېكىن ئوق باشقا يەرگە كەتتى. 2 - پاي ئوقتا قوتاننىڭ بىر تېمىنى يىقىتتى. قوتان ئىچىدە بىرلا ئادەم ھايات قالغان ئىكەن، بۇ ئەسكەر ئاتلىق قاچتى. قوزغىلاڭچىلاردىن كورلىلىق ئابدۇراخمان (كورلىلىق ئېلى ھاجىنىڭ ئوغلى) ئىسىملىك بىر پىدائىي قوغ-لاپ، تەخمىنەن 5 - 6 يۈز مېتىرغىچە ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ بېرىپ ئېتىپ ئولتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ياقىدىكى ئۇرۇش ئاخىرلاشتى.

بۇ يەرگە كورلىدىن ئېلاچى، قاراشەھەردىن ھاپىز زۇڭ-جاڭ دىگەن ئادەملەر ئوز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ تومۇر ئېلىگە قوشۇلدى. ئادەم سانى كوپەيدى، قوراللارمۇ خىللاندى. ئاۋالقى قارا مىلتىقلارنى تاشلاپ، توققۇز ئاتار، يالاڭ ئاتار مىلتىقلار بىلەن قوراللانغاندىن كېيىن ئاقسۇغا قاراپ ماڭدى. جامغا بارغاندا ياڭ تۆەنجاڭ قىرغىن قىلغان ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرى تېخى بار ئىكەن. خەلق ۋە قوزغىلاڭچىلار بىرلىك-تە يىغا - زارە قىلىشىپ، ناماز چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويدى.

(4)

تومۇر ئېلى ئاقسۇ كونىشەھەرگە كىردى. مالۇيجاڭ باشچى-لىقىدىكى تۆڭگان قىسىملىرى ئاقسۇ يېڭىشەھەرگە جايلاشتى.

رىيە قومانداننى) بولدى. بۇ
پىدىن كەلـدىمۇ ياكى ماجۇڭـ
ومۇر سىجاڭ ئاقسۇ كونىشـەر-
دۈكىنىدىن تومۇرسىجاڭنى نى-
ۇ، بەختكـە يارىشا بۇ ئوق تەگـ
يوشۇرۇنغان دۈشمەن بار ئىكەن، دەپ
دوپ ... رىپ بىرمۇنچە كىشىلەرنى ئۆلتۈردى.
گوروكەش، ئەپيو ... نزۇلارنى، خەنزۇلارغا تەككەن ئايال-
لارنى ۋە پاھىشە ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ ئاقسۇنى بېسىقتۇردى.

بىر راۋايەتتە، ياڭ چىمىن ئاقسۇ جامەدا 180 ئادەمنى
ئۆلتۈرگەن پاجىەنى كورگەن تومۇر سىجاڭ، نەق مەيداندا چو-
قۇم قىساس ئېلىپ بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلغان ئىكەن، شۇ ۋە-
دىگە ئاساسەن ئاقسۇدا 180 ئادەم ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا ئول-
تۇرۇلگەن خەنزۇلارنىڭ سانى 180 گە توشمىغاندا، ئاندىن بۇ-
زۇق - پاھىشە ئاياللارنى ئۆلتۈرۈپ ساننى تولدۇرغان دەيدۇ.
ئەگەر شۇنداقمىكىن دىسەك، تومۇر سىجاڭ ئاقسۇ كونىشەردە
ئىككى نەپەر خەنزۇ بالىسىنى بېقىۋېلىپ بىرسىگە ئىسمايىل،
يەنە بىرسىگە مامۇت دەپ ئات قويغان.

بۇ پاكىتلاردىن قارىغاندا جامەدا ئولگەنلەرنىڭ قىساسى
ئۈچۈن ئاقسۇ كونىشەردە ئادەم ئۆلتۈرگەن دىگەن راۋا-
يەتتىن كورە، ئاقسۇ شەھەرىگە كىرگەن ۋاقىتتا يوشۇرۇنغان خەن-
زۇلار ئوق ئاتقان سەۋەپتىن بىرمۇنچە دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنلى-
گى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن.



بەزى ماقالىلاردا تومۇر ئېلى ئاقسۇدا مۇسۇلمانلارنى كەڭ
قىرغىن قىلدى، ماجۇڭيىڭ مۇسۇلمانلارنى قىرغىن قىلمىدى دەپ
ئەمەلىي ئەھۋالنى بۇرمىلاپ كورسەتمەكتە. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق
ئەمەس. پاكىتنى بۇرمىلاۋاتقانلار ۋەقە ئۈستىدە يوق. چۈنكى
بار بولسا تومۇر سىجاڭ يۈرگۈزگەن مۇسۇلمانلارنى چوڭ قىرغىنچى-
لىقتا ئولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئۇلار ئورۇمچىدە ياكى قەشقەردە
تۇرۇپ ئاڭلىغان شاڭخو گەپنى ئاساس قىلىپ پاكىتنى بۇرمى-
لاۋاتىدۇ. تومۇر سىجاڭ ئاقسۇنى ئىشغال قىلىشتا، چۈنكى ئاق-
سۇدا قارشىلىق كورسەتكۈچى كۈچ بولمىغانلىقتىن، ئۇرۇش
قىلماي كىرگەن، ئادەم ئۆلتۈرۈشكىمۇ يول قويمىغان ئىدى.
بىراق شەھەر ئىچىدىن تومۇر سىجاڭنى قەستلەپ ئوق ئېتىل-
غاندىن كېيىن، ئوي - دۇكانلارنى ئاختۇرۇپ يوشۇرۇپ قولغا چۈش-
كەن خەنزۇلارنى ۋە پاھىشە يولىغا ماڭغان بۇزۇق ئاياللارنى-
خەنزۇغا تەككەن ئۇيغۇر ئاياللارنى ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىنى قىل-
دى. لېكىن قانچە ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، سان جەھەتتە ياڭ چى-
مىن جامەدا ئۆلتۈرگەن ئادەم سانىغا يەتمەيتتى. دىمەك تومۇر
سىجاڭ ئاقسۇدا قىرغىن قىلدى دىگەن سوز پاكىتقا ئۇيغۇن ئە-
مەس، پەقەت قەست قىلغانلارنىلا پەش قىلغان.

ئاقسۇنىڭ مەمۇرى ئىدارە خادىملىرىنىڭ تولىسى يېڭى-
شەر (ئاسۇق)گە توپلىنىۋالغان بولغاچقا، توڭگان ئەسكەرلىرى
ئاسۇققا چۈشكەندىن كېيىن، ئوز ئارا كېلىشىپ، كوپرەك ئول-
جا - غەنىمەتلەرنى، قورال - ياراقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى.
تومۇر ئېلى قۇرۇق شەھەرگە ئىگە بولۇپ غەنىمەتتىن قۇرۇق قال-

دى. قورال - ياراقلارنى بۆلۈپ بېرىشكە تۇڭگانلارنىڭ كۆڭلى ئۇنىماي ئوتتۇردا ئازراق ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا بولدى. بۇ ئارىلىقتا ماشىمىڭ يەنە بىر تۈركۈم كۈچ ئەۋەتتى. ئۇنىڭ باشلىقى ماجەنچاڭ ئىدى. بۇنى ئالتە شەھەر تەرەپتە مازىخۇي ياكى چولاق زىخۇي دەپ ئاتايتتى. بۇكىشى كېلىپ ئوتتۇردىكى ئىتتىپاقسىزلىقلارنى تۈگىتىپ قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلدى.

تومۇرسىجاڭ ئاقسۇدا ئۆز قىسىملىرىنى يەنە بىر قۇر رەتلەپ، ھەمدەم بەگ ھاجى، ئەھمەتخان، ھامۇتخان، ھاپىز زۇڭجاڭ ۋە ئېلى ھاجىلارنى تۇەنجاڭ (پولكوۋنىك) لىققا تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئابدۇقادىر فۇگۇەنجاڭ، توختى يىڭجاڭ دىگەن كىشىلەر تومۇر سىجاڭنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان مۇھاپىزەتچى قىسىملار ئىدى، ئاقسۇلۇق بايىز شاڭيو، ئاقسۇ تەۋەسىدىن بىر قانچە يۈز پىدائىيلارنى توپلاپ تومۇر سىجاڭغا قوشۇلدى. بۇ كىشىگە لۇيجاڭ (بىرىگادا قوماندانى) ئۇنۋانى بەردى.

**(5)**

تومۇر سىجاڭ ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن مارالۋېشىنىڭ تۇمشۇق دىگەن يېرىگە بارغاندا قەشقەردىن كېلىپ مۇداپىئە سېپى قۇرغان ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى ياڭچىمىنىڭ باشچىلىقىدا، قەشقەر، يەركەندىن نۇرغۇن ئەسكەر توپلاپ مارالۋېشىنى ئالدىنقى سەپ قىلىپ تۇمشۇقتا مۇستەھكەم ئىستىھكام قۇرۇپ، خەندەك - لەخمە قېزىپ،



تومۇر سىجاڭ ئەسكەرلىرىنى قاتتىق توستى. بۇ يەردە جەمئىي 47 كۈن ئۇرۇش بولدى. تومۇر سىجاڭ ۋە مازىخۇي ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بۇ سەپنى بۇزۇش ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئۇرۇش قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئوغلاق ئويناپ، ناغرا چېلىپ مەرىكە قۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى قىلدى. شۇڭا قوزغىلاڭچىلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ كۈچلەندى. بۇ يەردىكى ئۇرۇش داۋامىدا ھەتتا خوتەن ئىسلام ئاۋات، تەۋەككۇل دىگەن جايلاردىن ئوبۇلقاسىم بەگ دىگەنلەر كېلىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئاقسۇ، كەلپىن، ئاۋات، توقسۇ، شايار تەرەپلەردىن توپ - توپ بولۇپ كېلىپ قوشۇلغانلار بەك نۇرغۇن. بۇ جەرياندا بىر كۈنى ھوكۇمەت ئەسكەرلىرىدىن 30 ئۇيغۇر پۈتۈن قورالى بىلەن تۇمشۇقتىن قېچىپ جاڭگال ئارقىلىق كېلىپ تومۇر سىجاڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلغان. بۇ 30 ئادەم قوشۇلغىلى كەلگەندە ھەمدەم بەگ ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرى تۇتۇۋېلىپ تومۇر سىجاڭنىڭ ئالدىغا باغلاپ ئېلىپ كەلگەندە ھەمدەم بەگ ھاجى سىياسەت قىلىپ: «بۇ ئوغرىلارنى تۇتتۇۋالدۇق، ئېتىپ تاشلىساق بولارمىكىن؟» دىگەندە ئۇلار قورقۇپ يالۋۇرۇپ: «بىزنى مەجبۇرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋېلىپ چىققان. نەچچە كۈندىن ئۇرۇشتا ئاسمانغا ئوق ئېتىپ كەلدۇق. مۇسۇلمانلارغا ئوق ئېتىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى. شۇڭا مەسلىھەتلىشىپ سۇدا ئېقىپ جاڭگالغا ئۆتۈپ، ئاندىن بۇ تەرەپكە كەلدۇق. بىزگە رەھىم قىلسىلا، پىدائىي بولۇپ غازات قىلساق» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن تومۇر سىجاڭ ئۇلارنى ھەرقايسى قىسىملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتتى.

يەنە بىر كۈنى ئىككى نەپەر قىرغىزنى ئەسكەرلەر تۇتۇۋېلىپ كەلتۈردى، ئۇلارنىمۇ باغلاپ ئېتىپ-تىڭلاپ كەلدىڭلار دەپ، يولدا ئېتىۋەتمەكچى بولغاندا، قىرغىزلار: بىزنى تومۇر سىجاڭ دىگەن باشلىق بىلەن كۆرۈشتۈر. ئاندىن كېيىن ئېتىۋەتسەڭلەرمۇ مەيلى، دەيدۇ. ئۇلارنى تومۇر سىجاڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، بىرسى تومۇغىنى سوكۇپ بىر پارچە خەت چىقىرىپ بەردى. بۇ خەتنى تويۇندىكى ئوسمان ئېلى يازغان بولۇپ، خەتتە: «سىزلەر ئاتا، بىزلەر بالا، بىز غازى مۇھاجىت خوجانىيازھاجى، غازى تومۇر سىجاڭغا بەيئەت قىلىمىز،» دىيىلگەن ۋە قانداق قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورالغان. تومۇر سىجاڭ بۇ قىرغىزلارغا ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر ئەپەندى دىگەن كىشىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. بىر دانە بايراققا «ئىننا-پەتەھنا»نى يېزىپ، ھازىرچە قەشقەرگە تەگمەي تۇرۇڭلار، ئارقا يول بىلەن مارالۋېشىغا كېلىپ دۈشمەن سېپىنىڭ ئارقىسىدىن ھۇجۇم قىلىڭلار!» دىيىلگەن.

قەشقەردىكى ماشياۋۇ (مادوتەي) تومۇر سىجاڭغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، قەشقەر ۋە يەركەندىكى ھوكۇمەت ئەسكەرلىرىنى توپلاپ مارالۋېشىدا توسقاندىن تاشقىرى يەنە قىرغىزلاردىن ئەسكەر ئېلىشنى پىلان قىلىدۇ. بۇچاغدا ئۇلۇغچات چېگرىسىغا مەسئۇل بولۇپ تويۇندا تۇرۇۋاتقان چىڭتۈگلىك (تۇگنوك)نىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتقان ئوسمان ئېلى ئىسىملىك بىر تەرجىمان قىرغىز بار ئىدى. چىڭتۈگلىك بۇ كىشى ئارقىلىق قىرغىزلاردىن ئەسكەر ئالىدۇ ۋە ئۇلارغا



قورال تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ قىرغىزلار كەلگەن، مارالۋېشى تەرەپلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئىڭ-تىڭلاپ، كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان، ئۇلار خۇدا يولىدا غازات قىلىۋاتقانلار ئىكەن، مۇسۇلمان تۇرۇپ، مۇسۇلمانغا ئوق ئاتساق چوڭ گۇنا بولىدۇ، دەپ تۇرغاندا، تومۇر سىجاڭنىڭ ئالدىغا ئەۋەتكەن ئادەملىرى كېلىپ ئەھۋالنى خەۋەر قىلىدۇ. ئەۋەتكەن بايراقنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپ مىلتىقنىڭ ئۇچىنى دۈشمەنگە قارىتىپ چىڭتۈگلىكنى شۇ يەردىلا ئۆلتۈرۈپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ.

بۇ چاغدا تومۇر سىجاڭ ئەسكەرلىرى مارالۋېشىدىكى دۈشمەن سېپىنى بۇزۇپ تاشلاپ قەشقەرگە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. مارالۋېشىدىن تارمار بولۇپ قاچقان ھوكۇمەت ئەسكەرلىرى تەرەپ-تەرەپكە قاچىدۇ. پەيزىۋات يولى بىلەن قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى يول ئۈستىدە دېخانلار توساپ پۈتۈنلەي يوق قىلىدى. ياڭچىمىن يارىدار بولۇپ قەشقەرگە قېچىپ بېرىۋالدى. يەركەن تەرەپكە قاچقانلارنى يۈگگان قوشۇنلىرى قوغلاپ بېرىپ پۈتۈنلەي ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئەسكەرلەرنى ئۆز قىسىملىرىغا قوشۇپ رەتلىۋالدى.

بۇ چاغدا ئوسمان ئېلى باشچىلىقىدىكى قىرغىزلار قەشقەر كونىشەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار سېپىلنىڭ ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ شىمالىي دوخمۇشىنى يانتۇلاپ چېپىپ ئاتلىق سېپىلگە چىقىدۇ - دە شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. بۇ 1933 - يىلى 3 - ئايدىكى ۋەقە. تومۇر سىجاڭ قىسىملىرىمۇ دۈشمەننى قوغلاپ قەشقەرگە كىرىدۇ. غالىبىيەتنى تەنتەنە قىلىپ قەشقەر ھېيتكا

ئالدىدا، نەچچە يۈزلىگەن ئاتلىقلار توپلىنىپ، ئاسمانغا قارىتىپ 400 پاي ئوق ئاتىدۇ. مادوتەي قەشقەر ھاكىمبېگىنى ۋە دولەت غەزنىسىنى تومۇر ئېلىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. تومۇر ئېلى كونىشەھەر ۋالى مەھكىمىسىگە، ئوسمان ئېلى (قىرغىز، ئوسمان سىجاك) يۇمۇلاق شەھەرگە، مازىخۇي قەشقەر يېڭىشەھەرگە ئورۇنلىشىدۇ.

مادوتەي ئەسلىم بولۇپ ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئىبراھىم لوزۇڭنىڭ بېغىدا تۇردى. ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئىلگىرىكى مەمۇرى ئەمەلدارلىرى ۋە ئەتراپ ناھىيىلەردىن قېچىپ كەلگەن ئەمەلدارلار (ھەممىسى خەنزۇ) ۋالى مەھكىمىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر ھويلىغا جايلىشىپ ياتتى. بىر قىسىملىرى يېڭىشەھەرگە ئورۇنلاشتى. قەشقەردە ئومۇمەن قان تۆكۈلۈش ئىشلىرى بولمىدى.

قەشقەرنىڭ غەزنە ئەھۋالى مۇنداق ئىدى: قەشقەر ۋالى مەھكىمىسىدە ئەزەلدىن تىنزا بېسىش، تەڭگە قۇيۇش، مىس پۇل چىقىرىش كارخانىلىرى (دەستگاھلىرى) بار ئىدى. غەزنە ئۆي 4 ئېغىزلىق بولۇپ ئاز كام بىرقانچە يۈز توننىدەك زاپاس كۈمۈش، 8 - 10 توننىدەك ئالتۇن بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئوق - دورا، مىلتىق - تاپانچىلار بار ئىدى.

تومۇر سىجاك قەشقەردە تۇرغان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى تۆۋەندىكىچە بولدى:

1 - ئوسمان ئېلى (سىجاك) مىڭدىن ئارتۇق قىرغىز ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن قەشقەر يۇمۇلاق شەھەردە تۇراتتى.



2 - ھەمدەم بەگ ھاجى لۈيجاڭ، كۇچارلىق ئۇيغۇر. نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر بىلەن توشۇك دەرۋازا سىرتىدىكى گازارمىدا تۇراتتى.

3 - ھامۇتخان لۈيجاڭ، ئۇيغۇر، قۇمۇللۇق ئوز ئەسكەرلىرى بىلەن دولەتباغدا تۇراتتى.

4 - يۈسۈپجان، سېتىۋالدىجان تۇەنجاڭ، ئۆزبېك قوشۇن، ياۋاغ دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى. بۇ قوشۇندىكىلەر ئەسلىدە سوۋېت ئېيىردىن قېچىپ ئۆتكەن قورالىقلار بولۇپ، تومۇر ئېلى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن قايتا تەشكىللىنىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. قورال خىل، جەڭگىۋارلىق كۈچى ئۈستۈن ئىدى.

5 - كىچىك ئاخۇن تۇەنجاڭ، قەشقەر ئاتۇشلۇق، قەشقەردىن ئەسكەر ئېلىپ تەشكىللىگەن پولك. توشۇك دەرۋازىنىڭ سىرتىدا تۇراتتى.

6 - ئەخمەتخان لۈيجاڭ، كۇچارلىق ئۇيغۇر. قەشقەر يېڭىساردا تۇراتتى.

7 - ھاپىز لۈيجاڭ، كۇچارلىق ئۇيغۇر. يەركەندە تۇراتتى.

8 - ئېلى ھاجى تۇەنجاڭ، كورلىلىق. بۇ كىشى قەشقەرگە كەلگەندە تومۇر سىجاڭ بۇ قىسىمنى ئالاھىدە جابدۇپ، خوجا نىياز ھاجىغا ياردەم ئۈچۈن ئۈرۈمچى تەرەپكە يولغا سالدى. بۇ ئەسكەرلەر قىزىل شەلپەردە چاپان كىيىپ ئات ئۈستىگە ناغرا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ناغرا - سۇنەي چېلىپ

داغدۇغا ئىچىدە يولغا چىقتى. ئېلى ھاجى قاراشەھەردە خوجا نىياز ھاجى بىلەن ئۇچراشقان.

قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋالىلار تەيىنلەندى:

ئابلا داموللا 1 - ۋالىي. ئۇيغۇر، توخسۇنلۇق. تۆمۈر سىجاڭنىڭ باجىسى ھەم تۇققىنى. قەشقەرگە كېيىن بارغان. كېيىنكى يىللاردا ئۈرۈمچىدە دىخانچىلىق - كانچىلىق نازارىتى ۋە مائارىپ نازارىتىگە نازىر بولدى. 40 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

يونۇس بەگ مۇئاۋىن ۋالى، تۇرپانلىق ئۇيغۇر. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سىياسى - قانۇن مەكتىۋىدە ئوقۇغان. كېيىنكى يىللاردا ئۈرۈمچىدە دېخانچىلىق - كانچىلىق نازارىتىگە نازىر بولدى. 37 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلدى.

سۇجىنشۇ مۇئاۋىن ۋالى، خۇيزۇ. ياڭ زېڭشىن دەۋرىدە سىياسى - قانۇن مەكتىۋىدە ئوقۇغان. ئازراق چوقۇرى بار، ئىگىز بويلۇق ئادەم. دائىم رەسىم ئاپاراتى كۆتۈرۈپ يۈرەتتى، بۇ ئادەمنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ماڭا مەلۇم ئەمەس.

تۆمۈر سىجاڭ قەشقەردە بىر مەكتەپ ئاچتى. ئورنى نوۋبېشى دېگەن يەردە بولۇپ، ھۆكۈمەت تەمىناتى بىلەن 2 - 3 يۈز نەپەر چوڭ ياشلىق باللار ئوقۇيتتى. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم (كېيىنكى ۋاقىتلاردا قەشقەرگە ۋالى بولغان) شۇ مەكتەپكە مۇدىر ئىدى.



(6)

تۆمۈر ئېلى قەشقەردە مۇقىملاشقاندىن كېيىن، خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى قەشقەرگە ئىتتىپاقلىشىش ۋە كېيىنكى ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن كەلدى. خوتەن قىسىملىرىنىڭ باشلىقلىرى ساۋۇت داموللا ھاجى، جانىبەگ قازى، شامەنسۇر (ئابدۇللا بەگ) قاتارلىقلار بولۇپ، بۇ مېھمانلار ئوبدان قارشى ئېلىندى. بىر قانچە كۈنلەردە مېھماندارچىلىق زىياپەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. خوتەن قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ مەقسىدى، تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئىدى. مۇزاكىرە نەتىجىسىدە پىكىر ئىختىلاپى چىقتى: بۇنىڭدا تۆۋەندىكى سەۋەبلەر بار ئىدى: تۆمۈر ئېلىدا توخسۇندىن باشلاپ قەشقەر - يەركەنگىچە ئۇرۇش قىلىپ ئىسلام ئېچىپ كەلدىم دەيدىغان چۈشەنچە بىلەن خوتەنلىكلەرنى كۆزگە ئىلماسلىقتەك ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى؛ خوتەنلىكلەردە بولسا، تۆمۈر ئېلى ئوقۇمىغان، ھارۋىكەش، چوڭ ئىشلارنى باشقۇرالمايدۇ دەيدىغان كۆز قاراش بار. شۇ كۈنلەردە شامەنسۇر قەشقەرگە مېھمان بولۇپ كېلىپ: «بۇ ھارۋىكەش چوڭ ئىشلارنى قىلالمايدۇ، شەھەرنى بىكارلاپ بەرسۇن» دېگەن سۆزنى قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا خوتەنلىكلەر تۆمۈر سىجاڭنىڭ ئىشلىرىنى ياراتماي: «ئەسكەر باشلىقلىرىنى پانسەت، ئون بېشى، قور بېشى دېمەستىن يەنە شۇ تۆەنجاڭ، لىيەنجاڭ دەيدىكەن»، «ئىسلام ئاچتىم» دېگىنى قېنى؟ دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. بۇ سۆزلەر تۆمۈر سىجاڭ-

ىنىڭ قولىغا ئاتلىنىپ ئاچچىقىنى قوزغايدۇ. شۇ سەۋەپتىن خوتەنلىكلەرنى پۈتۈنلەي قورالسىزلاندۇرۇپ، ساۋۇت داموللا، جانىبەگ قازى، شامەنسۇر قاتارلىق باشلىقلارنى قاماققا ئالدى. ئەسكەرلەرنى ئەسىر ھېساۋىدا خوتەنگە قايتۇرۇۋەتتى.

دەل شۇ كۈنلەردە خوجا نىياز ھاجى تەرىپىدىن بىر ئالاقە كەلدى. بۇ خەتنى خوجا نىياز ھاجى گۇچۇڭدىن ئەۋەتكەن. تۇخسۇنلۇق شېرىپ ئاخۇن دېگەن كىشى قەشقەرگە يەتكۈزۈپ كەلدى. خەتتە: «بىز شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇق، ماجۇڭيىڭ بىلەن ئارىمىز بۇزۇلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قەشقەردىكى تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇپ، ئارىدىن كۆتىرىۋېتىڭلار» دېيىلگەن.

تۆمۈر سىجاڭ بۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ: «شىڭ شىسەي بىلەن ئىتتىپاقلاشتى دېگەن قانداق گەپ. ئۇ دىنسىز تۆرسا، ماجۇڭيىڭ دېگەن مۇسۇلمان. شىڭ شىسەي دېگەن مېنىڭ ئىنىم تۇختاخۇننى تۇخسۇندا ئۆلتۈرۈۋەتتى. مەن شۇ ئىنىمنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، شىڭغا قارشى ئەسكەر تارتىمەن، خوجا نىياز ھاجىنىڭ بۇ ئىشىغا قوشۇلمايمەن دېگەن سۆزلەرنى قىلدى.

ئوسمان سىجاڭ بۇ خەتتىن خەۋەر تېپىپ يېڭىشەھەردىكى تۇڭگانلارنى يوق قىلىۋاتايلى دەپ پىكىر قىلدى. بۇ مەسىلىدە تۆمۈر سىجاڭ (1) ھەممىمىز بىر مۇسۇلمان، بىر-بىرىمىز بىلەن ئۇرۇشماسلىقىمىز كېرەك؛ (2) ماجەنچاڭنىڭ قولىدا 2 - 3 مىڭدەك خىل ئەسكەر بار، ئۇلار باش توخۇدا ئورنىدىن تۇرۇپ تاڭ ئاتقۇچە مەشىق قىلىدۇ. ئۇلارنى ئارىدىن كۆتىرىۋې-



ۋېتىش ئاسان ئەمەس؛ (3) ئەگەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلساق، ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. ئۇ چاغدا نەچچە مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە پۇقرالار ئوتۇن - سامان توشۇپ كاردىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغاندىن قىلمىغىنىمىز ياخشى دەپ پىكىر قىلىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن تۆمۈر سىجاڭ بىلەن ئوسمان سىجاڭ ئوتتۇرىسىدا ئازراق كۆڭۈل قېلىش ئىشلىرى بولدى. لېكىن ھەر ئىككى تەرەپ بىلىندۇرمەستىن بىر مەزگىل ئىتتىپاق بولۇپ ياخشى ئۆتتى.

(7)

1932 - يىلى تۆمۈر ئېلى، ئاتىسى ئەھمەت ھاجىنى قەشقەر سوگەتلىككىچە ئۇزىتىپ كېلىپ ھەرەمگە يولغا سالغان ئىدى. 1933 - يىلى يازدا ئەھمەت ھاجى بىر توپ شىنجاڭلىق ھاجىلار بىلەن قايتىپ كەلدى. تۆمۈر ئېلى قەشقەردىن بىر قانچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر، پوچتا، ماشىنىلار بىلەن يەنە شۇ سوگەتلىككە چىقىپ ئاتىسى ئەھمەت ھاجى باشلىق ھاجىلارنى كۈتۈۋالدى. بىر يىل ئىچىدىكى بۇ ئۆزگىرىش ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. ئەھمەت ھاجى بىلەن بىر سەپەردە 50 - 60 تەك ھاجىلار بىرگە كەلدى. قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئەسلىدە شىنجاڭلىق ھاجىلار ھىندىستان تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھاجىلارنى كۈتۈۋېلىپ ھەقسىز پويىزغا ئولتۇرغۇزۇپ ھەر بىر جايدا قوي ئولتۇرۇپ تاماق - ياتاق ھەممە جەھەتتە مېھمان قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەھمەت ھاجىغا «تۆمۈر پادىشا» نىڭ ئاتىسى دەپ كاتتا ھۆرمەت

گورستىندۇ. ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىغا كەلگەندە زىياپەت ئويۇشتۇرۇپ ئەھمەت ھاجىنىڭ ئالدىغا بىر پەتنۇس تىللا (تەخمىنەن 50 چە بار) قويۇپ دۇئا ئالىدۇ ۋە بىر پارچە خەت بېرىدۇ.

ئەھمەت ھاجى ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەۋەتكەن خەتنى تومۇر سىجاڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، تومۇر سىجاڭ بۇ خەتنى ئۆز ئۆيىدە ئوقۇتتى. بۇ خەت ئەنگلىيە ئايال پادىشاسى نامىدىن يېزىلغان بولۇپ، يونۇسبەگ ئوقۇدى. خەتنىڭ باش تەرىپىدە، غازى، پادىشا دېگەندەك بىر مۇنچە مەدھىيىلەر ۋە تەبرىك سوزلەر يېزىلغان. سىز پادىشا بولدىڭىز، قەشقەردە ئىسلام ھوكۇمىتى قۇردىڭىز، دوست بولايلى، ئىتتىپاق بولايلى، 10 مىڭ، 20 مىڭ قورال - ياراق لازىم بولسا يەتكۈزۈپ بېرىمىز. 10 مىڭ، 20 مىڭ ئەسكىرىي كۈچ لازىم بولسا يەتكۈزۈپ بېرىمىز دېيىلگەن. (خەت ئوقۇلغاندا مەنمۇ بار ئىدىم. گەرچە كىچىك بولساممۇ يۇقۇرقى مەزمۇن ئېسىمدە قاپتۇ).

تومۇر سىجاڭ خەتنى ئوقۇتۇپ ئاڭلاپ ماقىلىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ: «ئۇلار ناسارا دىنىدىكىلەر تۇرسا، ئىتتىپاق بولۇپ ئۇلاردىن ياردەم تىلىگەندىن كورە، خۇدادىن نۇسرەت تىلىسەك بولدى دەپ خەتنى ئېتىۋارسىز قالدۇردى.

شۇ كۈنلەردە قەشقەردە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى بىر چوڭ زىياپەت ئوتكۈزدى. زىياپەت ئورنى سەمەنىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولۇپ، كولىمى چوڭ، بۇ زىياپەتتە ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىلار، قەشقەرنىڭ



چوڭ - چوڭ بايلىرى، ئۆلىمالىرى ۋە ھەربى باشلىقلار، ئاتاقلىق ئەسكەرلەر بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا تومۇر سىجاڭغا ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئەھمەت ھاجىغا تون ياپتى ۋە ئىگەر - توقۇملۇق 4 دانە قارا ئارغىماق سوغا قىلدى. زىياپەت بېرىلگەن كۈنىنىڭ ئاخشىمى تومۇر سىجاڭ ئۆز ئۆيىدە كىيوغلى مەھەممەت قارى ۋە باجىسى ئابلا داموللىلار بىلەن سوزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن كىرگەندە تومۇر سىجاڭ: «بولشىۋىكلەر بىزنىڭ بۇخاراشېرىپنى ۋەيران قىلدى. بىز يەنە ئۇلار بىلەن بىرلىشىمىزمۇ» دېگەن سوزلەرنى قىلىۋاتقان ئىكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسى زىياپەت بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا دوستلۇق - ئىتتىپاقلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش توغرىسىدا گەپ - سوز قىلغان بولۇشى كېرەك. تومۇر سىجاڭ ئۇلارنىڭ تەكلىۋىنىمۇ رەت قىلغان.

شىڭ شىسەي 3 - قۇرۇلتايدا سوزلىگەن نۇتقىدا قەشقەردە تومۇر ئېلى، ساۋۇت داموللىلارنىڭ ھەممىسى قورچاق ھوكۇمەت قۇرغۇچىلاردۇر دېگەن خۇلاسە سوز بار. شۇنىڭغا قارىغاندا تومۇر سىجاڭ قەشقەردە ئاز ۋاقىت تۇرسىمۇ، ئۆز ئالدىغا بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.

شۇ ۋاقىتلاردا ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم نوۋېشى مەكتەپ مۇدىرى سۈپىتىدە بىر كۈنى ئوقۇغۇچىلارنى سەپكە تىزىپ يېڭىشەردىكى مازىخۇيغا سالام بېرىش ئۈچۈن چىققان ئىكەن. بۇنى تومۇر سىجاڭ ئاڭلاپ، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنى دوتەي

يامۇلغا قىچقارتىپ نۇرغۇن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئەيىپلەندى. ئوقۇغۇچىلارنى يېڭىشەھەرگە تازىمغا ئېلىپ چىقىپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇنىڭدىن ئىنئام ئالماقچىمۇ؟ مېنىڭ بەرگەنلىرىم يەتمىدىمۇ؟ ۋاھاكازا. ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم خوش، خوش دەپ قول قوشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم.

ئەمما ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم شۇ ۋاقىتلاردىلا نوپۇزلۇق ھەم باي ئادەم بولغاچقا تومۇر سىجاڭغا قارشى بەزەن گەپ-سۆزلىرىمۇ بار ئىدى. مەسىلەن: «قەشقەرنى ھارۋىكەشكە تارتتۇرۇپ قويدۇق» دېگەن سۆزلىرى قەشقەرنىڭ يۇقۇرى تەبىقە بايلىرى ئىچىدە ئېقىپ يۈرەتتى. تومۇر سىجاڭنىڭ ئەتراپىغا مەسىلەن: ئىبراھىم لوزۇڭ، ئومەر باي، ئابدۇرېھىم بايۋەچچى قاتارلىق نوپۇزلۇق بايلار ئۇلىشىپ، مەمۇرى ئىشلارغا ئارىلاشقان ئىدى.

(8)

تومۇر سىجاڭ شۇ ۋاقىتتا تۆۋەندىكى بىرقانچە خىل قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا قالغان ئىدى:

1 - ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە ئېنگلىز كونسۇلخانىسىنىڭ نارازىلىقى؛

2 - سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ نارازىلىقى؛

3 - مازىڭخۇي (تۇڭگان) قىسىملىرىنىڭ قارشىلىقى؛

4 - ئوسمان سىجاڭ باشچىلىقىدىكى قىرغىزلارنىڭ قارشىلىقى؛



5 - ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم قاتارلىق قەشقەر بايلىرىنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى.

تومۇر ئېلى بۇ خىل قارشىلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ قەدەر خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىيەلمەيتتى. ئۆزىنىڭ قارا كۈچىگە تايىنىپ، قارشىلىقلارنى كۆزىگە ئىلمايتتى.

خوجانىياز ھاجى تەرەپتىن قەشقەردىكى تۇڭگان قىسىملىرىنى قورالسىزلاندۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇقلار كېلىپ تۇرغاچقا، تومۇر سىجاڭ بۇ مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىپ باش قاتۇراتتى. شۇنداق پەيتتە، قەشقەردىكى تۇڭگان قىسىملىرى تومۇر سىجاڭنى بىخۇتلاشتۇرۇش ياكى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ماجۇڭيىڭ تەرەپتىن تومۇر سىجاڭغا «سىلىڭ»لىق ئۇنۋان بەردى. يېڭىشەھەردىكى مازىڭخۇي «سىلىڭلىق» تامغىنى تاپشۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ چوڭ زىياپەت بەردى. داغدۇغا قىلىپ تامغىنى بىر كۈن شەھەر چۆگىلەتتى. يېڭىشەھەردە بېرىلگەن زىياپەتكە تومۇر سىلىڭ 400 ئاتلىق ئەسكەر بىلەن چىقىپ قاتناشتى. بۇ زىياپەتتە، تۇڭگان ھەربىي باشلىقلاردىن تاشقىرى، ماشياۋۇ (مادوتەي) ياڭچىمىن دېگەنلەرمۇ بار، زىياپەت ئومۇمەن دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.

ئوسمان سىجاڭ ھامان تۇڭگانلارنى قورالسىزلاندۇرۇش پىكرىدە چىڭ تۇراتتى. يەنە بىر تەرەپتىن تومۇر ئېلىنىڭ سىلىڭ بولغانلىقىغا بەك نارازى ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بەمەنىيەت سۈركىلىشقان كۈنلەردە تومۇر سىجاڭنىڭ روزاخۇن

ئىسىملىك يېقىن بىر ئادىمى ئاتلىق يومۇلاق شەھەر ئىچى بىلەن دوتەي يامۇلغا ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، دەرۋازىدا پوستتا تۇرغان قىرغىز ئەسكەرلەر بۇ ئادەمنى ئاتتىن چۈشۈپ ئۆتۈشكە پىكىر قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئادەم ئاتتىن چۈشمەي ئۆتىمەن دەپ ئىككى ئارىدا جاڭجاللىشىپ قىرغىزلار روزاخۇننى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ قورالى بىلەن ئېتىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنى هايدىۋېتىدۇ. بۇ ئىش ئاخشام پەيتىدە يۈز بەرگەن. دېمەك بۇ ئىش ئاساسىي بۇزۇلۇشقا سەۋەپ بولىدۇ - دە، ئوسمان سىجاڭ باشچىلىقىدا يومۇلاق شەھەردە تۇرۇشلۇق قىرغىز ئەسكەرلەر ئاتلىنىپ تاققا قاچىدۇ. يول ئۈستىدە لەڭگەردە تۇرۇۋاتقان 10 نەچچە ئەسكەرنىڭ قورال - ياراق، ئاتلىرىنى بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ خەۋەر كەلگەندىن كېيىن، تومۇر سىلىڭ شۇ ئاخشىمىلا هامۇتخان لۈيجاڭغا ۋە ماجەنچاڭغا قىرغىزلارنى قوغلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇيرۇققا بىنائەن هامۇتخان لۈيجاڭ قىرغىزلارنى قوغلاپ شۇ ئاخشىمىلا يولغا چىقتى. ئەمما ماجەنچاڭ ھەربىي بۇيرۇقنى كېچىكتۈردى. ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئەتىسى كۈن چىققان ۋاقىتتا يېڭىشەردىن يېتىپ كەلگەن ئىدى.

(9)

شۇ ئەتىسى تومۇر سىلىڭ جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ۋالىي مەھكىمىسىدىن قۇمدەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى تومۇر سىلىڭنىڭ بېغى (ئەسلىدە ماھمۇتخان باينىڭ بېغى) دەپ ئاتىلىدىغان باققا كەلدى. بۇ باغدا تومۇر ئېلىنىڭ ئاتىسى ئەھمەت



هاجى قاتارلىق 20 دەك توخسۇن، تۇرپان هاجىلىرى بار ئىدى. تومۇر ئېلى بۇ يەردە هاجىلار بىلەن قوشۇلۇپ بامدات نامىزى ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن، ئۇرۇش ئەھۋالىنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ ماڭماقچى بولدى. ئاتىسى ئەھمەت هاجى باشلىق هاجىلار بارماڭ دەپ توستى. ئەھمەت هاجى بالىسىغا «سىز بارماڭ، هامۇتخان ئەسكەرلىرى بىلەن كەتكەندىن كېيىن، شۇ بىر تەرەپ قىلىپ كېلىدۇ» دېدى. تومۇر ئېلى بۇ نەسىھەتنى ئاڭلىمىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئوسمان سىجاڭنىڭ ئادەملىرىدىن قۇشمەت بەگ باشچىلىقىدا بىر نەچچە نەپەر قىرغىز باشلىقلار سالامغا كىرىپ: «بىز ئوسماننى قەيەردە بولسا تۇتۇپ كېلىمىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ قۇرئان تۇتۇپ ۋەدە بېرىپ چىقىپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئارقىدىنلا يېڭىشەردىن ئوسماننى قوغلاش ئۈچۈن كەلگەن تۇڭگان ئەسكەرلىرى تۈەنجاڭى (ئىسمى كامازا، كۆمۈشتە دەك ئاچىدىغان تۇڭگان) ۋە بىر نەچچە ھەربىي باشلىقلار باققا كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، بۇيرۇققا بىنائەن بىز كەلدۇق دەپ دوكلات بەردى. تومۇر ئېلى ئۇلارغا خاپا بولۇپ: «بۇيرۇقنى ئاخشام بەرسەم ئەمدى كەلدىڭلارمۇ؟ كېچىچە كونىشەر ئەتراپىنى ئايلاندىڭلار، سىلەرنىڭ مەقسىدىڭلار ئوسماننى قوغلاش ئەمەس، مېنىڭ جېنىمنى ئېلىش» دەپ ۋاقىراپ تىللىدى ھەمدە يېنىدا تۇرغان مىلتىقنى پىقىرىتىپ تۇڭگان باشلىقلارغا ئاتتى. مىلتىق بىر نەچچە غۇلاچ نېرىسىدا تۇرغان تۈەنجاڭنىڭ يېنىغا چۈشۈپ پارە - پارە بولۇپ كەتتى. تۇڭگان باشلىقلار «خوش - خوش» دېگەن پېتى

ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. تومۇرئېلى بىر ئاز دېمىنى باسقاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ: قېنى «ماڭا دۇئا بېرىڭىزلەر، ئۇزەم بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ» دېدى. بۇ چاغدا ئاتىسى ئەھمەت ھاجى: سىز بارماڭ، باشقىلار بارسۇن دەپ ئالدىغا ئۆتۈپ توسۇۋالدى. تېخى ئاچچىغى بېسىلمىغان تومۇرئېلى «ياق ئۇزەم بارىمەن، ئەجىلىم توشقان بولسا، كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە كىرىۋالسامۇ بەرىبىر ئۆلىمەن. ئەجىلىم توشمىغان بولسا ئۆلمەيمەن» دېدىدە باغدىن چىقىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭماقچى بولدى. دەرۋازا ئالدىدىكى ماشىنا ئوت ئالماي بىر دەم ھايال بولدى. باغدىكى ئەسكەرلەرنى قىچقىرىپ چىقىپ ماشىنىنى ئالدى - كەينىگە ئىتتىرىپ ئوت ئالدۇرغاندىن كېيىن يۈرۈپ كەتتى.

تومۇر سىجاڭ لەڭگەرگە بارسا، ھامۇتخاننىڭ قوشۇنلىرى ئۇرۇش تەييارلىقىدا تۇرۇپتۇ. قىرغىزلارنىڭ قارىسىمۇ كۆزۈنمەيدۇ. تومۇرئېلى يىراقلارغا دۇربۇن تارتىپ بىر قۇر كۆزىتىپ، يېقىن ئارىدا ئوسمان سىجاڭنىڭ ئادەملىرى يوقلۇغىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھامۇتخانغا بىر مۇنچە يولىيورۇقلارنى كۆرسىتىپ ماشىنا بىلەن شەھەرگە قايتىدۇ. ئەتتەڭگەن سائەت 10 بولغان چاغدا ماشىنا بىلەن لەڭگەردىن چىقىپ توغراق مازار دىگەن يەرگە كەلگەندە تۈڭگان قوشۇنلىرى شۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ئىكەن. تومۇر سىجاڭ ماشىنا بىلەن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن 200 ئاتلىقتىن جىقراق تۈڭگان ئەسكىرى يولنىڭ ئىككى چېتىگە بۆلۈنۈپ كاناي چېلىپ



قارشى ئالىدۇ. ماشىنا بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. تەخمىنەن 200 مېتىر ئۆزۈپ چىققان تومۇر سىجاڭ شوپۇرغا ماشىناڭنى توختات، ئارقىغا ياندۇر. مېنىڭ تۈڭگانلارغا سۆزلەيدىغان سۆزۈم بار دەپ ماشىنىنى ئارقىغا قايتۇرۇپ، تۈڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا بېرىپ توختاپ ماشىنىدىن چۈشىدۇ. تۈڭگان ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقلىرى سىلىڭنى ھۆرمەتلەپ ئالدىغا توپلىنىدۇ. ئەتىگەن باغدىكى ئاچچىغىنى داۋاملاشتۇرغان تومۇر سىلىڭ ئۇلارغا يەنىلا قاتتىق گەپ قىلىدۇ. شۇ پەيتتە ئاتلىق تۇرغان تۈڭگانلاردىن بىرسى مىلتىق پايىنىگىنى كۆتىرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ قالغان ئابلا داموللا بىلەن شاكىر قازاق ئىككىسى تۈڭگانلارنىڭ پەيلى بۇزۇلغانلىقىنى سېزىپ دەرھال تەرەت سۇندۇرۇش بانىسى بىلەن يولنىڭ چېتىدىكى قوناقلىققا چىقىپ تۇرۇشىغا پاراس - پۇرۇس ئوق چىقىدۇ. بۇ ئىككىسى قوناقلىق بىلەن قېچىپ قۇتۇلىدۇ. تومۇر سىجاڭ، زاكىر قازاق، ئىمىن پالۋان، ئىبراھىم قارى، شوپۇر ساۋۇت ئاخۇن (خوتەنلىك) بەش كىشى شۇيەردە ئولتۇرۇلىدۇ. تۈڭگانلار تومۇر سىجاڭنىڭ بېشىنى كېسىپ لاتىغا چىگىپ ئىگەرنىڭ يېنىغا ئېسىپ، ئات چاپتۇرغان پېتى ئوق ئېتىپ شەھەرگە بېسىپ كىرىدۇ. شەھەردە توختى يىڭجاڭنىڭ دەرۋازىلارغا قارايدىغان ۋە ۋالى مەھكىمىسىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئاز سانلىق ئەسكەرلىرىدىن باشقا ئەسكەر يوق ئىدى. شۇڭا تۈڭگان قىسىملىرى شەھەرنى ئوڭۇشلۇق بېسىۋالدى.

شۇ كۈنلەردە ئافغانلار يەركەنگە ھۇجۇم قىلدى دېگەن

گەپ پەيدا بولۇپ، سىتىۋالدىجاننىڭ ئۆزبېك پولكىنى يەركەن
تەرەپكە كەتكەن ئىدى. تومۇر سىجاڭنىڭ ئانىسى ۋە خوتۇن -
بالىلىرىنى، ھەمدەم بەگ ھاجى ۋە ئەھمەتخان لۈيجاڭ قاتارلىق-
لارنىڭ بالا - چاقىلىرى 70 ھارۋىدا پەيزىۋاتقا يېتىپ كەلگەن
بولغاچقا، ھەمدەم بەگ ھاجى پۈتۈن ئەسكىرى بىلەن پەيزى-
ۋاتقا كەتكەن ئىدى. ھامۇتخان لۈيجاڭ لەڭگەردە. شۇڭا تۇڭ-
گان ئەسكەرلىرى قارشىلىقسىز كونىشەرنى ئىشغال قىلىپ، غەز-
نىدىكى نەچچە تونىنا ئالتۇن - تىللالارنى ۋە تومۇر ئىلىنىڭ
خۇسۇسى مۈلكىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ يېڭىشەھەرگە يۆتكەپ
كەتتى.

تومۇر سىجاڭ ئۆلۈپ 3 - كۈنىسى پەيزىۋات تەرەپتىن
ھەمدەم بەگ ھاجى، توختى يىڭجاڭ، ھامۇتخان لۈيجاڭ قاتار-
لىقلار قەشقەر كونىشەرگە ھۇجۇم قىلدى. يەركەن تەرەپتىن سى-
تىۋالدىجان پولكى، يېڭىسارىدىكى ئەھمەتخان لۈيجاڭلار كېلىپ
قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. ئوسمان سىجاڭمۇ تاغدىن قاي-
تىپ كېلىپ تۇڭگان ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇش قىلدى. ئۇرۇش
قاتتىق بولدى. كونىشەر قانچە قېتىم ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا، بىر
قانچە قېتىم تۇڭگانلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بولۇپمۇ سىتىۋالدى-
جاننىڭ ئۆزبېك پولكى غەيرەت بىلەن جەڭ قىلدى. يۇڭ تاي-
لىرىنى دومىلىتىپ كونىشەر ياۋاغ دەرۋازىسىغا يېقىنلاپ ھۇ-
جۇم قىلىپ شەھەرنى قولغا كىرگۈزدى. بىر قېتىم تۇيۇقسىز
ھۇجۇمغا ئۇچراپ شەھەر ئىچىدە ئۆزبېك پولكى ئېغىر تەلەپاتقا
ئۇچرىدى.



تومۇر سىجاڭنىڭ ۋاقتىدا قاماققا ئېلىنغان ساۋۇت دا-
موللا ۋە شامەنسۇر قاتارلىقلار قاماقتىن بوشىنىپ چىقىپ، ئا-
ساسەن ئۆزبېك پولكىغا يۆلىنىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام
جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى قۇردى. بۇ ۋەقە 1933 - يىلىنىڭ 11 -
ئاي ئىچىدە بولغان. (بۇ توغرىدا ئايرىم توختىلىمىز)

## (10)

33 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا خوجانىيازھاجى قاراشەھەر
تەرەپتىن چېكىنىپ ئاقسۇغا كەلگەن ئىدى. خوجا نىياز ھاجى
جەنۇبىي شىنجاڭ بوۋى زۇڭسىلىڭ (قوغداش باش قوماندانى)
ئۇنۋانى بىلەن ئاقسۇغا كەلگەندە، مەھمۇت سىجاڭ، سالىھ-
لۈيجاڭ، سەمەت ھاجى لۈيجاڭ، ئاقسۇدىكى باي سىجاڭ (ئەس-
لى ئىسمى بايىز) غوپۇر تۈەنجاڭ ۋە باشقىلار بىللە ئىدى.
قەشقەردىكى تومۇر سىجاڭ قىسىملىرىدىن ھامۇتخان لۈيجاڭ،
ھەمدەم بەگ ھاجى، ھاپىز لۈيجاڭ ۋە باشقىلار خوجانىياز ھا-
جىغا سالام بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇغا كەلدى. ھامۇتخان لۈيجاڭ-
نى خوجانىياز ھاجى ئۆز يېنىدا تۇرىدىغان مۇھاپىزەتچى بې-
رىگادىسى قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئاقسۇغا يەنە خوتەن قوشۇن-
لىرى كەلدى. بۇلار ئىنتايىن زور كۈچ بىلەن ھۇجۇم قىلىپ
كېلىۋاتقان ماڭۇيۇەن قىسىملىرىغا قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى
كۆرەتتى.

ئۇرۇمچى ھۆكۈمىتىدىن ئاقسۇدا ئايرۇدۇرۇم ياساش
بۇيرۇقى كەلگەن ئىكەن. ئاقسۇدىكى يېڭىشەھەرنىڭ شەرقىي
جەنۇبى تەرىپىدىكى يارداڭنىڭ ئۈستىدىكى تۈزلەڭگە ئىنستانسا

تۈزلەش ئۈچۈن، خوجانىياز ھاجى پۈتۈن قوشۇنغا بۇيرۇق چۈشۈردى. پۈتۈن ئاتلىق قىسىملار بۇ يەرگە توپلىنىپ بىر كۈن مەيدان چىنىقتى. شۇ ۋاقىتتا ئاقسۇغا توپلانغان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلىگى نامايان بولغان ئىدى.

شۇ كۈنلەردە سوۋېت ئىتتىپاقى قارا قول ئارقىلىق خوجانىياز ھاجىغا قورال - ياراق يەتكۈزۈپ بەردى. بۇ قورال، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن دوگوۋور بويىچە كەلدىمۇ ياكى خوجانىياز ھاجى ئاقسۇدا ئۆز ئالدىغا دوگوۋور تۈزۈپ ئالدۇرغانمۇ، بۇ جەھەتتە ماڭا مەلۇم ئەمەس. بەزىلەر 200 توگە دەيدۇ، بەزىلەر 60 توگە دەيدۇ. ھەر ھالدا ساندۇقلارغا قاچىلانغان بەش ئاتار مىلتىق ۋە بىر نەچچە دانە چاقلىق پىلىموت كەلگەن ئىدى. پىلىموت ئېتىشنى قۇمۇللۇق ئەسكەرلەرگە ئۆگەتتى. مىلتىقلار ھەر قايسى قىسىملارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بىر شۇ خوتەن قىسىملىرى مىلتىق ئالمىدى. خوتەنلىكلەر بىزگە چوماق بولسا بولدى دەپ قورال ئالماپتۇ دېگەن گەپ تارقالغان ئىدى.

مافۇيۈەن قىسىملىرى كۇچاردىن ئاقسۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. خوجانىياز ھاجى پۈتۈن قىسىملارنى قارا يۇلغۇنغا بېرىپ توساپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. خوجانىياز ھاجى، مەھمۇت سىجاڭ، باي سىجاڭ قاتارلىق ھەممە باشلىقلار ئۆزلىرى بىۋاستە قوماندانلىق قىلدى. بۇلار قىسىملار بويىچە ھەر قايسى ئىگىزلىكلەرنى ئىگەللەپ دۈشمەننىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتى.



خوتەن قىسىملىرى يول بويىدا يۇلغۇنلۇقلارغا موكۇنۇپ ياتتى. مافۇيۈەن قىسىملىرىنىڭ ئاپتوموبىل بىلەن ماڭىدىغان قىسىملىرى 8 - 10 ماشىنىدا تاغ ئىچىدىن چىقىپ كەڭ ئېقىن ئىچىدە كېلىۋېتىپ يۇلغۇنلۇقلارغا كەلگەندە خوتەنلىكلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ چوماقلاپ تۆڭگان قىسىملىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى. كېيىن تۆڭگانلار ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ چوماقچى قوشۇننى مىلتىق بىلەن ئېتىپ خوتەنلىكلەرنىمۇ جىق زىيانغا ئۇچراتتى. ئارىلاشما جەڭ بولغانلىقتىن ھەر قايسى ئىگىزلىكلەردە تۇرغان ئەسكەرلەر ئوق ئېتىپ خوتەنلىكلەرگە ياردەم بېرىشكە ئامالسىز قالدى. بۇ ئارىلىقتا تۆڭگانلارنىڭ ئاتلىق قىسىملىرى يېتىپ كېلىپ ئۇرۇش قىلدى. شۇ جەرياندا باي سىجاڭغا ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. بۇ خەۋەر خوجانىياز ھاجىغا يەتكەندىن كېيىن ھاجى بىر بۇيرۇق بىلەن چېكىندى. ئاڭلانغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا بۇ قېتىمقى چېكىنىشتە ئۆز ئۆزىدىن قورقۇنچە پەيدا بولۇپ ئاجايىپلا سەت قاچ - قاچ بولغان ئىدى.

خوجانىياز ھاجى ئاقسۇغا كېلىپ بىر نەچچە سائەت تۇرمايلا ئۈچتۇرپانغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدىن مەھمۇت سىجاڭ ۋە باشقا قىسىملارمۇ ئۈچتۇرپانغا بېرىپ قاقشال يولى بىلەن قەشقەر تەرەپكە كەتتى. بىزمۇ ئەتىسى ئۈچتۇرپانغا يېتىپ بارساق خوجانىياز ھاجى ئاللىقاچان تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىكەن. مەھمۇت سىجاڭ ھەممىنىڭ ئارقىدىن ماڭدى. بىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەندە مەن 1 - قېتىم مەھمۇت سىجاڭنى كۆرگەن ئىدىم.

خوجانىياز ھاجى قاقشال يولىدا كېتىۋاتقاندا قىرغىزلاردىن قۇلبەگ دېگەن كىشى كېچىسى ئوق چىقىرىپ خوجانىياز ھاجى بىللە ئېلىپ كېتىۋاتقان توگىلەردىكى قوراللارنى تارتىۋالماقچى بولغان بىر ۋەقەمۇ بار. خوجا نىيازھاجى كەتكەندىن كېيىن، ياقۇپ پۇگەن (شىنجۇاڭلىق) دېگەن بىر كىشى قارا يۇلغۇندىكى قاچ - قاچتىن ئاقسۇ ئايكولغا بىرلەپ - ئىنىككىلەپ كەلگەن ئەسكەرلەرنى توپلاپ 50 تەك ئەسكەر جەملەپ مافۇيۈەن قىسىملىرىنى توساپ قەشقەرگە ماڭغىلى قويمىدى. چوڭ يول بىلەن ماڭاي دېسە، ئاقسۇ دەرياسىدىن ئۆتكۈزمىدى. ئۈچتۇرپان يولى بىلەن ماڭاي دېسە، ياقۇپ پۇگەن ئايكولدىن ئۆتتۈرلاپ ئۈچتۇرپانغا ئۆتۈپ توستى. شۇنداق قىلىپ مافۇيۈەن قىسىملىرىنى بىر ئايدىن ئارتۇق ئاقسۇدا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ياقۇپ پۇگەن ئۆزىنى تۈەنجاڭ (پولكوۋنىك) دەپ ئاتاپ ئۈچتۇرپاننى ئىشغال قىلىپ بىرەر ئاي بولسىمۇ ئۈچتۇرپانغا ھەم شەنجاڭ، ھەم تۈەنجاڭ بولدى. ياقۇپ تۈەنجاڭ ئۈچتۇرپاندا تۇرغاندا بىر تەرەپتىن تۇڭگان قىسىملىرى ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىرغىز قۇلبەگمۇ ئۈچتۇرپانغا ھۇجۇم قىلدى. ياقۇپ تۈەنجاڭ ئاز ئەسكىرى كۈچ بىلەن ئىككى تەرەپتىن بولغان ھۇجۇمغا تەڭ كېلەلمەي چوڭ يول بىلەن قەشقەر تەرەپكە كەتتى. بۇ ئادەم كېيىنكى ۋاقىتتا مەھمۇت سىجاڭنىڭ قول ئاستىدا ياقۇپ تۈەنفۇ (ئورۇنباسار پولكوۋنىك) دېگەن كىشى شۇ بولسا كېرەك.



(11)

34 - يىلىنىڭ ئەتىيازلىقى 2 -، 3 - ئايلاردا ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى ئۈرۈمچىدىن چىقىپ چوڭ يول بىلەن قەشقەر تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاقسۇ، ئۈچتۇرپانلارغا سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى پەيدا بولدى. بۇ ئارمىيە شىڭشىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن توختامغا ئاساسەن كەلگەن ئىدى.

خوجا نىيازھاجى قاقشال بىلەن قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ قەشقەر يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قوزغاپ ماجەنچاڭ قىسىملىرىنى بىر مەزگىل قامال قىلدى. شۇ چاغدا ماجۇڭيىڭ قوشۇنلىرى قەشقەرگە يېتىپ بېرىپ خوجانىيازھاجى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغاندا خوجا نىيازھاجى تەرەپ يېڭىلىپ قەشقەر ئاغۇ تاغلىرىغا چېكىنگەن. ھاجى ئەركەشتام سوۋېت چېگرىسىغىچە چېكىنىپ بېرىپ بىرەر ئاي تۇرغاندىن كېيىن تاغ يولى بىلەن يەركەنگە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىن تارىم دەرياسىنى بويلاپ شاقۇردىكى قاچ - قاچلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ زۇڭسىلىڭ (باش قوماندان) ھەم ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ تۇردى.

ماجۇڭيىڭ ئۆزى قەشقەردە تۇرغان مەزگىلدە بولۇپمۇ ئۆزبېك قىسىملىرىنىڭ بىرقانچە قېتىم قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچراپ زەربە يېگەندىن كېيىن ئۈچ رىغان زىيانلىرىنى قەشقەر پۇقرالىرىدىن ئالماقچى بولۇپ قەشقەردە بىر دەھشەتلىك قىرغىن يۈرگۈزدى. بەختكە يارىشا ماجۇڭيىڭ قەشقەردە ئۇ-

زۇن تۇرالمىدى. ئۇزى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېتىشكە مەجبۇر بولدى. قالغان قالدۇق قىسىملىرى خوتەنگە چېكىنىپ شۇ يەردە جەم بولدى. ماخۇسەن باشچىلىقىدا خوتەندە تۇرغان ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى تاكى 37 - يىلى بىتچىت بولغانغا قەدەر خوتەن خەلقىگە زۇلۇم سېلىپ زار - زار قاخشاتتى.

34 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرى خوجا نىياز ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇزى 3 - 4 ماشىنىدا 70 - 80 دەك ئادەم بىلەن ئالدىن كەلدى. مۇھاپىزەتچى قىسمى بولغان ھامۇتخان لۈيجاڭ 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەر بىلەن كۈز ئايلىرىدا ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. خوجا نىياز ھاجىنىڭ تۇرغان يېرى ھازىرقى 2 - دوختۇرخانىنىڭ قارشىسىدىكى بىر ئىمارەتتە ئىدى. ھامۇتخان لۈيجاڭمۇ بېقىنىدىكى بىر سارايدا تۇردى.

ھاجى مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ كەلگەن بىلەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق مەمۇرى ھوقۇقى بولمىغانلىقتىن ئۈرۈمچىدە كورۇنمەي قالدى. پۈتۈن ھەربى - مەمۇرى ھوقۇق شىڭشىسەينىڭ قولىدا. خوجا نىياز ھاجىنىڭ ئەسكەرلىرىگە يۇرچاق ئۇنى بېرىپ تۇرمۇشىنى زارلاتتى. شۇڭا ئەسكەرلىرى ئىچىدە قاچىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى. خوجا نىياز ھاجىمۇ باشقا ھېچقانداق ئىشقا قىزىقماستىن شاخمات ئوينايدىغان بولۇۋالدى. كېيىنچە ھوكۇمەت ئىشىنى قايرىپ قويۇپ تىجارەت يۈرگۈزدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 10 دەك ماشىنا ئالدۇرۇپ، يۈك - پاختا تىجارىتى قىلدى.



ئولكىلىك ھوكۇمەتنىڭ مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ تۇردى. دوبەن مەھكىمىسىنىڭ زىياپەتلىرىگە قاتناشتى، بىر كۈنى خوجانىياز ھاجى شىڭشىسەي، ليۇجۇشى قاتارلىق ھوكۇمەت ئەمەلدارلىرىنى ئۆز مېھمانخانىسىغا زىياپەتكە چاقىردى. چاقىرىلغانلار ئالدى - كېيىن بولسىمۇ كېلىپ زىياپەتكە قاتناشتى. شىڭشىسەي كېلىشتىن بۇرۇن 100 نەپەر ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ خوجانىياز ھاجىنىڭ ئوردىسىنى تولۇق مۇھاسىرە قىلىپ ئۇگزىلەرگە پىلىموتلار ئورناتتى. بۇ ئىشلار تەق قىلىنغاندىن كېيىن، شىڭ ئۆزى 40 ئاتلىق مۇھاپىزەتچى بىلەن كېلىپ زىياپەت زالىغا كىردى. شىڭشىسەينىڭ كوزلىرى چوڭ، پالپۇل قىلىدىغان (مەن بىرىنچى قېتىم شۇ يەردە كورگەن ئىدىم) ئېھتىياتچان، سۇرلۇك ئادەم ئىدى. ئۇ كىرىپلا رەھمەت ئېيتىپ نەچچە تال شوكىلات ۋە كەمپىتلەرنى ئېلىپلا ئالدىراپ قايتىپ كەتتى. قىسقىسى 5 مىنۇتمۇ تەخىر بولمىدى، مۇشۇ ئەھۋالغا قارىغاندا شىڭشىسەيدە خوجانىياز ھاجىغا نىسبەتەن دوستلۇق ياكى زەررىچە ئىشەنچىنىڭ بولمىغانلىقىنى كورگىلى بولاتتى....

# ئوسمان توغرىلىق ئازغىنە ئەھۋاللار

خەن يۇۋېن

ئوسمان ئەسلى 3 ۋىلايەت ۋاقتىدا ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ، ئالتاي ناھىيىسىدە تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە بىر باندىت بولۇپ، قۇمۇل - ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىلىرىگە داۋاملىق ئادەم ئەۋەتىپ، گومىنداڭنىڭ قاتناش - ترانسپورتىغا بۇزغۇنچىلىق سالاتتى ۋە ئۇلارنى پاراكەندە قىلاتتى. شۇنىڭدەك شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇلاڭچىلىق قىلاتتى.

بىز شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتىمىزدا، يۇقۇرىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنىڭ بىرى، ئوسمانغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى. بىزنىڭ ئالدىن ماڭغان ئادەملىرىمىز قۇمۇلدىن ئۆتۈپ، ئياۋدۇڭغا كەلگەندە، ئوسمان باندىتلىرى ماشىنىنى توساپ بۇلىماقچى بولغان. ئەمما بىز قارشى تۇرغانلىقتىن، بولاپ كېتەلمىدى. بۇنىڭدىن ئاۋال، ئوسمان داۋاملىق گومىنداڭنىڭ ھەربى ماشىنىلىرىنى بۇلاپ، ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ماشىنىلىرىغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەتتى. گومىنداڭنىڭ ماشىنىلىرى، بىرروتا ئەسكەرنىڭ ھەمراھلىقىسىز ماڭالمايتتى.



مەن گۇچۇڭغا بېرىپ، ھەممىلا يەردىن: «ئوسماننىڭ دەردىدە كۈن كەچۈرمەك تەس بولدى» دەيدىغان ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم. دەل شۇ ئەھۋالغا قارىتا، بىر نەچچە كەنتلەرگە ئەسكەر ئەۋەتىپ، نەچچە تۈركۈم بۇلاڭچىلىق قىلغان ئوسمان باندىتلىرىنى ئازراق - ئازراقتىن يوقاتتۇق. ئەڭ ئاخىرقى بىر جەڭدە، فۇكاڭدا ئوسماننىڭ ئۆكىسىنى تۇتۇۋالدۇق.

1946 - يىلى باھار پەسلى، ماچىڭشياڭ (قورچاق ئاتلىق 5 - كورپۇس كوماندىرى) ماڭا تېلېگرامما يوللاپ، ئادەم ئەۋەتىپ، ئالتاي تېغىدىكى ئۇرۇلغۇ دەرياسى تەرەپتىن ئوسماننى كۈتۈۋېلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدىن روتا كوماندىرى ماتيەنفۇ، ئوسمانغا قورال - ياراق ئاپىرىپ بەرگىلى كېتىپ، تېخى كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇلار ئەرتەي ئەتراپىدا ئوسمان بىلەن ماتيەنفۇنى ئۇچراتقان. شۇ ۋاقىتلاردا ئوسمان بەيتىك تاغلىرى ئەتراپىدا تۇراتتى، تەخمىنەن نەچچە مىڭلىغان چېدىرلىرى بار ئىدى. كېيىن يۇقۇرى ماڭا، بارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئوسماننى كونترول قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشكە باشلىدىم. بىرىنچى قېتىم مەن سوغا قىلىپ بىر دانە چىڭخەي ئېتى - يىلپىز بىلەن بىر دانە 20 ئاتار تاپانچا ئەۋەتتىم. ئوسمان ئاتنى بەك خۇش بولغان، ئوسمان ماڭا 2 دانە قول پىلىموتىنى ئەۋەتىپ مۇنداق دېگەن: «مەن بۈگۈندىن ئېتىۋارەن سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزدا بولىمەن. بىز ئاكا - ئۇكىلار ئۆزئارا

ياردەمدە بولۇپ، ئۇيدا ئان ماسلىشىپ، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ماڭا قانداق ئىش قىلىشنى تاپشۇرساڭ، چوقۇم ئورۇنلايمەن» دېگەن. ئىگەللەشلەرگە قارىغاندا، شۇ چاغدا ئۇسماننىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئاساسىي كىشىلىرىدىن مانات، قاپاس دېگەن ئىككى پولك كوماندىرى، سەنمۇجاڭ لىتىپ، كاتىپ قورمان، ئىدارە باشلىقى قاناتباي، ئىككى بەيسى ۋە بىرنەچچە تەيجىلىرى بار ئىدى. ئۇسمان گومىنداڭغا ئۆتكەندىن كېيىن، لىتىپ، قۇرمانغەلىلەرنى ۋەكىل قىلىپ 2 قېتىم سۇڭ شىلىيەن بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۈرۈمچىدە ئۇسمان قوشۇنىنىڭ ۋە قورال - ياراق تەمىنات مەسىلىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

47 - يىلى مەن مەسئۇل بولۇپ، ئۇسمانغا ئۇن، رەخت قاتارلىق ماددىي لازىمەتلىكلەرنى يەنە 200 دانە توگە ۋە 500 نەچچە تال قورال ئاپىرىپ بەردىم. شۇندىن كېيىن ھەر يىلى قورچاق ھۆكۈمەتنىڭ ئىجتىمائىي باشقارمىسى رەخت ئاجرىتىپ، گۇجۇڭغا ئاپىرىپ بېرەتتى. ئۇسماننىڭ گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرغۇچىسى جانات ساگىبىل توگە ئارقىلىق ئۇسمانغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى. 1947 - يىلى باھاردا ئۇسمان شەخسىي ۋەكىلى قاناتباينى يەنە ئەۋەتىپ ئۈرۈمچىدە سۇڭ شىلىيەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. قورچاق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇسماننى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا، لاتىپنى مۇئاۋىن ۋالىيلىققا قوشۇمچە گۇچۇڭدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.



1947 - يىلى كۈزدە، ئۇسمان قوشۇنلىرى جىمساردىكى مېنىڭ ئۆيىمنىڭ ئۈستىگە جايلاشقاندا، مەن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىم. شۇ ۋاقىتتا مەن ئۇسماننى تونۇيدىغان پولك كوماندىرى خەنفەن بىلەن تەرجىمان ماشىمىڭنى، ئىككى سەنمۇ ۋە بىر فۇگۇەننى ئېلىپ بارغان ئىدىم. تۇرالغۇ جايىغا بېرىپ مەخسۇس ئۇسماننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن 20 نەچچە چېدىر تىكىلگەنلىكىنى كوردۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇسماننىڭ ياتاق ئۆيى، ئامبىرى، مېھمانخانىسى، شۇنىڭدەك خىزمەتكارلىرى ۋە كانىۋايلىرىنىڭ ياتاقلىرى، قاماقخانا قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ چاغدا پوس بىزنى مېھمانخانىغا باشلاپ قويغاندىن كېيىن، 20 مىنۇت ساقلىدۇق. بۇ چاغدا بىر ئىگىز بويلۇق، قىسىق - قىزىل يۈزلۈك، قاپ - قارا بۇرۇتلۇق بىر قازاق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بىرنەچچە ئادەم بار ئىدى. پولك كوماندىرى خەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۆزئارا تونۇشۇپ، ئامانلىق سوراش ۋە تەكەللۇپ سۆزلىرىدىن كېيىن، مەن پەقەت ئاددىيلا قىلىپ كېلىش مەقسىتىمنى بايان قىلدىم: (1) ھۆكۈمەتنىڭ قوماندانلىقىغا ئورتاق بويسۇنۇش كېرەك. (2) قانداق ئىش ۋە شەرت بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، بىز ياردەم بېرىمىز. شۇ ۋاقىتتا ئۇ: «مەن سىلەرگە ئىشىنىمەن، بىزنىڭ مۇداپىئە رايونىمىز ئىچىدە چوقۇم سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىمىز» دېدى. شۇندىن ئېتىۋارەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا بېرىش - كېلىش باشلىنىپ، قانداق ئىش بولسا، سەنمۇ ۋە فۇگۇەنلىرىنى ماڭا ئەۋەتەتتى. شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭ قورچاق ھاكىمىيىتى باش

قوماندانى سۇڭشىلىيەن، ئوسمان بىلەن ئۆزى كۆرۈشمەكچى بولدى. مەن بۇ پىكىرنى يەتكۈزدۈم. ئاقىۋەتتە ئوسمان بارماستىن، چوڭ ئوغلى شېرىدىماننى ئۈرۈمچىگە كېلىپ سۇڭشىلىيەن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن قورالىنىش، قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. سۇڭ پىرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇل بولدى. كېيىنچە ئوسمان قوشۇنلىرى يەنە تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ چارۋا-ماللىرىنى نۇرغۇن قېتىم بۇلىدى. بىزمۇ ئوسمانغا نۇرغۇن قېتىم ئېيتتۇق، ئەمما ئۇنى توسۇۋالالمىدۇق. تاشقى موڭغۇلىيىنىڭ خارجى مىنىستىرلىكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئولتىماتۇم تاپشۇرغان ئىكەن. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك گارنىزون بىلەن ئالاقىلاشتى ۋە سۇڭشىلىيەندىن ئوسماننى باشقا دۆلەت يەرلىرىنى بۇلاپ - تالاشتىن توساشنى تەلەپ قىلدى. سۇڭشىلىيەن بىر خىزمەت گۇرۇپپىسىنى گۆچۈڭگە ئەۋەتىپ، ئوسماننى چاقىرىپ يىغىن ئاچتى. ئوسمان كەلمىدى. مۇئاۋىن ۋالىي لاتىپ ۋە باشقا بىر مۇنچە كىشىلەر كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا: (1) بۇلاپ كېلىنگەن نەرسە - كېرەكلەر بىردەك قايتۇرۇلىدۇ. ئۇنداق قىلالمىسا تەدبىر قوللىنىلىدۇ. (2) كېيىن بۇ خىل ئىشلار قايتا سادىر بولمىسۇن دېگەن ئىككى ئىش گەۋدىلەندۈرۈلدى. يىغىندىن كېيىن بۇلاپ كەلگەن 600 دىن ئارتۇق چارۋا مال تاشقى موڭغۇلىيىگە قايتۇرۇپ بېرىلدى. كېيىن سۇڭشىلىيەن يەنە مېنى ئىشقا سېلىپ، ئوسمان بىلەن ئۆزىنىڭ كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى،



دەل شۇ پەيتتە، ئوسمان گۆچۈڭگە مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ 2 كۈن تۇردى. بۇ چاغدا مەن گەرچە شۇنداق قىزغىن كۈتۈپ، تاماقنى ئۆزەمنىڭ ئۆيىدە، ياتقىنىنى ئۆزەمنىڭ ئىشخانامغا ئورۇنلاشتۇرساممۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدى. كېچىسى ئۇخلىغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇخلىماستىن، ياستۇقىنى بوسۇغىغا قويۇپ يېتىپ، كورۇش ۋە ئاڭلاشقا ئۇڭايلىق يارىتاتتى. مەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈشكە باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن 1948 - يىلى يازنىڭ ئاخىرىدا ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئوسمان ئېھتىيات قىلىپ شىمىگودا تۇرۇپ سۇڭشىلىيەن بىلەن كۆرۈشتى. مۇزاكىرە ۋە مۇلاھىزىلەردىن كېيىن، ئوسماننىڭ قوشۇنلىرىنى تەربىيىلەش قارار قىلىندى. قورچاق قوماندانلىق ئىشتاۋى بىر تەپتىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلىپ، مېنى گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى. تەخمىنەن 1000 ئەتراپىدىكى ئادەمنى ئىككى چوڭ ئەترەتكە بۆلۈپ، رەسمىي مەشق قىلدۇردى. بۇ ئىش تاكى 1949 - يىلغىچە داۋاملاشتى. ئوسمان گۆچۈڭ، جىمسار ئەتراپلىرىدا تۇردى. 1948 - يىلى مېنىڭ قوشۇنلىرىم بىلەن ئوسماننىڭ قوشۇنلىرى بىر رايوندا تۇرۇپ، ئارىلىشىپ ئوتتۇق. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ تېرە ئىشتىنىنىڭ ئىچىدە تاپانچا تۇرغىنىنى كوردۇم. بۇ ئۇنىڭ بىزدىن يەنىلا ئېھتىيات قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

1949 - يىلى بىزنىڭ قوشۇنىمىز ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە تەييارلاندى. مەن ئۇنى بىرلىكتە ھەقىقەتكە ئۆتۈشكە ھەركەت-

لەندۈردۈم. مەن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ، جىمسادىن ئۆتكەنـ
دە، ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ھەقىقەتكە ئوتۇش ئۈچۈن
ھەركەتكە كەلتۈردۈم. شۇ چاغدا ئۇ يۈزدە - يۈز قوشۇلغان
ئىدى. كىم بىلسۇن ئازاتلىقتىن كېيىن، مەن قوماندان ۋاڭ
جېنغا بۇ ئەھۋالدىن دوكلات بېرىۋاتقىنىمدا، ئوسمان ئاللىقا-
چان بارىكولگە يوتكىلىپ كەتكەن. قوماندان ۋاڭجېن ماڭا
يولىيورۇق بېرىپ ئادەم ئەۋەتىپ ئوسماننى قولغا كەلتۈرۈشنى
تاپشۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئوسماننىڭ بىرنەچچە ۋەكىللىرى ئۈ-
رۈمچىگە كەلدى. قوماندان ۋاڭ ئۇلارغا پارتىيىنىڭ سىياسى-
تىنى تەشۋىق قىلىپ، كېيىن يەنە ماڭا ئادەم ئەۋەتىپ ئوس-
ماننى ھەركەتلەندۈرۈشنى جىكىلىدى. مەن بىرنەچچە ئادەم
ئەۋەتىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرسەممۇ، ئۇ يەنىلا كەلمەستىن
يەلكى قەتئىي تۈردە خەلق بىلەن دۈشمەنلەشتى. ئۇزۇن ئۆتـ
مەي ئوسمان قومۇل ئەتراپىدا ئازاتلىق ئارمىيىمىزگە قارشى
ھۇجۇم قوزغىدى. 1950 - يىلى ئوسماننى گەنسۇدىن تىرىك
تۇتۇپ كېلىپ، كېيىن باستۇرۇپ تاشلاندى.



# ۋۇجىڭبىنىڭ بىلەن خېجىڭغا بېرىپ ھال سوراش جەريانى

سەي جىڭسىڭ (يېزىپ قالدۇرغان ماقالا)

1944 - يىلى قىشتا ئىلى ئىنقىلاۋى پارتلىغاندىن كېـ
يىن، ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت 3 ۋىلايەتنى مىللى ئارمىيە
ئىشغال قىلدى. 3 ۋىلايەتتىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى پۈ-
تۈنلەي تارمار قىلىندى. قاراشەھەر تاغلىرى (چوڭ يۇلتۇز چوڭ
تاغ، كىچىك يۇلتۇز كىچىك تاغ دېيىلىدۇ) غەربتە ئىلى بىلەن
تۇتىشىدىغان بولغاچقا ئاتلىق 4 كۈندە بارغىلى بولىدۇ. گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلى ئىنقىلاۋى ئارمىيىسىنىڭ تاغ يولى
بىلەن قاراشەھەرگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى ئارقىلىق گومىنـ
داڭنى جەنۇبىي شىنجاڭدىن مەھرۇم قىلىپ، ئاشلىق يولىنى
توساپ، ئۆلكە، شەھەرلەرنى تەھدىتكە ئۇچرىتىپ قو-
يۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى. بۇ نوھرايدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن
ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ تارىختا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قول-
لىنىپ ئادەتلەنگەن «ئوز يېغىدا ئوز گۆشىنى قورۇشتەك» كو-
نا ئۇسۇلنى كوتۇرۇپ چىقىپ، موڭغۇللارنى ئىشقا سېلىپ، ئىلى
ئىنقىلاۋىغا تاقابىل تۇرۇشنى قەستلىدى. شۇ ۋاقىتتىكى موڭـ
غۇل قەبىلىسى ئۇزلۇگىدىن كوچۈپ توپلىشىپ خېجىڭ ناھىيىـ

سىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. يۇرتىنىڭ ئاقساقاللىرى ئاللىقاچان تۈگەپ باشقۇرغىدەك ئادەم يوق ئىدى. (1939 - يىلى شىڭ شىسەي ئېردەنىنى تەمىرات نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرلىقىغا يۆتكەپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردىكى موڭغۇل چارۋىچىلار كوچۈپ توپلىشىپ، خېجىڭ ناھىيىسىنى تەشكىل قىلغاندا ئەسلىدىكى 5 خوشۇننى 5 رايونغا ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى «گوزدە»نى رايون باشلىقى قىلىپ ئۆزگەرتكەن ئىدى. بۇ تەدبىرلەر موڭغۇل خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان بولسىمۇ ئەمما، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى). مەنچەن ۋاڭ گەرچە تۈرمىدىن بوشىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما شىڭ شىسەي دەۋرىدىكى 7 يىللىق تۈرمە ھاياتى ئۇنى روھىي جەھەتتىن بەكمۇ ئازاپلىغان ۋە نېرۋىسى بۇزۇلۇپ كېرەكتىن چىققان بولغاچقا ئىشلەشكە يارىمايتتى. ئەڭ ياخشىسى ھىلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپ، باشقىچە ئويۇن بىلەن، مەنچەن ۋاڭنىڭ ئوغلى گوگېن داجىت (مەنگۋاڭچياڭ)نى ۋاڭنىڭ ۋارىسى قىلىپ، بۇ ئارقىلىق موڭغۇللارنى باشقۇرماقچى بولدى. (قاراشەھەردىكى كوچمەنچى چارۋىچىلارنىڭ نامى بىلەن خەنۋاڭنىڭ ئورنىغا مانچوكزاپنىڭ ئوغلى گوگېن داجىتنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن كوپچىلىكنى خاتىرجەم قىلدى. قورچاق ئۆلكىلىك ھوكۇمەت بۇنى قورچاق مەركەزگە يوللاپ ئالاھىدە تەستىقلىتىپ كەلدى. ۋاكالىق ئورنىغا ئولتۇرۇشتا ھېچقانداق رەسمىيەتمۇ ئۆتكۈزمىدى. بۇ قېتىمقى گوگېن داجىتنىڭ ۋاكالىق تەختىگە ئولتۇرۇشى ئەمەلىيەتتە بىر خىل «يوشۇرۇن ئالماشتۇرۇش»تەك ساختا ئۇسۇل بو-



لۇپ، ئاتالمىش بۇ يېڭى ۋاڭنىڭ پەقەت قۇرۇق ناملا بولۇپ ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئىدى. بۇ چاغدا قورچاق 8 - ئۇرۇش رايونىنىڭ قوماندانى جۇشياۋلياڭ دەل شىنجاڭدا ئىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھوكۇمەت رەئىسى ۋۇجۇڭشىن، خەلق ئىشلار نازىرى دېڭشياڭخەي قاتارلىقلار مۇزاكىرىلىشىپ، مەنچەن ۋاڭنىڭ پۇچۇكى ۋۇجىڭبىڭنى يېڭى ۋاڭنىڭ نامىدا ھال سوراش ئەزاسى قىلىپ قاراشەھەرگە بېرىپ ھال سوراشنى قارار قىلىشتى. ئاساسىي ۋەزىپىسى، موڭغۇللار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزىگە تارتىپ، ئىلىغا قارشى تۇرۇپ، قاراشەھەرنى قوغداش ئىدى.

مەن بۇرۇن قاراشەھەردە بىرلەشمە مەھكىمىنىڭ مۇشاۋىرى بولغان ئىدىم. شىڭ شىسەي، جاڭ شىڭ، فېڭ لياڭ جۇاڭ خەنجاڭ قاتارلىقلار ئۈستىدىن توپلاڭ ئەنزىسى ئويدۇرۇپ چىقىپ، مەنچەن ۋاڭ، شىلىكلەر بىلەن بىرگە قولغا ئېلىنغان ئىدىم. تۈرمىدىن بوشىنىپ، خەلق ئىشلار نازارىتىنىڭ مۇپەتتىشى بولدۇم. قاراشەھەر ۋەقەلىرى بىلەن تونۇشلۇقۇم بولغانلىقى ئۈچۈن، ھال سوراش ئۆمىكىگە كاتىپ بولۇپ ۋۇجىڭبىڭ بىلەن قاراشەھەرگە باردىم. مېڭىشتىن ئاۋال قاراشەھەر ۋالىيسى ئۈرۈمچىگە خىزمەت دوكلادى بېرىشكە كېلىپ قالغان ئىدى. جۇشياۋلياڭ ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى ھال سوراش خىزمىتىگە چوڭ كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشنى، موڭغۇللارنىڭ كۆڭلىنى جەلپ قىلىپ، ئىلى تەرەپتىكىلەرنىڭ كۈشكۈرتىشىنى توساش توغرىسىدا تاپىلاپ قويدى. بىز ۋالىي جى فېڭلۇ بىلەن بىر ماشىنىدا قاراشەھەرگە

بېرىپ، بىر نەچچە كۈن تۇردۇق. كېيىن خېجىڭغا يۆتكىلىپ تېبابەتچىلىك ئىدارىسىغا جايلىشىپ، ئەھۋال سوراش ئىشلىرى بىلەن بولدۇق. ئاقساقاللارنى يىغىپ ھۆكۈمەتنىڭ، چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا غەمخورلۇق قىلىدىغان «نىيىتى»نى ئۇقتۇردۇق ھەمدە: «رەئىس ۋۇجۇڭشىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم، كۆپچىلىكنىڭ ساداقەتلىك بىلەن ئۇنى ھىمايە قىلىپ، چارۋىچىلىقنى خاتىرجەم ئىشلەپ، ھەرگىز تەۋرەنمەسلىكىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز» دېدۇق. يەنە بىر تەرەپتىن تاققا ئادەم ئەۋەتىپ، كۆچمەننىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۇ يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى قەستلىدۇق.

ئۈچاغدا قاراشەھەردە قورچاق 2 - كورپۇسنىڭ 8 - پولكى تۇراتتى. پولك كوماندىرى سەيچى قوشۇمچە تۇرپان، پىچان، توقسۇن، قاراشەھەر، كورلا قاتارلىق جايلارنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا قوماندانلىق قىلاتتى. خېجىڭدا بىر باتاليون ئەسكەر تۇراتتى، ئۇنىڭ كوماندىرى جاڭ شياۋلى ئىدى. ۋالىي بىلەن پولك كوماندىرىنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقماي، ئۆز ئارا يۈز خاتىرە قىلىشماي، بىر بىرىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، دائىم سۈركىلىشىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىمۇ ئۆز ئارا ئۆچمەنلىك قىلىشاتتى. ۋالىي ئۈرۈمچىدىن قاراشەھەرگە قايتقاندا، ئۆلكە تەرەپتىن ئۇنىڭغا قوشۇمچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى دېگەن ۋەزىپىنى تاپشۇردى. ساۋزۇيىنى سەنمۇجاڭ (مەسلىھەتچى) قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ ئىش قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق ئەسكەرلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىدى. بىرقېتىم



ساۋزۇيىنى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ تەمىنات مەسىلىسى توغرىسىدا خېجىڭغا ئەۋەتتى. ئۇ كۈنى ناھىيە باشلىقى ۋاڭ ئىمرۇك بىر ياققا خىزمەت بىلەن كېتىپ قالغان ئىكەن. ناھىيە مەھكىمىسى ئىچىدە تۇرۇشلۇق بىر رۇتا ئەسكەرلەرنىڭ رۇتا كوماندىرى مايۇسەي پوستتا تۇرغانلارغا بۇيرۇق بېرىپ ساۋنى دەرۋازىدىن كىرگۈزمىدى، ساۋ ئەمەلدارلىق كارتوچكىسىنى كۆرسىتىپ: «ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن كەلدىم، ناھىيە باشلىقى بىلەن كۆرۈشىمەن» دېدى. پوستتا تۇرغانلار ئۇنىڭ ۋالىي سەنمۇجاڭى ئىكەنلىكىنى بىلىپ چاپسان ماڭ دەپ ھەمدە مىلتىقىنىڭ پەيىنكى بىلەن ئىتتەردى. ساۋ ئۇلارغا نارازى بولغاندا رۇتا كوماندىرى ئۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ساۋ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆزىنى قاچۇردى. ناھىيە باشلىقى قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئادەم ئەۋەتىپ، ساۋ سەنمۇجاڭنى ناھىيىلىك مەھكىمىگە چاقىرىپ كېلىپ سۆزلىشىۋاتقاندا رۇتا كوماندىرى يەنە بېسىپ كىرىپ ساۋ سەنمۇجاڭنى تىللاپ، يەنە ئۇرماقچى بولدى. ناھىيە باشلىقى ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە توسىغان بولسىمۇ، ئۇلار پەيلىدىن يانماي ساۋنىڭ ھەمرالىرىدىن 6 كىشىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتتى. ساۋنى باتاليون ئىشتاۋىغا سۆرەپ كېلىپ، ئېسىپ قويۇپ قامچا بىلەن راسا ساۋىدى. پۈتۈن بەدىنى تىلىم - تىلىم بولۇپ كەتكەن ساۋ ئۆلمىگەن ھالدا تېبابەتچىلىك ئىدارىسىغا قايتىپ كېلىپ، ۋالىيغا يىغلاپ ئەھۋال ئېيتتى. ۋالىي سىلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرىپ، ئۇنىڭ قاراشەھەرگە بېرىپ داۋالىنىشىنى بۇيرۇپ، مەسىلىنى

كېيىنگە قالدۇرۇپ ھەل قىلماقچى بولدى، شۇندىن ئېتىۋارەن ئارمىيە بىلەن ھوكۇمەت ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ يامانلىشىپ، ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالماي، ھەركىم ئۆز ئالدىغا سۆزلەپ، بىر - بىرىنى پاش قىلىپ، قارىمۇ - قارشى ۋەزىيەت شەكىللەنگەن ئىدى.

ۋۇجىڭبىڭ خېجىڭغا بارغاندىن كېيىن، رازۋېتكا قىلىش ئۈچۈن چوڭ يۇلتۇزغا ئەۋەتكەن ئادەم ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ دوكلادىغا قارىغاندا ئىلى ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، مىللى ئارمىيە كىشىلىرى چوڭ يۇلتۇزغا كېلىپ موڭغۇللار بىلەن ئالاقىلاشقان، ئۇ چاغدا گومىنداڭ بايىنبۇلاقتا (بايىنبۇلاق چوڭ يۇلتۇزنىڭ مەركىزى بولۇپ، خەنۋاڭنىڭ يايلىغى ئىدى) ساقچى ئورنى قۇرغان ھەمدە بىر روتا ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، مۇداپىيە كورگەن ئىدى. بۇ ھەربىي - ساقچىلاردا قىلچىمۇ ئىنتىزام يوق، بۇلاڭچىلىق ۋە ئوغرىلىق قىلىش، قورقۇتۇش، پوپوزا قىلىش يولى بىلەن موڭغۇللارنىڭ چىشىغا تەككەن ئىدى. بەزى ھەربىي - ساقچىلار بۇتخانىدىكى مىس بۇتلارنى ئوغرىلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە بىھۆرمەتلىك قىلغانلىقتىن موڭغۇللار ئىلى ئارمىيىسى بىلەن بىرلىشىپ، بۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي - ساقچىلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلىۋەتكەن ئىدى. بۇ ۋەقە ۋۇجىڭبىڭنىڭ قاراشەھەرگە كەلمەستىن بۇرۇنقى ئەھۋال. قاراشەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئىشتاپ يۇقۇرقى ھەقىقى ئەھۋالنى يۇقۇرىغا مەلۇم قىلمىغان. ۋۇجىڭبىڭ ھەقىقى ئەھۋالنى



ئىگەللەپ، ھال سوراش ئۈچۈن مەلۇم قىلغان سەۋەپتىن پولك كوماندىرى سەيچى ۋۇجىڭبىڭغا نارازى بولغان ئىدى.

ئىلى ئىنقىلاۋى ئارمىيىسى چوڭ يۇلتۇزنى ئازات قىلدى ۋە بايىنبۇلاقتا يۇلتۇز ناھىيىسىنى قۇرۇپ، موڭغۇللار چوقۇنىدىغان شىراكلىق تاگگوت چاگزىنى ھاكىم قىلىپ، بۇرۇنقى ساتىن خوشۇندا ئاقساقال بولغان ساخانىنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلىدى. ئىلى تەرەپتىن ئۇيغۇر ناھىيە باشلىقى ئەۋەتىپ يېڭى ئىتتىپاقداش كومىتېتى قۇرۇپ، موڭغۇللارنى بىرلىكتە ھەركەتكە كېلىپ، گومىنداڭ ھوكۇمرانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 3 يىللىق ئالۋاڭ - سېلىقنى بىكار قىلدى، موڭغۇللار بۇنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتا ئۇسسۇل ئوينىشتى. بۇ خەۋەر قاراشەھەرگە ئاڭلانغاندا قاراشەھەردىكى پولك ئىشتاۋى تەخمىنەن 200 كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتىپ ئولاستايغا بېرىپ، ئېغىزنى توساپ كىچىك يۇلتۇزنى قوغداش ھەمدە موڭغۇللارنىڭ چوڭ يۇلتۇزغا قېچىپ كېتىشىنى توسماقچى بولدى.

خېجىڭ ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئىلى ۋەقەسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىنقىلاۋى ھوكۇمەت گۇاڭلو (شىۋە) لىيۇبىڭيى (تۇڭگان) تەلئەت (ئۇيغۇر)لاردىن ئىبارەت ئۈچ كىشىلىك تەشۋىقات ئۆمىكىنى بايىنبۇلاققا ئەۋەتكەن. بۇ ئۈچ كىشى ئىلى ئىنقىلاۋىنى قوللىماي كۈنەس ھاكىمى لۇچىنخۇي، تېكەس ھاكىمى شى جۈن، توققۇز تارا ھاكىمى ساۋشياگلىڭلار بىلەن بىرگە چوڭ يۇلتۇزدىن ئۆتۈپ، خېجىڭغا قېچىپ كەلگەندە، پولك كوماندىرى سەيچى بۇ ئۈچ كىشى

دىن گۇمان قىلىپ بۇلارنىڭ باشقا مەقسىتى بار دەپ ناھى-
يە باشلىقى ۋاڭغا بۇلارنى تاغارغا سولاپ قارا مۇدۇك دەر-
ياسىغا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. ناھىيە باشلىقى
ۋاڭ، بۇنىڭ تېخى ۋالىينىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەنلىكىنى، بۇن-
داق قىلىشنىڭ بىر ئاز قاراملىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ،
ئۇلارنى ئەڭ ياخشىسى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت-
نىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇشنى ئېيتتى.

ۋۇجىڭبېيىڭ خېچىڭدا تەشۋىقات ئېلىپ بارغاندىن
كېيىن، موڭغۇللار خاتىرجەم بولۇپ، ۋەزىيەت خېلىلا پەسىيىپ
قالدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىنى قولغا كەلتۈرۈش
ئۈچۈن ۋالى بىلەن بىرلىكتە چوڭ يۇلتۇزنى قايتۇرۇۋېلىش
پىلانىنى تۈزۈپ، بالدىڭ لامانى چوڭ يۇلتۇزغا مەخپى ئەۋەتىپ،
موڭغۇللارنى ئالداپ قايتۇرۇپ كېلىشنى، خىزمەت كۆرسەتسە
مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىنى تاپشۇرۇپ، تاقىقا چىقاردى. بالدىڭنىڭ
دوكلادىغا قارىغاندا، موڭغۇللارنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن
كېيىن موڭغۇل قوشۇنى چوڭ يۇلتۇزغا كىرگەندە ئۇ يەردىكى
موڭغۇللار ئىچىدىن ماسلىشىپ، ئىلى قوشۇنىنى قوغلاپ چىقار-
ماقچى بولغان. ۋالى بىلەن ۋۇجىڭبېيىڭ بۇ پىلاننى تۈزۈپ،
بىر تەرەپتىن تەمىنات تەييارلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن موڭغۇل
ئەسكەرلىرىدىن 200دىن ئارتۇق ئادەم ئاجرىتىپ ئەترەت
قۇردى. نامىنى «موڭغۇل قوغدىغۇچىلىرى» دەپ ئاتاپ،
باشېگىنى (شىنجاڭ ھەربىي مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن)
ئەترەت باشلىقى، پولوشيەن (موڭغۇل)نى يول باشلىغۇچى



قىلىپ ئەۋەتتى. ئەمما قورالى بەك ناچار ئىدى. ئۆلكە
تەرەپتىن پەقەت 100 دانە يالاڭ ئاتار مىلتىق، ۋالى مەھكە-
مىسىدىن 50 تال مىلتىق بەردى. بۇلار 1945-يىلى 3-ئاي-
دا تاقىقا قاراپ ماڭدى. مىلتىق ئالالمىغان قۇرۇق قول ئەس-
كەرلەرمۇ ئەگىشىپ ماڭدى. ۋالى ئارقىدىن يېتىپ بېرىپ،
ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى كېلىشىۋالدى.

باشېڭ باشچىلىقىدىكى قوغدىغۇچىلار قوشۇنى، ئولاس-
تاي ساخانىدىكى ئەسكەر تۇرۇشلۇق جايىدىن ئۆتۈپ، 100 كى-
لومېتىردىن ئارتۇق ئىچكىرىلەپ، خاپتوقانزۇنغا جايلىشىپ،
چوڭ يۇلتۇزدىكى موڭغۇللارنىڭ ئىچىدىن ماسلىشىشىنى كۈت-
تى. بىر كۈنى تۇيۇقسىزدىن يول باشلىغۇچى پولوشيەن يو-
قاپ كەتتى. ئىزلىمىگەن ھېچيەر قالمىدى. شۇ كۈنى كېچىسى
ئىلى ئارمىيىسى بۇلارنى قورشىۋالدى. ئەزەلدىن ئۇرۇشۇپ
كۆرمىگەن بۇ قوشۇن مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ چوچۇپ گاڭ-
گىراپ قالدى. كىمدۇر بىرسىنىڭ: «ئوز كىشىلەر، بىر بىرى-
مىزنى ئېتىشمايلى، قورال تاپشۇرساڭلار ئۆلتۈرمەيمىز» دېگەن
ئاۋازلار ئاڭلانغاندا ئەترەت باشلىقى باشېڭ قورال تاپشۇرۇش-
قا بۇيرۇق قىلدى. بۇلاردىن ئاران ئىككى ئادەم قېچىپ قاي-
تىپ كەلدى.

بالدىڭ لاما، چوڭ يۇلتۇزدىكى موڭغۇللار بىلەن ئالاقىلاش-
قاندا، ئاز سانىدىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا قوشۇلغان. ئىلى تەرەپ
بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن روتا كوماندىرى پۇرۋاي،
گالىدېڭ، تومۇر قاتارلىقلار باشچىلىقىدا موڭغۇل ئاتلىق

ئەسكەرلەردىن 40 نەچچە كىشىنى ئەۋەتىپ، بىر كېچىدىلا ئۇيلارنى قورشاپ، بىر نەچچە دېرىسكا قورۇق ئوق ئېتىش بىلەنلا قورالسىزلاندۇردى. ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىق خەۋىرى ۋالى تاققا چىقىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى خېچىڭغا ئاڭلىنىپ، كىشىلەر راسا پاراكەندە بولدى. بەختكە يارىشا ئولاستاي ساخانىنى قوغداۋاتقان ئەسكەرلەر تېخى چېكىنمىگەچكە بۇ پاراكەندىچىلىك ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى.

شۇ يىلى 6 - ئايلاردا، ئولاستاي ساخانىدا تۇرۇشلۇق چارۋىچىلار يايلاقنىڭ يەكمۇ كىچىكلىكىنى، چارۋا ماللارنىڭ كۆپلۈكىنى، يازدىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرلەر تەھدىت سېلىپ، قاقتى - سوقتى قىلىدىغانلىقتىن كۈن ئېلىشىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىشىپ، چوڭ يولتۇزغا ئۆتۈپ كېتىپ، زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان بولسىمۇ، گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ توساقلىرىدىن ئۆتۈشكە ئامال قىلالمايتتى. شىلىك دارغىنىڭ قىزى شى ليەنخۇا چوڭ يولتۇزغا تۇققان يوقلىغىلى بارماقچى بولغاندا بۇنىمۇ توسۇۋالغان. موڭغۇللارنىڭ ھەممىسى كېلىپ شى ليەنخۇادىن ھال سوراپ ھەمدە ئۇنىڭ ئامال قىلىپ كۆپچىلىكنى ئازاپ دىكىمىزدىن قۇتقۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ بۇ ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىپ، ئىككىلەنمەي، مەخپىي ئىش ئېلىپ بارغان. ئاۋادا بىر ئاشكارا بولۇپ قالسا 200 دىن ئارتۇق ئائىلە پۈتۈنلەي زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا 7 كىشىلىك گۇرۇپپا تەشكىل قىلىپ، ئىشنى مەخپىي ئېلىپ باردى. گۇرۇپپا



ئەزالىرىدىن بىر كىشىنى ۋەكىل قىلىپ، چوڭ يولتۇزغا يوشۇرۇن ئەۋەتتى. ۋەكىل ئېلى تەرەپنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ ياردەم بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغاندا ئېلى تەرەپ ئويلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، نايىرىبىك باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر، قازاق ئاتلىق ئەسكەرلىرىدىن 40 نەچچە كىشىنى ئەۋەتىپ، موڭغۇل ۋەكىلىنىڭ باشلىشى بىلەن ئولاستاي ساخانىغا كەلدى. بۇ يەردىكى ئەسكەرلەر موڭغۇل ئويلىرىدىن 10 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا بولغاچقا، ئېلى ئەسكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن قىلچىمۇ خەۋەر تاپالمىدى. نايىرىبىك 7 كىشىلىك گۇرۇپپا ئەزالىرى بىلەن سوھبەتلەشكەندە، گومىنداڭ ئەسكەرلىرى 200 دىن ئارتۇق بولۇپ، ئوق - دورا، قورال - ياراقلىرىنىڭ مۇكەممەل، مۇداپىئەسىنىڭ پۇختا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئېلى تەرەپتىن كەلگەن ئەسكەرلەردىمۇ قورال - ياراق خىل بولسىمۇ، ئەمما ھەر بىر مىلتىقتا ئاران 5 تالدىن ئوق توغرا كېلەتتى. ئەگەر رەسمىي ئېتىشىدىغان بولسا، ئاز ئادەم بىلەن كۆپ ئادەمگە تەڭ كېلەلمەيلا قالماستىن، ئوق يېتىشمەسلىكتىن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا مىللىي ئارمىيە تاكتىكا قوللىنىپ، قورقىتىش ئۇسۇلى بىلەن كېچىسى بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەرنى ئەۋەتىپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئوق ئاتتى. گومىنداڭ ئەسكەرلىرى يۈزلىگەن ئاتلىق ئادەم چىقىرىپ، تەكشۈرگەندە موڭغۇللار ئۇلارغا مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەر 4 ئەتراپنى قورشىۋالدى دېدى. بۇنى ئاڭلىغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ھولۇقۇپ كېچىلەپ قېچىپ 80 نەچچە كىلومېتىر چېكىنىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ

200 دىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ چارۋىچىلار ۋە تۈمەنلىگەن ئات، كالا، قويلار ساق - سالامەت چوڭ يۇلتۇزغا قېچىپ كەتتى. ئۇندىن باشقا، ئات سېتىۋېلىش كومىتېتى بۇ يەردىن سېتىۋالغان 300 دىن ئارتۇق ھەربىي ئاتنى بۇ ۋەقەدىن بىر كۈن ئاۋال ئۈرۈمچىگە ھەيدەپ كەتكەن ئىدى. ئىلى قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ قوغلاپ، ئات سېتىۋالغۇچىلاردىن 6 ئادەمنى جايلىۋېتىپ، ئاتلارنىڭ ھەممىسىنى چوڭ يۇلتۇزغا قايتۇرۇپ كەلدى. قاراشەھەردىن گومىنداڭ ئەسكەرلىرى كەلگەندە، ئادەم ياكى ماللارنىڭ بىرىمۇ قالمىغان ئىدى. ئىچكىرىلەپ كىرەلمەي يەنە شۇ ئۇلاستاي ساخانىنى ساقلاپ ياتتى، شۇنىڭ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» خام خىيالى ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولدى. موڭغۇل ئەسكەرلىرى ئىلى تەرەپكە قورال تاپشۇرغاندىن كېيىن قاراشەھەردىكى ئەسكەرلەر بۇلارنى مەسخىرە قىلىپ، «تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ئۆز يېرىدىن ئايرىلغان گېنېرال» دېيىشتى. ۋالى بىلەن ۋۇجىڭبىڭ ئىككىسىنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى بىرىنچىدىن، قورالنىڭ بەكمۇ ناچارلىقىدىن، ئىككىنچىدىن، ئاشلىق تەمىناتىنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدىن، ئۈچىنچىدىن، تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ ماسلاشمىغانلىقىدىن بولدى دەپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن نەچچە يۈز تال مىلتىق بېرىشنى ھەمدە ئاشلىق تەمىنات مەسىلىسىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، يېڭىۋاشتىن خەلق ئەسكىرى تەشكىللەپ، چوڭ يۇلتۇزنى قايتۇرۇۋېلىپ، خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى



يۇماقچى بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتكە تاغدىكى موڭغۇللارنىڭ كۆڭۈل مايىللىقى قولغا كەلتۈرۈلمىگەنلىكى، يەرلىكلەر بىلەن ھەربىيلەر چىقىشالمىغانلىقى ئاساسىي سەۋەپ بولغانلىقىنى يەكۈنلەپ، ئەگەر باشقىچە يول تۇتمىغاندا قاراشەھەرنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمىت قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، چۆچەككە يىغىنغا بېرىشنى بانا قىلىپ، ۋۇجىڭبىڭنى ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي خېجىڭ شىيەنجاڭ بىلەن قاراشەھەر ۋالىسى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى، قاراشەھەر ۋالىلىقىنى زوشۇپىڭ، خېجىڭ ھاكىملىقىنى ئېردەنى ئۆتكۈزۈۋالدى، كادىرلارنى يۆتكەپ رەتكە سېلىش ئارقىلىق ئارمىيە - ھۆكۈمەت مۇناسىۋىتىنى، سەلپەل تۈزەتكەن بولسىمۇ، ئەمما خەلقنىڭ ئېغىرچىلىقى ئوخشاشلا يېنىكلەشمىدى، بولۇپمۇ موڭغۇللار، چوڭ يۇلتۇزدا باج-سېلىقنىڭ پۈتۈنلەي بىكار قىلىنغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پۇرسەت تاپسىلا قېچىپ كېتىش خىيالىدا بولدى، شۇڭا قاراشەھەر ۋەزىيىتى، بۇرۇنقىدەكلا داۋالغۇش ئىچىدە قالدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىلى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ چوڭ يۇلتۇزدا تۇرۇشلۇق ئادىمى 2 - 3 مىڭ بولۇپ، ھەربىي باشلىقلىرىدىن نوغانباي (ئۆزبېك) ۋە ئىمىنوف (سابىق ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى) قاتارلىقلار بار ئىدى.

ئىلى تەرەپنىڭ مەقسىدى، چوڭ يۇلتۇزنى قوغداپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈچار، ماناس، مۇزداۋان، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى كىچىك يوللاردىن ئىلىغا ئۇشتۇمتۇت

ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىنى توساشتىن ئىبارەت بولۇپ، قاراشەھەرگە ھۇجۇم قىلىش غەرىزى يوق ئىدى. پەقەت 1949 - يىلى شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن، قاراشەھەر — ئىلى ئارىلىقىدىكى تاغ يولى ئاندىن ئەسلىگە كەلدى.



# ۋاڭ گاۋشېڭنىڭ ئۈرۈمچىدە ئوت قويغانلىقى توغرىسىدىكى كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىم

پەن زۇخۇەن (يېزىپ قالدۇرغان ماقالە)

1910 - يىلى (شۈەنتۇڭ بىرىنچى يىلى) ئۈرۈمچىدە ۋاڭ گاۋشېڭ ئوت قويغان ۋەقە يۈز بېرىپ، ئۈرۈمچىدىكى تيەنجىنلىكلەرنىڭ 10 نەچچە دۇكانلىرى كۆيۈپ كەتتى. نەچچە ئون يىللىق ئاۋات بازار — ھازىرقى شياۋشىزىدىن نەنمىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن كوچا كۆلگە ئايلاندى، زىيان ئىنتايىن چوڭ بولدى. مەن ئۇ چاغدا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم. ئوت ئاپىتىنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە نۇرغۇن گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئىدىم. پايدىلىنىشىڭىزلار ئۈچۈن ھازىر يېزىپ چىقماقتىمەن.

ۋاڭ گاۋشېڭنىڭ ئوت قويۇشىغا ھەرتەرەپلىمىلىك سەۋەپلەر بولسىمۇ، فېئوداللىق دەۋرىدىكى يۇرتۋازلىقتىن كېلىپ چىققان زىددىيەتلەر ئاساسىي سەۋەپ ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنتۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭ ئۆلكە ئەمىرى ليەنكۈي بېيجىڭلىق، مانجۇ ئەمەلدار ۋاڭشۇنەن خېبېي شىڭچىڭلىق، دوتۇڭ بولسا تيەنجىن ياڭليۇچىڭلىق ئىدى، ئۇ چاغدىكى تيەنجىنلىك دۇكاندارلار ئىچىدە

ياڭلىيۇچىڭلىقلار كۆپ سالماقنى ئىگەللەيتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى چوڭ دۇكان چىڭلىلىرىغا ئۇنۋان بېرىلگەن بولۇپ، بەش مۇنچاقلىق ۋە يەتتە مۇنچاقلىق، قىزىل پوپۇكلۇق ئەمەلدار تەقىيەسى ۋە چوڭ كاناي يەڭلىك پېرىنجىلەرنى كىيىشىپ، ھەكىمىگە كىرىپ - چىقىپ يۈرەتتى. يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ئەمەلدارلار بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن بىر ئۆلكىلىك ياكى بىر يۇرتلۇق، بىر مەھەللىلىك بولغانلار، ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلغىنىغا ئالاھىدە ئابروي قىلىشىپ، غادىيىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ياڭلىيۇچىڭلىقلارغا يېقىنراق بولغان كوكتات دېخانلىرى ۋە ئۈرۈمچىدە ئېقىپ يۈرگەن قىمارۋاز، لۈكچەكلەرمۇ ئالاھىدە گېدىيىپ يۈرەتتى. فېئوداللىق جەمئىيەتتە مەھەللىۋازلىق كۈچلۈك. مۇشتۇمزورلۇق ئىستىلى ئېغىر ئىدى. ياڭلىيۇچىڭلىقلار ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم شەنشى، گەنسۇلۇقلارنى كۆزگە ئىلمايتتى. بولۇپمۇ بەزى كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز بولغان شەنشى، گەنسۇلۇقلار تيەنجىنلىكلەرنىڭ دۇكانلىرىغا كىرىپ مال سېتىۋالماقچى بولغاندا، بەزى پىركازچىكلار ھاكاۋۇرلۇق قىلىپ، گەپ - سۆزدە قەستەن چېقىۋالاتتى. مەسىلەن: شەنشى، گەنسۇلۇقلار بەزى ماللارنى سەل قىممەترەك ئىكەن دېسە، پىركازچىك ئۇلارنى مال ئونۇمايدىغانلار دەيتتى. ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمۇ بۇ مالنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئىشلىتىپ كۆرمىگەن دەيتتى. بۇ گەپ شەنشى، گەنسۇلۇقلارنىڭ ئاچچىقىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ياڭلىيۇچىڭلىقلار بىلەن گەنسۇلۇقلار ئىچىدىكى قىسمەن لۈكچەكلەر قىمارخانىلاردا بىر بىرى بىلەن زىتلىشىپ، بارغانسېرى ئۆچەكەشكەن ئىدى.



1909-يىلى شىنجاڭدا يېڭى ئەسكەر تەربىيىلەش ئىشى تەشەببۇس قىلىنىپ، ۋاڭ شۇنەن بۇ خىزمەتنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش ئىشىغا كىرىشتى. مۇرىدا تۇرۇشلۇق كۆكفۇتاڭ گەنسۇغا بېرىپ يېڭى ئەسكەر ئېلىپ، 3 باتالىيون پىيادە ئەسكەر، 3 باتالىيون ئاتلىق ئەسكەر قۇرۇپ چىقتى. كۆكفۇتاڭ پىيادە ئەسكەرلەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. باتالىيون ئىشتاۋى كونا خۇيچىڭنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر يۇرتلۇق بولغاچقا، ئۇلارغا بىر ئاز كەڭ يول قويىدى. تەرتىپ بوش ئىدى. ئەسكەرلەر ئىختىيارى سىرتقا چىقىپ قىمار ئوينايتتى. ئاتلىق باتالىيون نەنلىياڭدا تۇراتتى. ئاتلىق باتالىيون كوماندىرى تيەنشىيەن (خېبېيلىق)، بۇ كىشى ئىلىدىكى ھەربىي ۋالى لى چاڭگېڭنىڭ شىمالىي مىللىتارىستلار ئارمىيىسىنى ئىلىغا يۆتكەپ كەلگەنلىكىگە نارازى بولۇپ ۋاڭ شۇنەن تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى. شۇڭا ۋاڭ شۇنەن ئۇنى ئاتلىق باتالىيوننىڭ كوماندىرى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ كوماندىر شۇ ۋاقىتلاردا 20 نەچچە ياشلاردا بولۇپ، باشقىلار ئۇنى «تيەن دالاگزا» دەيتتى. ئەسكەرلەرنى چىڭ تۇتاتتى. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەرنى قاتتىق جازالايتتى. كىچىككىنىلا ئىشلارغا باستۇرۇپ كالتەكلەيتتى. ئەسكەرلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىغا نارازى ئىدى. كوماندىر خېبېيلىك، ئەسكەرلەر شەنشى، گەنسۇلۇق بولغاچقا. شەنشى، گەنسۇلۇقلارنىڭ تيەنجىن، ياڭلىيۇچىڭلىقلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. تيەنشىنيەن ياخشىچاق بولۇش، ئۈچۈن ئەسكەرلەرنى لايىچىلىق ۋە يا-

غاچچىلىق قىلدۇرۇپ، گازارمىنى رېمونت قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈردى. ئۆزىمۇ ئەمگەككە قاتناشتى. قالغان ئىككى باتاليونىمۇ ئەمگەك قىلماي تۇرالمىدى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش راسخودىنى تېجەپ ۋاڭ شۇنەنىڭ ماختىشىغا ئىگە بولدى. ئەمما بۇ باشقا باتاليوندىكى ئەسكەر، باشلىقلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغىدى. شۇ چاغدا تيەنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بىر ئوفىتسېر (بۇرۇن ئۇ ۋاڭ شۇنەنىڭ خىزمىتىنى قىلغان) تيەنىڭ گازارمىسىدا خىيانەت قىلالماي، تيەنگە ئۆچمەنلىك قىلىش يۈزىسىدىن ۋاڭ شۇنەنگە بېرىپ تيەن شىنيەننى چاقتى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەرز يالغان چىقتى. چېقىمچى ئوفىتسېر خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى. تيەن شىنيەن تېخىمۇ غادىيىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى گەنسۇلۇق بىر ئەسكەر ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرگەندە، ئۇنى شۇ يەردىلا تۇتۇپ سوراق قىلسا، دۇدۇقلاپ تۈزۈك جاۋاب بېرەلمىگەن. تيەن ئۇنىڭ قاتىللىق قىلماقچى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ، ئۇرۇمچى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە قاماققا ئالدۇردى.

يۇقۇرقى ئەھۋاللاردىن شەنشى، گەنسۇلۇقلار بولۇپمۇ ئەسكەرلەرنىڭ تيەنجىنلىكلەرگە نىسبەتەن قاتتىق ئۆچمەنلىكى بولغانلىقتىن، بىر چاتاق چىقىرىشنىڭ ئىپپىنى ئىزلەپ يۈرەتتى.

شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) باھاردا، شياۋشاۋمياۋ بۇتخانىسىغا سەيلىگە كەلگەن ئەر - ئاياللار ناھايىتى كۆپ ئىدى. شەنشى، گەنسۇلۇق پىيادە ئەسكەرلەردىن بازغانلار ھەم كۆپ بولۇپ تيەنجىنلىك قىمارۋازلار تاۋكا تالىشىپ جېدەل چىقىرىپ مۇشتلاشتى. ئاقىۋەت شەنشى، گەنسۇلۇقلار تەڭ كېلەلمەي قاچتى. بۇ ۋەقەنى باشلىقلىرى ئاڭلاپ: «بۇ ئەسكەرلەر كارغا كەلمەيدىكەن، ئادەتتىكى پۇقرالار بىلەن سوقۇشالمىغان ئەسكەر، ئەجنەبىلەر بىلەن قانداقمۇ سوقۇش قىلالايسۇن؟» دەپ كايىدى. ئەسكەرلەرگە بۇ سۆز تەسىر قىلىپ ئۆچ ئېلىش نىيىتىنى قوزغىدى. 8 - ئاپرېل خۇڭسېنزۇيدە بولغان سەيلىدە، شەنشى، گەنسۇلۇق ئەسكەرلەر ئۆچ ئېلىشقا كېلىشتى. ئالدىنقى قېتىم مۇشتلاشقان تيەنجىنلىك لۈكچەك قىمارۋازلار بۇ نېگىدىن خەۋەر تېپىپ بۈگۈنكى سەيلىگە كەلمىدى. ئەمما ئىبادەتخانىدىكىلەرنىڭ تولىسى تيەنجىنلىك ئۇششاق سودىگەرلەر ۋە ئىشچىلار ئىدى. شەنشى، گەنسۇلۇقلار يوقىلاڭ يەردىن چاتاق چىقىرىپ، ئىشقىلىپ بېشىغا لوڭگە چېگىۋالغان (ئۇ چاغدا تيەنجىنلىكلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلاتتى) ۋە ياڭلىۇچىڭ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدىغانلىكى ئادەمنى كۆرسە، ئاق - قارىنى ئايرىماستىن ئۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە تيەنجىنلىك خېلى كۆپ سودىگەرلەر زىيانغا ئۇچراپ، نەچچە ئادەم ئۆلدى.

تيەن شىنيەن ئاتلىق شەھەرگە كىرىپ چارلاپ يۈرسە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن بىرسى بالدۇر ناھىيىگە قامىتىپ قويغان ھېلىقى X ئەسكەرنىڭ كوچىدا يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال تيەنگە مەلۇم قىلدى. تيەن بۇ ئەسكەرنى تۇتۇپ گازارمىسىغا ھەيدەپ بېرىپ، كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردى.

شەنشى لىگە ئىسىۋالار، ئۇنى ئاچلاپ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ،
يىغىن ئېچىپ، مولكۇچى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچىش-
تى. يىغىندىن كېيىن ھەممەيلەن بىرلىكتە ھۆكۈمەت ئىدارىسى-
غا بېرىپ، دۇمباق ئۇرۇپ①، ناھەقچىلىقتىن دات ئېيتتى.
ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى، ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ كۆپ
ھەم غەزەپنىڭ كۈچلۈكلىكىنى كۆرۈپ، تيەنشىنيەننى تەكشۈ-
رۈپ جىنايەتكە تارتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما خەلق بەدەرھال ئىجرا قىلىش-
نى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

شۇ كۈنى كېچە سائەت 10 لاردا شەھەرنىڭ شەرقىدىكى
جەنۇب تەرىپىدىن پەلەككە كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنى كۆرۈن-
دى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، باشقىلاردىن ئاڭلىساق، ئەمە-
لىيەتتە ئادەملەر ئوت قويغان ئىكەن. ئوقۇغۇچىلار — ھەر كىم
كارۋاتلىرىدىكى كىگىزلەرنى ھۆللەپ، مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى
دەرۋازا تەرىپىدىكى تامغا ئارتىپ قويدۇق. سائەت 12 لەر
بولغاندا، ئوتنىڭ كۈچىمۇ بىر ئاز پەسىيىپ، بىزمۇ تارقاپ
كەتتۇق.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى مۇنۇلارنى ئاڭلىدۇق:

تۈنۈگۈن ئاخشام تيەنشىنيەننى خىزمەتتىن ئېلىپ تاش-
لاپ، ئۇنى جاڭسۇلىنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويغاندا، ئەمما

---

① بۇ زامانلاردا يامۇلغا ئەرز – دات ئېيتقىلى كىر-
گەن دەۋاگەرلەر يامۇلغا كىرىپلا سوراقخانىدىكى يوغان دۇم-
باقنى ئۇراتتى. دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلىغان سوراقچىلار دەۋا-
نى سوراشقا چىقاتتى.



ئۇنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىلغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ غەزى-
ۋى بېسىلماي، ئۇنى ئىستەپ جاڭ سۇلىنىڭ ھويلىسىغا كەل-
گەن. جاڭ يالغان سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلمىدى دەپ يوشۇر-
غان. شۇ چاغدا شەنشىنىڭ ۋالىگاۋشىنىڭ (بەزىلەر گەنسۇلۇق
دەيدۇ) ئادەمنى باشلاپ، ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ تۈرمىسىنى
ئېچىپ تاشلاپ، جىنايەتچىلەرنى بوشاتقان.
ئارىدىن 10 نەچچە ئادەمنى باشلاپ، شەنشىلىكلەر
ئاچقان تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىدىن قىلىچ قاتارلىق يا-راق
ۋە كىرىسىنلەرنى ئېلىپ، ئاۋال شەرقىي كوچىدىن (ھازىرقى
مالىيە نازارىتىنىڭ ئارقىسى) باشلاپ ئوت قويۇپ، تيەنجىن-
لىكلەرنىڭ سودا دۇكانلىرىنى كېيىن جەنۇبىي كوچىدىن
(ھازىرقى داشىزى تەرەپلەر) تارتىپ شىمالىي كوچىغىچە كۆي-
دۈرۈپ تاشلىدى. ۋالىگاۋشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. سەركەر-
دىسىدىن ئايرىلغان ئامما غەمكىن ھالدا تارقىلىپ كەتتى.
تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ھەربىي، ساقچىلار چىقىپ تەرتىپنى
ساقلىدى ۋە تيەنجىنلىك سودىگەرلەرگە ھەمكارلىشىپ قالدۇق
ئوتلارنى ئۆچۈردى. 10 نەچچە يىللىق ئاۋات بازار كۆيۈپ
كۈلگە ئايلانغان ئىدى.

ئەتىسى ھەربىي، ساقچىلار بىلەن ئۇرۇمچى ناھىيىسىنىڭ
چاپارمەنلىرى تۈرمىدىن بوشىنىپ كەتكەن جىنايەتچىلەر بى-
لەن ئوت قويغانلارنىڭ قالدۇقلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى. ئېيت-
تىشلارغا قارىغاندا، 10 نەچچە ئادەم تۇتۇلغان. شۇ كۈنى
مەكتەپتە دەرس توختاپ، چۈشتە بىز سىرتقا چىقىپ خەۋەر

ئاڭلىدۇق. بۇ چاغدا خەلق ھۆكۈمەت مەھكىمىسى تەرەپكە كېتىۋاتاتتى. بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدۇق. ھۆكۈمەت مەھ-
كىمىسى ئالدىدا ئادەم جىق ئىدى. ناھىيىلىك مەھكىمىنىڭ چاپارمەنلىرى بىلەن ھەربى، ساقچىلار 10 نەچچە ئادەمنى باغ-
لاپ كەلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوت قويغانلار ئىكەن. ئۇلارنى ھۆكۈمەت مەھكىمىسىنىڭ مەيدانى ئىچىدىكى توساق تام تۈۋىدە چېپىپ تاشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا تېپەن شىنىيەن-
نىمۇ باغلاپ ئېلىپ كېلىپ، رىشاتكىلىق دەرۋازا سىرتىدا ئې-
تىپ ئۆلتۈرۈپ خەلقنىڭ غەزىپىنى باستى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئۆلكە مەمۇرلىرى مۇزاكىرىلىشىپ، ھەربىي، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن ئادەم تاللاپ زى-
يانغا ئۇچرىغان سودىگەرلەرنى قۇتقۇزۇشنى قارار قىلدى. ھەم-
دە غەزنىدىن 30 نەچچە تۈمەن سەر پۇلنى قەرزگە بېرىپ، تى-
جارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى. ئەمما زىيان ئېنتايىن ئېغىر بولغاچقا، تىجارەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا ۋاقىت كېتەتتى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قەرزنى تولەپ بېرەل-
مەيتتى. تىجارەت بىرلەشمىسى كېڭىشىپ، ئورتاق نام بىلەن پۈتۈن ئۆلكىدىكى ماللارغا بىر تۇتاش باج ئالغاندىن تاش-
قىرى، يەنە ھەر يۈز سەرگە 2 يېرىم سەردىن قوشۇپ باج ئې-
لىشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ 2 يېرىم سەر «سودا بېجى» دەپ ئاتىلىپ، قەرز پۇللار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ باجنى ئالماسلىق قارار قىلىندى. شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلىغا كەلگەن-
دە ھۆكۈمەت يىغىۋالغان سودا بېجى، ھۆكۈمەت تارقاتقان



قەرز پۇلدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا يىغىۋې-
لىشنى داۋاملاشتۇردى. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ توختاپ قالماي، مەڭگۈلۈك قوشۇمچە باج بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ دەل كونىلار ئېيتقاندەك: «شەھەر دەرۋازىسىغا ئوت كەتسە، خەندەكتىكى بېلىقلار ئۇۋال بوپتۇ» دېگەندەك ئىش ئىدى.

# «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»دە چەتئەل تەۋەلىكىدىكى دىنىي جەمىيەتلەر توغرىسىدا

جى ليۇ

## 1. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»نى كورۇپ چىقىشنىڭ قىسقىچە جەريانى

پۈتۈن مەملىكەت ياكى بىرەر جاينىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى، زېمىن ۋە رايونلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرى، سىياسى، ئىقتىسادى، ئەدەبىيات - سەنئەت، ھەربى ئىشلار، قائىدە- يوسۇن ۋە ئورپ - ئادەت، ئادەملەر ۋە باشقا تىپلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ تۈزۈپ چىققان كىتاپلار — تەزكىرە قىسسە كىتاپلار دەپ ئاتىلىدۇ. سۈرەت (خەرىتە، چىرتيوژ، دىياگىراممىلار)، سىزىلغانلىرى جۇغراپىيىلىك تەزكىرە دەپ ئاتىلىدۇ، تەزكىرە قىسسە كىتاپلار شەكلى، ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى «پۈتۈن دۇنيا خاتىرىلىرى» دىگەن كىتاۋىدىن باشلانغان بولۇپ، كېيىنكى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەر قايسى جايلار تەقلىت قىلىپ، ئۆز رايونلىرىنىڭ تەزكىرە قىسسىلىرىنى تۈزۈشكە كىرىشتى، شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا، مەملىكەت بويىچە «بۈيۈك چىن خاندانلىقىنىڭ بىر



تۇتاش قىسسىسى» بار ئىدى. ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئومۇمى تەزكىرىسى، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋىلايەت تەزكىرىسى، ھەر قايسى ناھىيە ۋە يېزا - كەنتلەرنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تەزكىرىلىرى بار ئىدى. پەقەت شىنجاڭدىلا، گۇاڭشۈينىڭ 11 - يىلى (1885 - يىلى) رەسمىي ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇپ، تاكى گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى)غىچىمۇ ئۆز ئۆلكىسىنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈپ چىقمىغان، پەقەت قىسمەن جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقانلاردىن كونا بىلىم ئاساسى بار بىر قىسىم كىشىلەرلا قىسمەن يېزا - كەنتلەرنىڭ قىسسە، تەزكىرىلىرىنى ئىشلەپ كۆرگەن ئىدى. تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئەدەبىيات، تارىخىي ئىلىملەردىن خەۋەردار كىشىلەر ئۆز رايونلىرىنىڭ تەزكىرە - تارىخلىرىنى يېزىش ئادەتكە ئايلانغان بولسىمۇ، شىنجاڭدىكى يەرلىك پۇقرالارنىڭ 80% تى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولۇپ، ئۇلار تارىخىي ماتىرىياللارنى بەك ئاز خاتىرىلىگەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇ ئەمەلدارلار ۋە سودىگەرلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەمەلدار بولۇپ، باي بولۇشنى، نام - شۆھرەت قازىنىپ يۇرتىغا كېتىشنى مەخسەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، چېگرا رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە تارىخ ماتىرىياللىرىغا چولىسى تەگمەيتتى. شۇڭا شىنجاڭ ئۇزۇندىچە تەزكىرىسىز قېلىۋەرگەن ئىدى.

گۇاڭشۈينىڭ 32 - يىلى (1906 - يىلى)، شىنجاڭنىڭ مەمۇرى ئەمەلدارى، ۋاڭ شۇنەن كونا ئەدەبىيات تونۇشلىغى بىلەن مەشھۇر ئىدى، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇ، ئول-

كىيىنكى ئومۇمىي ئەھۋالى بايان قىلىنىدىغان تەزكىرىنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ، شۇ زاماندىكى شىنجاڭ مۇپەتتىشى ليەن كۈي (مانجۇ)گە، شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسىنى تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا چىڭ سۇلالىسى خان ئوردىسىغا ئىلتىماس سۇنۇپ تەستىقلىتىشنى تەكلىپ قىلىدى.

شۋەنتۇڭنىڭ تۇنجى يىلى (1909 - يىلى)، دىخانلار يىلنامىسى بويىچە 3 - ئايدا، شىنجاڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلۇپ، خىزمەت باشلىدى.

ئىدارىنىڭ ئىشتاتى ۋە خادىملىرىنىڭ ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

باش تۈزگۈچى: ۋاڭ شۇنەن، زىڭ شاۋلۇ، ئىدارە ئىشلىرىنىڭ باش بېجىرگۈچىسى: ۋاڭ شۇنەن (قوشۇمچە)، چىن جىڭلاڭ، روڭ پېي (مانجۇ)، ياڭ زېڭشىن، دۇ تۇڭ، ياردەمچى تۈزگۈچى ئىككى كىشى: گۇپىڭ، لى جىڭنيەن، ئىدارە ئىشلىرىغا ياردەمچى بىر كىشى: لىيۇ خۇڭلىيى. ئۇلاردىن باشقا يەنە بۆلەكلەر بويىچە تۈزگۈچىدىن 22 كىشى، باش سېلىشتۇرغۇچى بىر كىشى (گۇپىڭ قوشۇمچە ئۆتىگەن). تەپسىلىي سېلىشتۇرغۇچى 3 كىشى، بۆلەكلەر بويىچە سېلىشتۇرغۇچى 8 كىشى، سىزغۇچى 2 كىشى، ئۆلچەپ سىزغۇچى 4 كىشى، سۈرەتلەرنى چۈشەندۈرگۈچى 1 كىشى، ئاققا كۆچۈرگۈچى 15 كىشى.

باش تۈزگۈچى ۋە قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرنى ھېساپ قىلمىغاندا جەمئىي 62 كىشى.



پايدىلانغان كىتابلار: «تارىخنامە»، «خەن سۇلالىسى تارىخى» ۋە شىنجاڭغا ئائىت ھەر خىل خاتىرە ماتېرىياللاردىن جەمئىي 50 خىل.

تەزكىرە كىتاپ مۇندەرىجىسى مەمۇرىي تۈزۈلۈش تەزكىرىسىدىن تارتىپ ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسىگىچە 29 خىل تارماققا بۆلۈنگەن بولۇپ جەمئىي 116 جىلد، بىرىنچى جىلدىگە مۇقەددىمە، كىتاپنىڭ تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈرۈش ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ۋەزىپە، ئۇنۋان - دەرىجىسى، ئىسىم - فامىلىسى بېسىلغان. كىتاپ تۈزۈلۈشكە باشلاپ شۋەنتۇڭ 3 - يىلى قىشتا تاماملاندى. جەمئىي ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ كىتاپتا خەرىتە، سۈرەتلەر بولغاچقا، «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دەپ نام بېرىلدى. كىتاپ تاماملانغاندىن كېيىن مەتبەئەگە بېرىپ باستۇردى.

«شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» گەرچە مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنىنىڭ كۆپىنچىسى تەييار ماتېرىياللاردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان. تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ناھايىتى كەم بولغان. شۇڭا بەزى خاتىرىلەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن: چەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەزكىرىسىدە چەتئەل دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدىكى خاتىرىلەردە مېنىڭ بىلىشىمچە پەرق ناھايىتى زور.

## 2. چەتئەل دىنىي جەمئىيەتلىرى شىنجاڭدا

«شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» ناملىق كىتاپنىڭ 53 - جىلدىدىن 58 - جىلدىگىچە بولغان قىسمى چەت

بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەزكىرىسى بولۇپ، جەمى ئالتە كى-
تاپچە، 57 - جىلدا يەنى چەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەز-
كىرىسىدە، شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقۇچى كاتولىك دىنىي
جەمئىيىتى ھەققىدە «ئارخىپلارنى تەكشۈرۈشىمىزچە شىنجاڭدىكى
چىركاۋلار گۇاڭشۈينىڭ 13 - يىلى (1887 - يىلى) دىن باش-
لاپ سېلىنغان، فرانسىيىلىك پوپ شى تيەنجى، ليالىك مىڭدېيلار
(ئەسلى ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) غۇلجا شەھەر سىرتىدا كۈن
چىقىش تەرەپكە چىركاۋ سالدۇرغان» دېگەندەك ئوخشاش خاتى-
رىلەر پۈتۈلگەن.

1912 - يىلى 1 - ئايدا، ئىلى جياڭجۈنى شىنخەي ئىن-
قىلابىنى ئارمىيىسىگە قاراشلىق شىنجۇن (يېڭى ئارمىيە) قوز-
غىلىڭىغا ئاۋاز قوشقان چاغلاردا، مەن ليالىك مىڭدېيدىن ئې-
گىلىزچە ئوقۇۋاتقان ئىدىم، شۇ چاغلاردا شى تيەنجى سۈيدۈڭ-
دىكى كاتولىك چىركاۋىدا پوپ ئىدى، ئىككىسى ئەمەلىيەتتە
غۇلجىدا بىللە تۇرمىسىمۇ، ئىككى ئۈچ ئاي دېگەندە بىرەر
قېتىم ئۇچرىشىپ 2 - 3 كۈن بىللە تۇراتتى. ئېيتىشلارغا قا-
رىغاندا دىنىي قائىدە بويىچە ئۇلار تۇۋە - ئىستىغپار مۇرا-
سىمى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن. «تۇۋە - ئىستىغپار» دېگىنىمىز —
پوپلار بىر بىرىگە ۋە ھەر بىر مۇرىت پوپقا قارىتا ئۆزلىرى-
نىڭ ئالدىنقى بىر مەزگىلدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرى ياكى ئىدىيە
خاتالىقلىرىنى مەخپىي ھالدا تۇۋە قىلىپ تەكشۈرۈپ، پوپنىڭ
شاپائەت قىلىپ دۇئا تەلەپ قىلىشىنى ئىلتىماس قىلىدىكەن،
بۇ خىل قائىدە - يوسۇن كۆپىنچە شۇ دىندا بەلگىلەنگەن مە-



لۇم بايرام ئالدىدا ئۆتكۈزۈلىدىكەن. مەن ليالىك مىڭدېينىڭ
ئوقۇغۇچىسى بولغىنىم ئۈچۈن، شى تيەنجى غۇلجىغا كەلگەندە،
مېنى ئۇ كىشىگە تونۇشتۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇلار ھەر ئىككى-
لىسى بېلگىيىلىك بولۇپ، فرانسىيىلىك ئەمەس ئىدى. ليالىك
مىڭدې قىش - ياز ئوخشاشلا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت بەش-
تە ئورنىدىن تۇرۇپ، چىركاۋ قوڭغۇرىقىنى ئۇراتتى. قوڭغۇ-
راق ساداسى يىراق - يېقىندىكىلەرنى ئويغىتاتتى،
چىركاۋ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان كاتولىكلەرنىڭ
ئەر - ئايال مۇرىتلىرى ئىبادەتخانىغا توپلىشىپ، پوپنىڭ
ئارقىسىدا سەجدە قىلىشىپ ئىبادەت قىلىشاتتى. ئېيتىلىشىچە
يەكشەنبە كۈنىدىكى ئىبادەت، ئادەتتىكى كۈنلەردىكى ئىبادەت
بىلەن ئوخشىمايدىكەن. ئەتىگەن سائەت 8 لەردە ئىبادەت تۈگەپ،
ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن، سائەت 9 لاردا مۇرىتلارنىڭ 8 -
9 ياشلاردىكى ئون نەچچە نەپەر پەرزەنتلىرى چىركاۋغا كېلەت-
تى، ئۇلار خەنزۇچە دەرسلىكنى ئېلىپ كېلىپ ليالىك مىڭدېيدىن
دەرس ئالاتتى. دەرسنىڭ مەزمۇنى قانداق، مەن ئۇنى كۆرمى-
گەن ئىكەنمەن. مولچەرىمچە دىنىي قائىدە - يوسۇن، ياكى دىنىي
ئىبارىلەرنىڭ ئاددىي سۆزلۈكلىرىدىن چەتنەپ كەتمىسە كېرەك. سا-
ئەت 11 لاردا پوپ ليالىك مىڭدې ئاغرىپ قالغان كاتولىك مۇرىتلىرى
ياكى غەيرى كاتولىك كېسەللەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈپ دورا
بېرەتتى، بەزىدە كېسەللەرنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆرەتتى. سائەت
12 دىن كېيىن غىزا يەپ سائەت ئىككى بولغاندا ماڭا ئېنگلىز-
چە ئۆگىتەتتى. ئىشتىن ئالدىراش چاغلاردا ۋاقىتنى ئۆزگەرتىپ

كەچ سائەت سەككىزدە دەرس بېرەتتى. سائەت ئۈچتىن كېيىن ئىنجىلنى كۆتەرگىنىچە كارىدوردا ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈزۈپ ئىچىدە ئىنجىل خەتمە قىلاتتى، مەن دەرستىن سىرتقى چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن دائىم مۇڭدىشىپ تۇراتتىم، شۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى داشۆينىڭ دىنىي ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغانلىقىنى بىلگەن ئىدىم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىنىستىتۇت باشلىقى نۇتۇق سۆزلەپ ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن پوپ بولۇشنى خالىغۇچىلار بولسا، ئوبدان ئويلاش لازىملىقىنى، قەتئىي ھالدا ئادەتتىكى ئورپ - ئادەتلەردىن ئايرىلىپ، ئۆمۈر - ۋايەت ئۆيلەنمەي، دىنىي جەمئىيەتكە ئۆزىنى ئاتا قىلىشى، ھەر قانداق جاپا - مۇشەققەتلەرنى يېڭەلىشى لازىملىقىنى سۆزلەيدىكەن، ئويلاش ۋاقتى بەش مىنۇت بىلەن چەكلىنىدىكەن، ۋاقىت توشقان ھامان ئۆز ئىختىيارى بىلەن پوپ بولۇشنى خالىغۇچىلار، سەپ ئىچىدىن بىر قەدەم ئالغا چىقىشى ھەمدە قەسەم ئىچىپ ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشى لازىم ئىكەن، ئاندىن كېيىن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى چېركاۋلارغا پوپلۇققا تەقسىم قىلىنىدىكەن، بىر كاتولىك دىنى ئىچىدىمۇ يەنە تۈرلۈك ئۇيۇشما - گۇرۇھلار بولىدىكەن، مېنىڭ بىلىشىمچە جۇڭگودا «مەريەم ئانا ئۇيۇشمىسى»، «قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» قاتارلىقلار بار ئىدى. باشقىلىرى ماڭا نامەلۇم، لىياڭ مىڭدې قاتارلىقلار «مەريەم ئانا ئۇيۇشمىسى»غا تەۋە ئىدى. مەزكۇر ئۇيۇشمىنىڭ مەركىزىي چېركاۋسى شاڭخەيدە بولۇپ، كۆپلىگەن ئۆي - ئىمارەت، يەر - زېمىن (ۋەقىپ) لىرىنىڭ ئىجارە كىرىملىرى ئار-



قىلىق جايلاردىكى چېركاۋلارنى ئەمەللەيتتى، جايلاردىكى چېركاۋلارنىڭمۇ ئۆز - ئالدىغا كىرىم قىلىدىغان ئۆي - ئىمارەت ۋەقىپ يەرلىرى بولاتتى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەنچىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ شاڭخەيدەك چوڭ شەھەرلەردە كانسېسسىيە ھوقۇقى بولغاندىن تاشقىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە زېمىن ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا يول قويمايتتى، بىراق چەتئەل دىنىي جەمئىيەتلىرى بولسا، بۇنداق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇۋېرەتتى، بۇ نۇقتىنى چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى چەتئەللەر بىلەن ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلارغا كىرگۈزگەن ئىدى. لىياڭ مىڭدې قاتارلىقلار شاڭخەيگە يېڭى كەلگەندە ئالدى بىلەن «مەريەم ئانا ئۇيۇشمىسى»نىڭ مەركىزىي چېركاۋ پاتاقخانىسىدا تۇرۇپ، ئۇ يەردە خەنزۇ تىلى - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. ئاندىن كېيىن دىن تارقىتىش ئۈچۈن شىنجاڭغا ئەۋەتىلگەن.

يەنە شۇ چەت بىلەن مۇناسىۋەت باغلاش تەزكىرىسىدە، گۇاڭشۈينىڭ 33 - يىلى (1907 - يىلى) فىرانسىيەنىڭ كاتولىك چېركاۋسى ئۈرۈمچىدىكى نەنمېڭ تەرەپ باش كوچىنىڭ شەرقىي چېتىدە قۇرۇلغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا پوپ لى جىنخۇا (فىرانسىيىلىك) يەنە بىر ئايال دىن تارقاتقۇچى بار ئىدى. ئەر - ئايال بولۇپ مۇرىتلىرى جەمئىي 83 كىشىگە يەتكەن. بۇندىن بۇرۇنراق ماناس ناھىيىسىدە بىر كاتولىك چېركاۋسى سېلىنغان. ئۇنىڭدا بىر نەپەر دىن تارقاتقۇچى بولۇپ، ئەر - ئايال مۇرىتلىرى جەمئىي 30 نەچچە كىشىگە يەت-

گەن. يەنە شۇ تەزكىرىنىڭ ئالتىنچى قىسمىغا قارىغاندا، جاي-
لاردىكى چەتئەللىك مۇھاجىرلارنىڭ سانىمۇ خاتىرىلەنگەن.
ئۇنىڭدىن «ئۈرۈمچىدە بىر ئائىلىلىك فرانسۇز بولغان، يەنى
فرانسىيە كاتولىك چىركاۋسىدا دىن تارقىتىدىغان بىر ئەر،
بىر ئايال بار، ئۇلار ئەر- خوتۇنلار ئىدى» دەپ پۈتۈلگەن،
يەنە «ماناستا بىر ئۆيلۈك فرانسۇز بولۇپ، كاتولىك چىر-
كاۋسىدا دىن تارقاتقۇچىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر پۈ-
تۈلگەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، كاتولىك دىنىدىكى پوپلار قائىدە
بويىچە ئۆمۈرۋايەت ئۆيلەنمەيدىغان تۇرسا، قانداقسىگە ئەر-
خوتۇن بولۇپ قالدى؟ يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان خاتىرىلەردە
بەزى جايلىرى ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

ئىلى قورغىنىنىڭ ئىككىنچى يىلى، يەنى 1913- يىلى
مەن ئائىلەمدىكىلەر بىللە ئۈرۈمچىگە كەلگەندە، غۇل-
جىدىكى پوپ لياڭمىڭدېنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق ئۈرۈم-
چىدىكى كاتولىك چىركاۋسىنىڭ پوپى گاۋرىشنىڭ بىلەن تو-
نۇشتۇم. بۇ چاغدا لى جىنخۇاڭ يوق ئىدى. چىركاۋ بۇ چاغدا
بىرىنچى كوچىدىن يېڭى نەنمىڭ سىرتىدىكى جايغا كۆچۈپ
كەتكەن ئىكەن، بۇ بىنانىڭ گۈمبەز (ئەگمە) شەكىللىك ئى-
شىك بېشى ۋە ئوڭ - سولدىكى يان ئىشىكلىرى گەرچە قېيىسى-
يىپ قالغان بولسىمۇ ھازىرغىچە تۇرۇپتۇ. گاۋرىشنىڭ ئەسلى
گوللاندىيىلىك ئادەم، ماناستىكى پوپمۇ گوللاندىيىلىك بولۇ-
شى كېرەك. گاۋرىشنىڭ ئۆز ئېلىنىڭ تىل- يېزىقىدىن تاشقى-



رى يەنە لاتىن، خەنزۇ، ئېنگىلىز، فرانسۇز، گېرمان ۋە رۇس
تىل- يېزىقلىرىنىمۇ بىلەتتى. مەن ئۇ كىشىدىن فرانسۇزچە ئۆگ-
گەندىم. قوشۇمچە ئېنگىلىزچىنىمۇ ئۆگەندىم. شەخسەن ئىگىلەن-
شىمچە، ئىلى ۋە ئۈرۈمچىگە ئوخشاش جايلاردىكى دىن تار-
قاتقۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى فرانسۇز تەۋەلىكىدە ئەمەس، كا-
تولىك چىركاۋلىرىمۇ فرانسىيىگە قارىمايدۇ. «جۇغراپىيىلىك
تەزكىرە»دە نېمە ئۈچۈن ئۇلارنى فرانسىيىلىك دەپ يازىدۇ؟
مېنىڭ قارىشىمچە بېلگىيە، گوللاندىيىلەر كىچىك دۆلەت بو-
لۇپ، 1885- يىللىرى جۇڭگو بىلەن رەسمىي دىپلوماتىك مۇ-
ناسىۋەت ئورناتمىغان، فرانسىيە بولسا، جۇڭگو بىلەن بىر
قەدەر بالدۇرراق دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. ئۇ
چاغلاردا كاتولىك دىنى راسا ئەۋج ئالغان ئىدى، شۇڭا فران-
سىيىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بېلگىيە، گوللاندىيە-
لەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋاكالىتەن ئىگىدارچىلىق قىلىپ، چىڭ-
سۇلالىسى ئوردىسى بىلەن، دىن تارقاتقۇچىلار شىنجاڭغا كەل-
سە، ئۇلارنى ئاسراش ۋە ئۇلارنىڭ چىركاۋ سېلىشىغا ۋە دىن
تارقىتىشىغا ئوڭۇشلۇق تۇغدۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتەك
ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر تۇتاش ياشقۇرغان ئىدى. شۇڭا
«جۇغراپىيىلىك تەزكىرە» تۈزگۈچىلەر كونا ئارخىپلارغا ئاساسەن
چىركاۋ ۋە دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى فرانسىيىلىك دەپ ياز-
غان. قولۇمدا ئارخىپ ماتېرىياللار يوق بولسىمۇ، قىياسىم بويىچە
«جۇغراپىيىلىك تەزكىرە»دىكى بەزى خاتىرىلەرنىڭ ئەمەلىيەت-
كە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمەن. فرانسىيىدە

گەرچە كاتولىك دىنى ئەڭ روناق تاپقان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيا بويىچە كاتولىكلارغا ۋەكىللىك قىلالمايتتى. ھەرقانداق دۆلەتنىڭ كاتولىك دىنى جەمئىيەتلىرى ئىتالىيە مەركىزى رىم شەھىرىنىڭ قېشىدىكى ۋاتىكان پاپاسىغا تەۋە ئىدى. جۇڭگودىكى دىنىي جەمئىيەتلەر بىرقانچە دىنىي رايونلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ بەزىدە بىر ئۆلكە بىر دىنىي رايون بولاتتى. ياكى بىر نەچچە ئۆلكە بىر دىنىي رايونغا ئايرىلاتتى، ھەربىر دىنىي رايوندا بىردىن باش روھانىي بولۇپ، شۇ رايوننىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ھەرقايسى چېركاۋلاردا دىن تارقاتقۇچى پوپلار ئاساسەن بىر دۆلەت تەۋەلىكىدە ياكى يېقىن خوشنا تەۋەلىكىدە بولاتتى، مەسىلەن: شىنجاڭدىكى دىن تارقاتقۇچىلار ئەسلىدە بېلگىيە، گوللاندىيە تەۋەلىكىدە بولۇپ، كېيىنچە گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە تەۋەلىكىگە ئالماشقان، بۇ ئەھۋاللار شىنجاڭدىكى كاتولىكلارنىڭ فرانسىيەگە تەۋە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مەن 1916 - يىلى بېيجىڭغا ئوقۇشقا بېرىپ 1918 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. بۇ چاغدا گاۋرىشىڭنىڭ ئىنىسى گاۋدۇگشىڭ شاڭخەيدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ پوپ بولدى. گاۋرىشىڭ ئۆزى ماناسقا يۆتكەلدى. شۇ چاغلاردا گۇچۇڭدىمۇ يېڭى چېركاۋ سېلىنغانلىقى غۇۋا ئېسىمدە تۇرىدۇ. ماناستىكى پوپنى گۇچۇڭغا يۆتكىگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن گاۋدۇگشىڭدىن فرانسۇزچە، لاتىنچە ۋە نېمىسچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇردۇم. ئىنجىل تامامەن لاتىنچە ئىدى، شۇڭا پوپ بولغانلار



لاتىنچىنى پىششىق بىلىشى كېرەك ئىدى، غەربىي ياۋروپادىكى كۆپىنچە دۆلەتلەرنىڭ تىل - يېزىقى لاتىن تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ، شۇڭا ياۋروپالىقلارنىڭ باشقا دۆلەتنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىر تىل سىستېمىسىدىكى تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشى بىر قەدەر ئوڭايراق كېلەتتى. گوللاندىيە، بېلگىيىلەر ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيىلەرنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، بېرىش - كېلىشى قويۇق ئىدى، شۇڭا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىگە خوشنا بولغان دۆلەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشى ئانچە قىيىن كەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن گوللاندىيە، بېلگىيە تەۋەلىكىدىكى پوپلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىككى - ئۈچ دۆلەتنىڭ تىل - يېزىقىنى پىششىق بىلەتتى.

1922 - يىلى مەن بېيجىڭگە بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى گوللاندىيە، بېلگىيە تەۋەلىكىدىكى دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى سەنشىدىكى داتۇڭ، گۈيسۈي، خېتاۋ دېگەن جايلارغا يۆتكەلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىغا گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە تەۋەلىكىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار كەلدى. گاۋدۇگشىڭ داتۇڭغا باش روھانىيلىققا ئۆستۈرۈلدى.

1925 - يىلى شىنجاڭغا قايتقان چېغىمدا، ئۈرۈمچىدە، ئاۋستىرىيىلىك ئىككى پوپ (ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) قالغان ئىكەن، 1927 - يىلى گېرمانىيىلىك ئىككى پوپ كەلدى. بىرسىنىڭ ئىسمى خىللىرېمېتىر (Hillremetir) ئىدى. يەنە بىرسىنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئىلگىرىكى ئىككى ئاۋستىرىيىلىك پوپ باشقا ئۆلكى-

گە كېتىپتۇ. خىللىر بىمپىتىر بىلەن يەنە بىر پوپ ئىككىسىلا ئىنـ
گىلىزچىنى بىلەتتى. خىللىر بىمپىتىر يەنە دوختۇرلۇقتىن خەۋەرى
بار بولۇپ، چىركاۋ ئىچىدە كىچىك تىپتىكى دوختۇرخانا ئېچىپ
كېسەل كۆرەتتى، ئوپېراتسىيە قىلالايتتى. بۇ جەھەتتە ئۇ، لياك
مىنگدىن بىر دەرىجە ئۈستۈن ئىدى.

1885 - يىلى شىنجاڭدا كاتولىك چىركاۋلىرى سېلىنغان
دىن تارتىپ 1909 - يىلى جوغراپىيىلىك تەزكىرە تۈزۈش
باشلانغان يىگىرمە نەچچە يىل ئىچىدە، ھەرقايسى چىركاۋلار-
نىڭ پوپلىرى بىر قېتىمدىن يوتكەلدى. گاۋرىشلىك، لياك مىنگ-
دې قاتارلىقلار يەرلىك ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىلەن بېرىش-
كېلىش قىلىپ تۇراتتى. ئۇيغۇر، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن
ئۇلارغا مۇرىت بولغانلىرى يوق. ئازساندىكى يەرلىك خەنزۇلار
مۇرىت بولغاندىن تاشقىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىن چىققان خەنزۇ
ئەمگەكچى خەلقلىرى ئۇلارغا مۇرىت بولغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە
خېبېيلىكلەر ئەڭ كۆپ ئىدى. 1911 - يىلىغا كەلگەندە ئۇلار-
نىڭ مۇرىتلىرى ئۈرۈمچىدە تەخمىنەن يۈزدىن ئاشاتتى، ماناس-
تا 50 تىن ئارتۇق ئىدى. دېمەك جوغراپىيىلىك تەزكىرىدە
پۈتۈلگەن سان توغرا ئەمەس. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن
ئىچكى ئۆلكىلەردە مىللىتارىستلار ئۇرۇشى داۋام قىلىپ، خەلق
ھاياتى كەچۈرەلمەس بولۇپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئىچكىرىدىن
چىقىپ جان باقىدىغان مۇرىتلار بارغانسېرى كۆپەيگەن.

جوغراپىيىلىك تەزكىرە خاتىرىسىدە، گۇاڭشۈينىڭ 31 -
يىلى يەنى 1905 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ ئىنجىل ئىبادەتخانىسى



(فۇيىڭـتاڭ) ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىي چوڭ كوچىسىدا قۇرۇلۇپ،
ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلار ئەر - ئايال بولۇپ جەمئىي 16 نەپەر
ئىدى. يەنە خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئۈرۈمچى ناھىيىسىدىكى
چەنتەللىنىڭ مۇھاجىرلار ئىچىدە ئەنگلىيىلىكتىن بىر ئۆيلۈك،
ئىنجىل ئىبادەتخانىسىدا بىر نەپەر پوپ بار ئىدى. مېنىڭ
بىلىشىمچە خىرىستىيان دىنى (يېڭى مەزھەپ دىنى) ئىچىدە تۆر-
لۈك مەزھەپ ئۇيۇشمىلار بار ئىدى. مەسىلەن: «مۆيسىپىتلار
جەمئىيىتى» (Presby teros)، «ئولىمالار جەمئىيىتى»
(Anglican heurch)، «كىچىك ئايىماقلار جەمئىيىتى»،
«سىلشىۇن ئارمىيىسى» (Salvation Army)، «دىنداشلار
ئۇيۇشمىسى»، «ئارامبەخش كۈن ئۇيۇشمىسى»، «ھەقىقىي خىر-
ىستىيانلار ئۇيۇشمىسى» قاتارلىقلار. مەن بۇلارنى بىر- بىر-
لەپ مىسال كەلتۈرمەكچى ئەمەسمەن، «ئىچكى ئۆلكىلەر ئۇ-
يۇشمىسى» مۇشۇ ئۇيۇشما جەمئىيەتلەرنىڭ بىرىسى ئىدى. ئۇلار
تەسىس قىلغان چىركاۋلارنى «ئىنجىل ئىبادەتخانىسى» دەپ ئا-
تايتتى. ئۈرۈمچىدىكى «ئىچكى ئۆلكىلەر ئۇيۇشمىسى» دىكى
پوپ ئەنگلىيىلىك بولۇپ خەنزۇچە ئىسمى خۇجىدې (Hunten)
ئىدى. مەن ئۇنى ئون نەچچە ياش چېغىمدا بىرنەچچە قېتىم
كۆرگەن ئىدىم. شۇ زامانلاردا فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ تەسىرى
بىلەن كىشىلەردە يۇرتۋازلىق ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. باشقا
ئۆلكىلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرگەنلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى
يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، شۇ يول بىلەن جەم بولۇپ
ئىتتىپاقلىشاتتى. مەسىلەن: شۇ ۋاقىتلاردا شىنجاڭ ئۆلكىسىدە

جېجياڭ، خۇنەن، خۇبېي، سەنشى، شەنشى، گەنسۇ، خېنەن، شىن-
جۇەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئۇيۇشمىلىرى بار ئىدى. ئۇلار
ئۆز ئۆلكىسىنىڭ قەدىمىي مەشھۇر زاتلىرىنى پىر قىلىشىۋېلىپ
ھەر يىلى ئۇلارنىڭ خاتىرە كۈنىنى ئۆتكۈزەتتى.
ۋاقتى كەلگەندە ئويۇن قويۇپ، پىرلىرىنى يوقلاپ
بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىرلىكتە كۆڭۈل ئېچىشاتتى. مەلۇم
بىر قېتىم سىچۇەنلىكلەر ئۇيۇشمىسىدە ئويۇن
قويۇپ، چۈشتە دەم ئالغان چاغدا مەن بىر چەتئەللىك
ئادەمنى كۆرگەن ئىدىم. بويى تەخمىنەن بىر يېرىم مېتىر چا-
مىسىدا كېلىدىغان قاڭشالىق، كۆك كۆزلۈك بۇ ئادەم چېك-
سۇلاسى پاسونىدا بېشىغا قىزىل پۆپۈكلۈك تەقىيە، ئۈچىسىغا
كەڭ يەڭلىك كەمزۇل ۋە چاكپاۋزا، پۇتىغا بۆزدىن تىكىلگەن
پايپاق ۋە خەي كەيگەن ئىدى. ئالدىغا بىر پارچە ئۆت چاسا
ئاق رەختنى يېيىپ قويۇپ، ئۈستىگە بىر مۇنچە خەنزۇچە خەت
بېسىلغان كىتابچىلارنى تىزىپ قويغان ئىدى. ئۇ كىتابچىلار-
نىڭ ئىچىدە «ماتتىخائىئوس (Matthaios) ئىنجىلى»،
«لۇۋكاس Loukas ئىنجىلى»، «ئىئوئاننىس (Ioannes) ئىنجى-
لى» قاتارلىقلار بار ئىدى. ئامما بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئۇنى
قورشىۋالغان ئىدى. ئۇ كىشى خەنزۇچە سۆز بىلەن بۇ كىتاب-
چىلارنى كۆرۈشكە چاقىراتتى ھەم ئىنتايىن ئەرزان باھادا
ساتاتتى. ھەر بىر كىتابچىغا 3 - 4 داچەن ئالاتتى. شۇ
يول بىلەن دىنىنى تەشۋىق قىلاتتى. كېيىن بىلسەم بۇ كىشى
ئىنجىل ئىبادەتخانىسىنىڭ پوپى ئىكەن. شۇ ئەتىگىنىڭ ئىككىنچى



يىلى (1910 - يىلى) مەن شىنجاڭدىكى ئالىي شاۋتاڭدا ئوقۇۋاتـ-
تىم. ئۇ چاغدا چىركاۋ، ئىنگلىزلارنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىنىڭ
ئوتتۇرا قىسمىدا بىر نەچچە ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيلىرى بولغان
كىچىك قورودا تۇراتتى. كېيىن ئۇ ئۆز قولى بىلەن قورۇنىڭ
شىمالىي تەرىپىدىكى بوش جايغا ئاددىيغىنە بىر قەۋەتلىك بىنا
سالدۇرۇپ، ياتاق قىلىۋاپتۇ. 1916 - يىلى مەن بېيجىڭگە
ئوقۇشقا بېرىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلسەم پوپ
خۇنتىننى ئۇيغۇرچە تىلغا كامىل بولۇپ، ئىنجىلنى ئۇيغۇر-
چىغا تەرجىمە قىلىپ، شاڭخەيدە باستۇرغانلىقىنى ئاڭلىدىم.
ئۇنىڭ بىر خادىك ھارۋىسى بولۇپ، ياز كۈنلىرى ئۆزى ئات
قېتىۋېلىپ ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارغا ياكى جەنۇبىي
شىنجاڭ تەرەپلەرگە بېرىپ ئۇيغۇرلارغا ئىنجىل كىتابلىرىنى
ساتاتتى ۋە خىرىستىيان دىنىنى تەشۋىق قىلاتتى. شىنجاڭ ئىسـ-
لام دىنىغا ئىنتايىن ئېتىقاد قىلغۇچىلار جايلاشقان رايون بولۇپ، ئۇ-
لارنىڭ ئارىسىدا خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش ئاسانغا چۈشمە-
تىنمۇ تەس ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىنجىل ئىبادەتخانىـ-
سى يالىلاپ ئىشلەتكەن بىر ئۇيغۇر ئات ھاقۇچىنى خىرىستىيان
دىنىغا كىرگەن ئىكەن، كېيىن ئۆز مىللىتىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇمىـ-
غا ئۇچراپ كەڭگەچكە چىقىپ چىكىنىپ كېتىپتۇ. 1918 - يىلى
خۇنتىن بىلەن بىر يەردە يېتىپ - قوپىدىغان چىڭخەيدىن كەلگەن
ئەنگلىيىلىك بىر پوپ (ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن) بولۇپ،
ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىدىن كېتىپ قالدى. ئاندىن
كېيىن ئەنخۇيدىن يەنە بىر ئەنگلىيىلىك پوپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى Matiew بولۇپ، خەنزۇچە ئىسمىنى
ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كىشىلەر ئۇنى «ماموشى» (پوپ ما) دەپ ئا-
تايتتى. ئۇ دوختۇرلۇقنى بىلەتتى. مەلۇم بىر ئىبادەت قىلىنىدى-
غان كۈنى مەن دوستۇم يۈلياڭ بىلەن ئىنجىل ئىبادەتخا-
نىسىغا كىرىپ قالدىم. بىز بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پوپنىڭ سۆ-
زىنى ئاڭلىغانلار 7 - 8 لا كىشى ئىدى، جۇغراپىيىلىك تەزكى-
رىدە جەمئىي 16 مۆزىتى بار دەپ يېزىلغان، ئېھتىمال بەزىبىر
مۆزىتلار ئۈرۈمچىدىن باشقا جايغا ئالمىشىپ كەتكەن بولۇشى
مۇمكىن، دېمەك بۇ ھال پوپ خونتىننىڭ ئۇزۇن يىللارغىچە دىن
تارقاتقان بولسىمۇ ھېچقانچە زور ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى
چۈشەندۈرىدۇ. ماموشى قازاقچە تىلنى ئۆگەنگەن ھەم ئىنجىل-
نى قازاقچىغا تەرجىمە قىلغان، ئۇ يەنە دائىم ھارۋىسىنى
ھەيدەپ، ئەتراپتىكى تاغلىق رايونلاردا، قازاقلار ئارىسىدا
دىن تارقىتاتتى. بۇ ھەم بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى. 1928 -
يىللىرى ماموشى قەشقەرگە بېرىپ، قاراقۇرۇمدىن ئۆتۈپ،
ھىندىستان ئارقىلىق لوندونغا بېرىپ، مەخسۇس كۆز دوختۇر-
لىقىنى ئۆگەنگەن، 1931 - يىلى ئۈرۈمچىگە قايتىش سەپىرىدە
قەشقەرگە كەلگەندە مەن قەشقەر يېڭى شەھەردە ئىدىم. ئۇنىڭ
بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتۈم، پوپ خونتىن شۇ سەپەردە
شاڭخەيگە بېرىپ قۇۋلۇق، شۇملۇقلارنى قىلغان. 1932 - يى-
لى باھاردا مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. شۇ يىلى كۈزدە
خونتىن شاڭخەيدىن بىر دانە ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، ئەنگلى-
يىلىك ۋە ئامېرىكىلىق بىر نەچچە پوپلارنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە



كەلدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئامېرىكىلىق پوپ دوختۇرلۇقنى
بىلىدىكەن. 1933 - يىلى 2 - ئايدا قۇمۇل يېغىلىقى ئۈرۈمچى
ئەتراپلىرىغا يېتىپ كەلگەندە مەن رۇخسەت سوراپ سوۋېت
ئىتتىپاقى ئارقىلىق تيەنجىنگە كەتتىم. شۇندىن كېيىن ئاڭلى-
شىمچە ئاق ئورۇسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆلكە ئەسكەرلىرى
ھەر قايسى سەپلەردە جەڭ قىلىپ كۆپ چىقىمدار بولغان،
بولۇپمۇ 3 - ئايلاردا ماجۇڭيىڭ شەھەرگە
ھۇجۇم قىلغاندا ئۆلۈم - يېتىم تېخىمۇ ئېغىر بولغان. شۇ چاغدا
ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بولۇم باشلىقى تاۋمىڭيۈي قاتارلىقلار
بېيمىڭدا دوختۇرخانا قۇرۇپ، ئاق ئورۇس دوختۇرى پېدشىنكوۋنى
تەكلىپ قىلىپ، يارىدارلارنى داۋالاپ قۇتقازغان. يارىدارلار
بەك كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كاتولىك چىركاۋسىنىڭ
پوپى خىللىرپېتىر، ئىنجىل (خىرىستىيان) ئىبادەتخانىسىنىڭ
پوپى ماموشى بىلەن ئامېرىكىلىق پوپلارنى، داۋالاش ئىشىغا
تەكلىپ قىلغان. كاتولىك دىنى بىلەن يېڭى مەزھەپتىكى خى-
رىستىيان دىنى گەرچە ئوخشاشلا خىرىستوسقا (ئەيساغا)
چوقۇنسىمۇ بىراق ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت ئىنتايىن كۈچ-
لۈك بولغاچقا، ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى.
ئالدىنقىسى (كاتولىكلار) خىرىستوس (ئەيسا) نىڭ مەبۇدىغا چو-
قۇنىدۇ، پوپلىرى ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەيدۇ، چىركاۋلارنىڭ ۋە-
قىپ زېمىن ۋە ئۆي - ئىمارەتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ كىرىمىنى راس-
خوت قىلىدۇ. ئىنجىل تامامەن لاتىن يېزىقىدا بولىدۇ. پوپلى-
رى تۆۋەنلە ئىشتىھپار مۇراسىملىرىنى باشقۇرىدۇ؛ خىرىستىيان-

لار دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، مەبۇدىغا چوقۇنمايدۇ. پوپ-
لىرى ئۆيلىنىدۇ. چېركاۋلىرىنىڭ ۋەقىپ زېمىن ۋە ئۆي -
جاي مەنقۇلاتلىرى بولمايدۇ، راسخودىنى شەخسىي ياكى كول-
لېكتىپتىن ئىيانە توپلاپ خەجلەيدۇ. ئىنجىلنى ئۆز دۆلىتىنىڭ
يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشقا يول قويىدۇ، مۇرىتلىرى پوپلىرىغا
تۆۋە - ئىستىغپار ئوقۇمايدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىنجىل شەرھىلى-
رىمۇ ئۆزئارا ئوخشىمايدۇ؛ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭكىنى راس دەپ،
ئۆزئارا ھۇجۇم قىلىشىدۇ. شۇڭا ئۈرۈمچىدىكى كاتولىك چېر-
كاۋسى بىلەن ئىنجىل ئىبادەتخانىسى پوپلىرى، بىر شەھەردە
تۇرۇقلۇق، بىر ياۋروپالىق تۇرۇقلۇق، نەچچە ئون يىللارغىچە
ئۇچراشماي، ئۆزئارا يۈز كۆرۈشمەي ئۆتەتتى. بۇ قېتىم ئۇلار-
نىڭ ياردارلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا بىرلىكتە قاتناشقان-
لىقى، ھەقىقەتەن بىر يېڭىلىق ئىدى. كېيىن پوپ ما بىلەن
ئامېرىكىلىق پوپ كىزىك كېسەلدە ئۆلۈپ كەتتى.

چەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت تەزكىرىسىدە، گۇاڭ-
شۈينىڭ 30 - يىلى (1904 - يىلى) قەشقەردە شىۋېتسىيىلىك-
لەرنىڭ خىرىستىيان چېركاۋسى كونىشەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە
قۇرۇلغان (سەمەندە) ئۈچ ئەر، تۆرت ئايال دىن تارقاتقۇچىلى-
رى بولغان، مۇرىتلىرى جەمئىي 20 نەچچە كىشى ئىدى دەپ
خاتىرىلەنگەن. تەزكىرىنىڭ يەنە بىر يېرىدە قەشقەر كونىشەر-
دىكى چەتئەللىك مۇھاجىرلار ئىچىدە، بىر ئائىلىلىك شىۋېت
ئادىمى بار، ئۇلارنىڭ بەشى ئەركىشى، ئىككىسى ئايال كىشى-
سى بولۇپ، ئارىسىدا بىر ئايال دوختۇر بار، دەپ خاتىرىلەن-



گەن، ئادەم سانىنىڭ ئومۇمىي سانى ئوخشاش چىقسىمۇ، بىراق
يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئۈچ ئەركىشى، تۆرت ئايال كىشى
دېگەن سانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇلاردىن باشقا، يەركەندىكى
چەتئەل مۇھاجىرلىرى ئىچىدە شىۋېتسىيىلىك ئىككى ئائىلە بار
دېيىلگەن. ئۇلارنىڭ بىرسى دىن تارقاتقۇچى (ئەر) بىرسى ئا-
يال (دوختۇر) ئىدى. ئۇلار ئوخشاشلا شىۋېتسىيىلىك ھەمشۇن-
داقلا دىن تارقاتقۇچىلار تۇرسا قانداقسىگە ئىككى ئائىلە دەپ
ئايرىغىلى بولسۇن، ئېھتىمال باسمىدا خاتا قىلىنغان بولسا كېرەك.
تەزكىرىدە يەنە كونىشەردىكى خىرىستىيانلار چېركاۋىنىڭ جەمئىي
20 نەچچە مۇرىتى بار دەپ پۈتۈلگەن. ھەممىگە مەلۇمكى،
قەشقەر ـ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز چوڭ شەھەر ئىچىدە ئەڭ
مەشھۇر چوڭ شەھەر، ھەم ئىسلام دىنى مەركىزى، كونىشەردىكى
چوڭ جامائەتنىڭ قورۇسى، ئىمارەتلىرى سالتەنەتلىك بولۇپ،
كاتتا مەيدان سەيناسى بار، داموللا - ئاخۇنلارنىڭ جەنۇبىي
شىنجاڭدا نوپۇزى ناھايىتى ئۈستۈن، ئۇيغۇرلارنىڭ غەيرى
دىنلارغا ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاتال-
مىش 20 نەچچە مۇرىت دېگىنى خەنزۇنى كۆرسىتەمدۇ ياكى
ئەمەسمۇ؟ ئوچۇق ئېيتىلمىغاچقا، مەنمۇ پەرەز قىلالمىدىم. جۇغ-
راپىيىلىك تەزكىرىدە قەيت قىلىنغان، چەتئەل ئىبادەتخانىلى-
رىنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ تەزكىرىدە پۈتۈلگىنى
بىلەن رېئاللىقتىكى مېنىڭ بىلىشىمچە چاتاق خېلى كۆپ، شەك-
شۈبھىسىزكى، جۇغراپىيىلىك تەزكىرىنى پۈتكۈچىلەر ئەمەلىيەت-
تىن كۆپ چەتنەپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا شىۋېتسىيىلىك مەش-

ھۆر ئالىم سۇن ھېدىن شىنجاڭغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ ساياھەت قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «مېنىڭ تەكشۈرۈش ھاياتىم، ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتاۋىدا خاتىرىلىنىشىچە 1894 - يىلى قىشتا ئۇ — چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدا، چەتئەل تەۋەلىكىدىكى دىن تارقاتقۇچى بىلەن تونۇشقانلىقىنى، ئۇ ئادەم شەھەر ئىچىدە كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇ ئادەم تەنھا ئۆزىلا بولۇپ، سىرتتىكى كىشىلەر بىلەن ناھايىتى كەم ئۇچرىشىدىغانلىقىنى، كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان. يەنە بىر مىسال، مەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ۋاقتىمدا بۇرادەرلىرىمدىن شىۋېتسىيە تەۋەلىكىدىكى بىر ئايال دىن تارقاتقۇچى كۇچاردا ئۇزۇن يىللارغىچە تۇرغانلىقىنى، تۇرمۇشتا تەنھا، يالغۇز، ھەركەتلىرى بەك سىرلىق ئىكەنلىكىنى كېيىنچە شۇ يەردە قېرىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، بۇ ئىككى ئىش جۇڭگونىڭ ھېچقانداق خاتىرە ماتېرىياللىرىدا كورۇنمىگەچكە بۇ يەردە قوشۇمچە قىلدىم.

### 3. شىنجاڭدىكى چەتئەل دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ئاخىرلىشىشى

1933 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان جىن شۇرېن قوغلۇنۇپ شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقتى. ئۇ ئۆزىگە ياتلارنى چەتكە قېقىپ، ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن



يوقلاڭ بانىلار بىلەن بىرمۇنچىلىغان سۈيىقەستلىك زوراۋانلىق دىلولارنى پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەربىي، مەمۇرىي، ئىلىم - ئاقارتىش، سودا - سانائەت ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنى، يەرلىك ئاقساقاللارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك تۇتقۇن قىلدى؛ ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. قاتتىق قىيىن - قىستاق ۋە جەبىر - زۇلۇملاردىن ئېشىپ قالغان ئاز ساندىكى كىشىلەر، شېڭ شىسەي تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن قويۇپ بېرىلدى. بەزى كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىن بولۇپ، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش قاتارلىق ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى يولغا قويغان چېغىدا، ئۈرۈمچىگە ئوخشاش جايلاردىكى چەتئەللىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى جاھانگىرلارنىڭ جاسۇسلىرى دەپ 1939 - يىلى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىغان. بارلىق چېركاۋلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى بىردەك مۇسادىرە قىلىنغان. شېڭ شىسەي ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشىنىڭ ئالدىدىراق، قاماقتىكى دىن تارقاتقۇچىلار بوشىتىلىپ، شىنجاڭدىن كېتىشكە رۇخسەت قىلىنغان ئىكەن. 1944 - يىلى چېڭدۇدىكى چېغىمدا خىللىرىمېتىرنى ئۇچراتقان ئىدىم. ئۇ تۈرمىدە يېتىپ ئازاپلانغانلىقى ئۈچۈن كوز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ، چېڭدۇدىكى فرانسىيە دىنىي جەمئىيىتىنىڭ دوختۇرخانىسىغا داۋالانغىلى كەلگەن ئىكەن، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ كوزى ساقىيىپ لەنجۇدىكى چېركاۋغا قايتىپ كەتكەن ئىدى. پوپخۇنتىن ھەم لەنجۇدىكى چېركاۋدا تۇرۇپتۇ، قالغان دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ نەگە

كەتكەنلىكى نامەلۇم. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدىكى چەتئەللەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرىغا خاتىمە بېرىلگەن ئىدى.

مەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى دىنىي جەمئىيەتلەرنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرى بىلەن ئالاقىلاشقان ئىدىم. كاتولىك دىندىكىلەرنىڭ پوپلىرىدىن چەتئەل تىلىنى ئۆگەنگەنلىكىم تۈپەيلىدىن بېرىش - كېلىش ئىشلىرىم تېخىمۇ قويۇق بولدى، شۇ زامانلاردا، مەن فېئودال، بۇرژۇئازىيىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېتىقادى چىڭ، ئىرادىسى مۇستەھكەم، ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ كېلىپ مۇساپىرچىلىق جاپاسىنى تارتىۋاتىدۇ. دىن ئۈچۈن ئومۇرۋايەت خىزمەت ئىشلەيدىكەن دەپ تونۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىپ يۈرگەن ئىدىم. ئازاتلىقتىن كېيىن ئامىنىڭ پاش قىلىشى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئېلىدىكى جاھانگىرلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى بولۇپمۇ كاتولىك دىنىغا تەۋە بولغان چەتئەللىك دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ تېخىمۇ ئەكسىيەتچى ئىكەنلىكىگە ئوخشاش پاكىتلار، مېنىڭ چەتئەل دىنىي جەمئىيەتلىرىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچەمنى چوڭقۇرلاشتۇردى، بۇ ماقالامدا بۇ ھەقتە كۆپ سۆزلىمەيمەن.

1965 - يىلى 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى

**新疆文史资料选辑4（维吾尔文）**

中国人民政治协商会议新疆维吾尔自治区
委员会文史资料研究委员会编

---

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆7220印刷厂印刷
787×1092毫米32开本10.375印张
1981年4月第1版　1981年8月第1次印刷
印数：1——12,000

---

统一书号：M11098·85定价：0.59元
（内部发行）